# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

20



00735
K294.5
8809

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(20)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (20)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى باسمازاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 8.375
1986 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1987 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M 11098.194
تىراژى: 1 — 6,000
باھاسى 0.65 يۈەن

(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

## مۇندەرىجە

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەشقەر مائارىپىنىڭ قىسقىچە
تارىخى ..........................................ئۆمەر ئەمەت 1
خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مەدەنىي ـ
مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە
....................—........................جاپپار ئەمەت 32
يەكەندە مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى
ۋە تەرەققىياتى ......................ئابدۇرشىت يۈسۈپ 60
كۇچا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا
ئەسلىمە ........ئىمىن مۇھەممەد، ئابلىمىت نىياز 76
گۇچۇڭ ناھىيىسىدە مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەيدانغا
كېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە ..........
ئابدۇقادىر ئابدۇسەمەت ھاجى، ئابلا ئەخمەتنىياز 97
ئاستانە يېزىسىدا يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنىڭ
بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى..........
(تۇرپان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تۈزگەن) 108
يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىن ئەسلىمە
............................................ئىگەم خېلىل 122
ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئىلى مائارىپى ھەققىدە
ئەسلىمە.........................نەسىرىدىن ناسىرى 125
شايار ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ تارىخىدىن قىسقىچە
ئەسلىمە..............................روزى ئىبراھىم 142

گۈما ناھىيىسىدىكى مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە.............. ھوشۇرمەت بارات، تۇرسۇنمەت ھۇسەيىن .............. 150

خوتەندە ئۇيغۇر مەدەنىي - مائارىپى ۋە يېڭىچە ئەدەبىي - سەنئەتنىڭ تۇنجى قېتىم مەيدانغا كېلىشى مەمتىمىن توختى.......................................... 155

كۇچا ناھىيىسىدە ھازىرقى زامان سەھنە (تىياتىر) سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى نىياز مەھمۇت ........................................ 162

قاراشەھەردە دەسلەپكى سانايى نەپىسە ئىشلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە ........................................ ئەيسا مۇسا 186

شىنجاڭدا 30 - يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى خالىق ساقى.......................................... 193

پېشقەدەم كوممۇنىست — يولداش شۇي لياڭ توغرىسىدا ئەسلىمە ...................... ئابدۇلقادىر ھېيت 203

مائارىپپەرۋەر مەرھۇم بەكرى قارىنىڭ مائارىپ پائالىيەتلىرىدىن ئەسلىمە...................... غوپۇر ياقۇپ 218

يەكەندە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان پەننىي مەكتەپ مەتلەئىل ئىرپان ھەققىدە ئەسلىمە...... مۇھەممەت ئابدۇللا 230

ئاقسۇ كونىشەھەر مائارىپ تەزكىرىسى.............................. ئابدۇراخمان مامۇت دىيار.............................. 236

باي ناھىيىسىدە پەننىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ......ئابلىز مۇھەممەد سايرامى 247


# ئازادلىقتىن بۇرۇنقى قەشقەر مائارىپىنىڭ قىسقىچە تارىخىي ئەھۋالى


ئۆمەر ئەمەت


ئازادلىقتىن بۇرۇنقى قەشقەر مائارىپى كونا دىنىي مائارىپ ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى.

1933 - يىلى 11 - ئايدىن بۇرۇن قەشقەردە يېڭى ئىلىم-پەن ئۆگىتىدىغان زامانىۋى مەكتەپ بولمىغاچقا، خەلق ئۆز پەرزەنتلىرىنى خۇسۇسىلار تەرىپىدىن ئېچىلغان دىنىي مەكتەپلەرگە بېرىپ دىنىي بىلىمگە ئىگە قىلاتتى. قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يەكەن، مەكىت، پوسكام، مارالبېشى، پەيزىۋات، ئاتۇش، ئۇلۇغچات، تاشقورغان، يوپۇرغا قاتارلىق 12 ناھىيىدە باللارنى ئوقۇتىدىغان دىنىي مەكتەپ ۋە بىر نەچچە چوڭ مەدرىسە بار ئىدى. شۇنداقلا ھەر قايىسى بەگلىك يېزا رايونلاردىمۇ ئادەتتىكى دىنىي مەكتەپلەر خېلى كوپ ئىدى. قەشقەردىكى پۈتۈن خەلق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن پەرزەنتلىرىگە ئىسلام دىنى ئەقىدەلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن باللىرى يەتتە ياشقا كىرگەن ھامان ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دىنىي مەكتەپكە ئاپىرىپ خەلپىتىم،

موللام دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىغا تاپ -
شۇرۇپ بېرەتتى. دىنىي ئوقۇتقۇچىلار باللارنى يېشى ۋە بىلىمىگە
قاراپ سىنىپقا ئايرىماستىن (دەرۋەقە ئۇ ۋاقىتلاردا سىنىپقا
بۆلۈدىغان ئۇنچە كۆپ ئۆيلەرمۇ يوق ئىدى) بىرئۆيدە 100 دىن
ھەتتا 150 كىچە بالىنى ئولتۇرغۇزۇپ دەرس ئۆتەتتى، بىاكى
موللامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە چوڭ ئوقۇغۇچىلار كىچىك ئوقۇ -
غۇچىلارغا ئايرىم دەرس بېرەتتى.

دىنىي مەكتەپنىڭ ئاساسلىق دەرسى ئىسلام ئەقىدىلىرى -
دىن باشلانغۇچ ساۋات، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ئەرەبچە قۇرئان
سۆزلىرىنى ۋە كىتابلارنىڭ خېتىنى تونۇپ، يادلاپ ئوقۇشتىن
ئىبارەت ئىدى. قۇرئان ساۋاتى چىقىپ بولغانلارنى ئاتا - ئا -
نىلىرى (يېزا - سەھرا ۋە ناھىيە، شەھەرلەردىن) قەشقەر
شەھىرىدىكى خانلىق مەدرىسە، قازان مەدرىسە، ھېيتكا جامە،
ئوردا ئىشىكى، چاپان بازىرىدىكى مەدرىسە، ساقىيە مەدرىسە،
لاي پەشتاق مەدرىسە قاتارلىق چوڭ مەدرىسە ۋە جامەلەرگە
ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرىپ، يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە قىلاتتى.

ئۇ ئوقۇغۇچىلار بىلىم ئېلىش ئۈمىدى بىلەن شەھەرگە
كەلگەندىن كېيىن، بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر 30 پارە قۇرئاننى
ئەرەب قائىدىسى بىلەن تولۇق يادلىۋېلىپ، قارى قۇرئان بولسا،
ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر قۇرئاننى شەرھىلەپ بېرىدىغان تەپسىر
ۋە ھەدىس كىتابلارنى ئوقۇپ، ئەرەبچە، پارسچە تىل ئۆگىنەت -
تى، بۇلار كېيىن ئىمام، خاتىپ، قازى، مۇپتى، بالا ئوقۇ -
تىدىغان خەلپىتىم، مەزىن قاتارلىق دىنىي كەسىپلەر بىلەن
شۇغۇللىناتتى، ئۇلار قەغەز ئۈستىدىكى خەتنى قاراپ ئوقىيالىسىمۇ
مۇتلەق كەپ قىسمى خەت يېزىشنى بىلمەيتتى. ئادەتتە ئۇستاز -
لار، تالىپلارغا خەت يېزىشنى ئۆگەتسە «يامان بولىدۇ» دەپ



خەت يېزىشنى ئۆگەتمەيتتى. تالىپلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى
ئاتا - ئانىلىرى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن كەمبەغەل، ئىقتىسا -
دى ئاجىز كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى باشلانغۇچ دىنىي
مەكتەپتە ئوقۇپ ئاغزى ئىمانغا كېلىپ، ئىسلامىيەتنىڭ باشلان -
غۇچ ساۋاتلىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن شەھەرگە بېرىپ، چوڭ
ئوقۇش يۇرتى — مەدرىسلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي،
ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەمگىكى بىلەن
شۇغۇللىنىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاكىمىيەت بېشىدا
تۇرغان ھۆكۈمرانلار، خەلق بىلىم ئېلىپ كۆزى ئېچىلىپ كەتسە
ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەپ خەلقنى نادانلىقتا
تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مىللىي مائارىپقا قىلچە ئەھمىيەت
بەرمەيتتى. ئەشۇنداق شارائىتتا، ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشاش
ۋەتەن ۋە خەلقپەرۋەر، ئىلغار زاتلار قەشقەر لاي پەشتاق مەدرى -
سىدە يېڭىچە دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، تالىپلارغا ئۆز ئانا
تىلىمىزدا دەرس ئۆتتى. شېئىر ۋە ناخشىلارنى ئاھاڭغا سېلىپ
ئۆگەتتى. ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب يېزىپ نەشىر قىلىپ، خەلقنى
ئويغىتىش، ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە كىرىشتى.
بۇنىڭغا ئەگىشىپ قەشقەر شەھەر قۇم دەرۋازا سۇت - قايماق
كوچىسىدىكى ئىمىن ھاجى خەلپىتىم (ھاموت ئىمىنوفنىڭ
دادىسى)، ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم، جانان كوچىسىدىكى تۇردى
ھاجى خەلپىتىم، قۇملۇقتىكى قاسىمھاجى خەلپىتىم، ئوردا ئالدى -
دىكى تۇرغۇن ئاخۇن خەلپىتىم، توققۇز تاشتىكى كەنجى ئاخۇن
خەلپىتىم، ھەزرەتتىكى سىدىق ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلار ئۆزى
مەسئۇل بولۇپ ئوقۇتىدىغان دىنىي مەكتەپكە پارتا - ئورۇندۇق
قاتارلىقلارنى ياسىتىپ، تالىپلارنىڭ يېڭىچە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىشىغا

ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى (ئىلگىرى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدىلا يەردە ئىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى)، تالىپلارغا شېئىر، ناخشا ئۆگىتىپ، سەپكە تىزىپ، كوچىغا ئېلىپ چىقىپ رەتلىك يۈرۈش قىلدۇرۇپ، دىنىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇش تۈزۈمىگە يېڭىچە ئىسلاھات كىرگۈزدى. بۇنداق ئىشلار شۇ چاغدىكى خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئاجايىپ يېڭىلىق بولۇپ تەسىر قىلغاچقا ئۇلارنى ھاياجانغا كەلتۈرگەنىدى. لېكىن ئايرىم مۇتەئەسسىپ كىشىلەر بۇ يېڭىلىققا قارشىلىق بىلدۈرۈپ «جەدىت» (دىنسىزلار) دەپ ئاتاشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ قارشىلىقى يېڭىلىققا تەشنا بولۇۋاتقان تالىپلارنىڭ ئالغا بېسىشىنى توختىتالمىدى.

18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ زالىم چىڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى قالدۇق مۇستەبىد كىنەزلىكى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي - مائارىپ جەھەتتە دەھشەتلىك ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشقا باشلىدى.

1931 - يىلى 3 - ئايدا خوجىنىيازھاجى باشچىلىقىدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئوت يالقۇنلىرى قەشقەرگىمۇ يېتىپ كەلدى.

1933 - يىلى 12 - ئايدا قەشقەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، زىرىپ قارى ھاجى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلار خەلقنى نادانلىق، ساۋاتسىزلىق بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ يېڭى زامان پەن، تەرەققىياتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، «ئۇيغۇر خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»نى تەسىس قىلدى. يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا كىرىشتى ۋە ئۇنىڭ جان تومۇرى بولغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى



يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇ كۈنگىچە ھېچكىم قىلىشقا پېتىنالمىغان مازار، مەسچىت، مەدرىس، جامەلەرنىڭ ۋەخپە يەر كىرىمىنى ۋە ئۆشرە - زاكات، قۇربانلىق سويۇلغان قوي تېرىلىرى قاتارلىقلارنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن باشقۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن ئىقتىسادىي كىرىملەرنى يېڭى مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا سەرپ قىلىشنى قارار قىلىپ بېكىتىپ بەردى. مائارىپ ئىدارە باشلىقلىقىغا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە كېرىمخانلار بەلگىلەندى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە يېڭى بىر مائارىپ دەۋرى باشلىنىپ كەتتى.

1933 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەدرىس - جامەدە ئوقۇۋاتقان چوڭ تالىپلار ۋە جەمئىيەتتىكى بەزى ساۋاتلىق كىشىلەرنى، شۇنداقلا دىنىي مەكتەپنىڭ خەلپەتلىرىنى يىغىپ قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر تەييارلاش كۇرسى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. نوبېشىدىكى بۇتخانىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى مەكتەپ سېلىندى. ئەنجان كوچا، پاخال بازىرى، دۆغبەك كۆلبېشى، قوناق بازىرى قاتارلىق 5 - 6 ئورۇندا يېڭى مەكتەپ قۇرۇلدى. شۇنداقلا ھەر قايسى يېزىدىكى بەگلىك رايونلاردا، دەسلەپتە بىردىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇنى كۆرگەن شۇ چاغدىكى ئىلغار كىشىلەردىن توختى ھاجى ئۆزى يېنىدىن پۇل چىقىرىپ قىزىل دۆۋىگە 5 سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ سالدى. ئۆمەر داموللا، يۇنۇس قازى ئوپال بازىرىغا 7 سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدى. مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشقا بىر مەكتەپ سالدى. ئەمەتبەگ ھاجى تازغۇن رايون كېرەملە كەنتىگە 10

سىنىپلىق بىر يېڭى مەكتەپ سالدى. مۇقارى هاجى ياپچان
ئەرمىدۆڭگە 5 سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدى. بەشكېرەم چۆم-
بۇسقا بىر مەكتەپ سالدى. قادىر هاجىم، ئىبراھىم
لوزۇڭ ئاپپاق غوجامغا بىر مەكتەپ سالدى. شۇنداق قىلىپ
بىر يىل ئىچىدە كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يەكەن، پوسكام، مەكىت،
مارالبېشى، پەيزىۋات، يوپۇرغا، ئاتۇش، ئۇلۇغچات قاتارلىق
ناھىيىنىڭ شەھەر ۋە بەگلىك يېزىلىرىغا ئارقىمۇ-ئارقا
يېڭى مەكتەپلەر سېلىنىشقا باشلىدى. مەكتەپ سېلىنمىغان
جايلاردا دىنىي مەكتەپ ئورنىنى يېڭى پەننىي مەكتەپكە
ئۆزگەرتىپ، خەلپىتىم بىلەن تالىپلار ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆت-
كۆزۈۋېلىندى. بۇنىڭغا ھېچكىممۇ قارشىلىق قىلمىدى،
بەلكى ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىدىن ھەر قايسى مەكتەپلەرگە قىسقا مۇددەتلىك
مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان مۇئەللىملەرنى
بەلگىلەپ ئەۋەتتى، بۇ مۇئەللىملەر جاي-جايلاردا كەڭ دا-
ئىرىلىك تەشۋىق-تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئو-
قۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىپ
ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ يېڭى مەكتەپلەر
جەمئىيەتتە بارغانچە ياخشى تەسىر قوزغىغاچقا ھەتتا ئوقۇش-
سىز قالغان ۋە 25 ياشقا كىرگەن ياشلارمۇ ئۆزلۈگىدىن
تەلەپ قىلىپ كېلىپ يېڭى مەكتەپكە كىرىشكە ۋە ئوقۇشقا
باشلىدى. جۈملىدىن ھەر قايسى يۇرتنىڭ نوپۇزلۇق مۆتىۋەر
كىشىلىرى، بەگلەر، يۈز بېشى، ئاقساقاللارمۇ يېڭى مەكتەپكە
يېقىنلىشىپ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىشقا باش-
لىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلىرى،



مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەسىلىلىرى، مۇئەللىملە-
رنىڭ ئولتۇرۇشلۇق ئۆي-جاي مەسىلىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزلۈ-
كىدىن ھەل قىلىپ بەردى. جۈملىدىن مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش
جابدۇقلىرى، پارتا-ئورۇندۇق قاتارلىقلىرىنى ئۆزلۈكىدىن
ياسىتىپ بېرىشتى. شۇنداق قىلىپ مەكتەپمۇ ئوقۇغۇچىلار
بىلەن تولدى. شەھەر ۋە يېزىلاردا يېڭى بىر مەدەنىيەت بەرپا
قىلىنىپ، ۋەزىيەتتە يېڭى بىر ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى.
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسى ئەينى ۋاقىتتا يېڭى مائارىپقا يېتەكچىلىك قىلى-
دىغان ھوقۇقلۇق بىر ئورگان بولۇپ، مەدەنىي-مائارىپنىڭ
بارلىق ئىقتىسادىي كىرىم-چىقىملىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇ-
رۇشقا مەسئۇل ئىدى. شۇنىڭدەك مەكتەپنىڭ تۈرلۈك جاھاز-
لىرىنى ياسىتىش، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ
مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىش، ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى
ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ
بېرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇيۇشما رەھبەرلىك
قىلاتتى. ئۇيۇشما بىرەر مۇئەللىمنى يىراق بىر ناھىيىلەرگە
ۋە چەت يېزىلارغا ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلىسە، ئۇ مۇئەللىممۇ
بۇ خىزمەتنى ھېچ قانداق ئىككىلەنمەستىنلا ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى.
مەسىلەن: ئۇيۇشمىدىن ئەبەيدۇللا ئەپەندىنى تاشقورغان ناھى-
يىسىنىڭ مۇئەللىملىكىگە بەلگىلىگەندە، ئۇ دەرھال قوبۇل قىلىپ
ئېلىپ 10 نەچچە كۈن تۆگە بىلەن يۈرۈپ، تاشقورغانغا يې-
تىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە تاجىك خەلقىنىڭ پەرزەنت-
لىرىنى تەربىيىلەپ داڭدار ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغاندى.
ھازىرقى تاجىك كادىرلىرىنىڭ تولىسى ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئەبەيدۇللا
ئەپەندىدە ئوقۇغان زىيالىيلاردۇر.

1935 - يىلىدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ناھىيىلەردە، ناھىيىلىك بەگلىك رايونلاردا شۆبە ئۇيۇشمىلارنى قۇرۇپ، ئۇيۇشمىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇردى. مەسىلەن: قوغان، سەمەن، بەشكېرەم، ئاۋات، توققۇزاق، بۇرۇختاي (بولاقسۇ)، ئوپال، تاشمىلىق رايونلىرىدا بىردىن شۆبە ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ، بەگلىك رايون تەۋەسىدىكى 15 - 20 مەكتەپنى شۇ تارماق ئۇيۇشما ئارقىلىق باشقۇرۇپ كەلگەن. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئۇيۇشما ئۆز تەۋەسىدىكى ياندۇرما، تازغۇن، ياپچان، خانېرىق قاتارلىق بەگلىك رايوندا بىردىن تارماق ئۇيۇشما تەسىس قىلىپ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇپ كەلگەن. باشقا ناھىيىلەردىمۇ بىردىن تارماق ئۇيۇشمىلار قۇرۇلۇپ ھەممىسى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى بېجىرىپ كەلگەن.

قىرغىز خەلقى قەشقەر قوۋم دەرۋازىدا (ھازىرقى پوچتا تېلېگراف مەكتىپىنىڭ ئورنى) 1934 - يىلى ۋىلايەتلىك قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، قىرغىز خەلقىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئابدۇقادىر توختاروپ، مۇھەممەت ھەسەن تۆرەقۇللار بۇ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىنى ئىلگىرى - كېيىن ئۈستىگە ئېلىپ ئۇلۇغچات، ئاقچى، ئاقتۇ، قاراكېچىك، تاشقورغان، ئۆز نۆۋىتى بويىچە قادىر ئاتىش ئېسەن كەلدى، تۇرغان قوچامباي، قاراجول تىگىرمەنتى، ئويتاغ كۆككوي قاتارلىق جايلاردىكى قىرغىز چارۋىچى خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنى تەشكىل قىلىپ، يېڭى ئىلىم - پەن ئۇرۇقىنى قىرغىز خەلقى ئارىسىغا چاچقان. كېيىن مۇشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان قىرغىز پەرزەنتلىرىدىن ئالىمقان، مۇھەممەت ھەسەن تۆرەقۇل، ئاۋاز قوتى، مۇھەممەتجان، ماتى، ماتىش قاتارلىق ياشلارنى بىرىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، پۈتۈن ئوقۇش خىراجىتىنى ئۇيۇشما ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ تەربىيىلىگەنىدى.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئىشلەۋاتقان تاھىر ئىسرائىل قاتارلىق پېشقەدەم قىرغىز كادىرلىرى شۇ چاغدا تەربىيىلىنىپ چىققان بىرىنچى ئەۋلاد ئوقۇغۇچىلاردۇر.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، بارلىق بۇتخانىلارنىڭ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ئۇ خەنزۇ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىناتتى ۋە نۇرغۇنلىغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆزىگە بېقىنىدىغان قاراشلىق 6 شۆبە ئۇيۇشمىسىدىن يىلىغا ئۆشرە ھېسابىدا تۆت مىليون جىڭغا يېقىن ئاشلىق، يۈزمىڭدىن ئارتۇق تېرە - ئۈچەي يىغىۋالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئاپئاق غوجا مازىرىنىڭ 16 مىڭ مو، چاپان بازىرىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ 5 مىڭ مو، ھېيتكا جامەنىڭ 3 مىڭ مو، ئاق مازار، يۈسۈپ قادىرخان مازىرى، سۆگەللىك مازار، ئارسلانخان مازىرى، مىراق باقشى ئاتام، قۇتبىددىن غوجام، شام پاششا، خوجا باغ غوجام قاتارلىق چوڭ - كىچىك مازارلارنىڭ 100 مىڭدىن مىڭ موغىچە ۋەخپە يەر زېمىنلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىجارە ئاشلىقى، دۇكانلىرىنىڭ ئىجارە پۇللىرى ئۇيۇشمىغا كىرىم بولاتتى. بۇ غايەت زور مەبلەغ ئىدى. ئۇيۇشما يۇقىرىدىكى ۋەخپىلەردىن خەۋەر ئالىدىغان ئاخۇن، شەيخلەرگە ۋە ئۇنى يىغىپ ئۇيۇش-

مىغا تاپشۇرىدىغان ئاشىر ۋە مۆتىۋەرلەرگە مۇۋاپىق تۇرمۇش راسخوتى بېرەتتى. بۇ كىرىم ئەڭ ئاساسلىقى مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن مائارىپ راسخوتى قىلىپ تارقىتىلىپ بېرىلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشما باشقۇرۇدىغان 2500 سىنىپتىن ئۇششۇق مەكتەپتە 3000 دىن كۆپرەك مۇئەللىم ۋە خىزمەتچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن 200 جىڭدىن 600 جىڭغىچە ئاشلىق (مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇغداي) تارقىتىپ بېرىلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئويۇشمىغا قارايدىغان مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققى مۇقىم، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى خېلى ياخشى ئىدى.

ئۇيغۇر ئويۇشمىنىڭ ئىقتىسادىي — مەبلەغ جەھەتتە قولى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي خەيرىيەت ۋە قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىق ئىشلارنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ياردىمىگە، جەمئىيەتنىڭ ھېسداشلىقىغا ئىگە بولغان. كوچا - بازارلاردا ئىگە - چاقىسىز قالغان ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم - يېتىمەكلەر ئۈچۈن ياۋاغدا دارىلئېتام مەكتىپىنى قۇرۇپ 300 دىن ئارتۇق بالىلارنى پۈتۈن تەمىنات بىلەن تەمىنلەپ ئوقۇتۇپ تەربىيىلىگەنىدى. بۇ مەكتەپنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مۇدىرلىقىنى ئەبراز ئاكا ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان يېتىم - يېسىر بۇ كىشىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، تەربىيىلىنىپ چىققان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇيغۇر ئويۇشمىسى قارايدىغان كىشىسى يوق يېتىم - يېسىرلەر، ئاجىز- مىيىپ ئادەملەر، تىلەمچىلەر قاتارلىق كىشىلەرگىمۇ غەمخورلۇق قىلىپ ئۇلارنى قوتقۇزۇش يۈزىسىدىن ياۋاغ دەرۋازا تېشىدا بىر دارىلئاجىزىن



قۇرۇپ، ئۇلارنى يىغىۋېلىپ، ياتاق، ئورۇن - كۆرپە، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلىدى. مەخسۇس دوختۇرلارنى بەلگىلەپ، كېسەللەرنى داۋالىدى. شۇنىڭ بىلەن كوچا - بازارلاردىكى يېتىم - يېسىر ئاجىزلار ئازايدى ۋە بۇلارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

1935 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قاراشلىق ناھىيىلەردىكى شۆبە ئويۇشمىلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يېزا - قىشلاقلاردىمۇ ئارقىمۇ- ئارقا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى تەشكىل قىلىنىشقا ۋە ياش، ئۆسمۈر ئوغۇل - قىزلار بەس - بەستە مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، قەشقەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپ تەرەققىياتىدا ئاجايىپ بىر يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن جەمئىيەتتىكى تالانتلىق زىيالىلارنى ئىزدەپ تېپىپ مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىملىكىگە ئورۇنلاشتۇردى. مەسىلەن: مەجىدىدىن ئەپەندى، ھېسامىدىن ئەپەندى، يۈسۈپ ئەپەندى، مەمتىلى ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى قاتارلىق يېڭى ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى بايقاپ، ئەڭ ئاۋۋال ئېچىلغان نوبېشى مەكتىپىنىڭ مۇئەللىملىكىگە بەلگىلىدى. بۇلار «مۇئەللىم» لىكتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا ئانا تىلى، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، شېئىر قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇتتى. شېئىر ئوقۇتۇپ، كوچىلاردا مەشىق قىلىپ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يېڭى مەكتەپكە جەلپ قىلدى. باشقا ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاق مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىمۇ نوبېشى مەكتىپىگە كېلىپ، تەنتەربىيە، گىمناستىكا ئويناش، شېئىر ئوقۇش،

دۇمباق - بارابان چېلىش قـاتـارلىقلارنى ئۆگـىنىپ ئۆز مەكتەپ-
لىـرىدە يولغا قويدى. ئۇلارمۇ يۇقىرقىدەك ئۇسۇللار ئـارقىلىق
يېڭى مائارىپ، يېڭى مـەكتەپـنى تەشۋىق قىلىپ خەلق ئاممە -
سىنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كـۆزىنى ئـاچتى. شـۇنداق
قىلىپ ئوقۇش - ئـوقۇتۇش ئىشلىرى كـۈندىن - كـۈنگە راۋاج -
لىنىشقا بـاشلىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەكتەپلەرنىڭ كۆپىيىشى، ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى، مۇئەللىملەرگە بولغان ئېھتىياجىنىڭمـۇ كۈچەيگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، 6 ئايلىق يـاكى بـىر يىللىق مۇددەت بىلەن مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كـۇرسلىرىنى ئـاچتى. بـۇ كـۇرسلارغا ھېـسامىددىن ئەپەندى، مـەجىددىن ئـەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى، سالاھىددىن ئەپەندى، ئابدۇقادىر سـەئىدى، زىياۋۇدۇن مـەخسۇم قـاتـارلىق زىيالىلار مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلىنىپ دەرس ئۆتۈپ بەردى. كـۇرسانت-لارنىڭ دەپتەر - قەلەم، ياتاق - تاماق قاتارلىق ئوقـۇش خىرا-جەتلىرى، مۇئەللىملەرنىڭ ئايلىق مۇئاشى قاتارلىقلارنىڭ ھـەمـ-مىسىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، يـۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىرىملەردىن چىقىم قىلىپ تۇردى.

بۇ چاغدا قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇ-نىڭ غەلىبىسى قـەشقەرگىمۇ يېتىپ كېلىپ، يـۇمۇلاق شـەھەردە ھەربىي قوماندانلىق شتابىمـۇ قـۇرۇلغاندى، مـەھمـۇت سىد-جاڭ قەشقەر مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپكە ماددى ۋە مـەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئـابدۇراخمان



مۇھىتى، سەيپىددىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، ئابلىمىت مەخسۇتوپ، ئەيسا نىياز، مۇھەممەت يۈسۈپ جالالىدىنوپ، ئابلا زۇ-نۇنوپ، قاسىم پەرسايوپ، ئىسمايىل ھەمزۇللايوپ، مۇسا ھاجىيوپ، خەلپەت سۇزۇك ھـاجىيوپ، ئـابدىرائوپ ئـەخمىدى، ئـابلىمىت ھاجىيوپ، ئابدۇقادىر توختاروپ، لېتىپ توختايوپ، تـۇرغان قا-تارلىق بىر قـانچىلىغان يـاشلارنى قـەشقەرنىڭ ھـەر قـايسى مەكتەپلىرىدىن تاللاپ چىقىپ، سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن تېخنىكىسى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما بۇلارغا چەت ئەلگە چىققاندا كىيىشكە لازىملىق قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلەر (بوبىرىك پەلتو، سارجا كاستۇم - بۇرۇلكا، خۇرۇم ئۆتۈك، يىپەك كۆڭلەكلەر) ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى يولغا سالدى. ئۇلار قەشقەردىن ئاتلىنىق چىقىپ چۆل - جەزىرىلەرنى كېسىپ، تۇرۇغۇنلىغان جاپا - مۇشەق-قەتلىك سەپەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەركەشتام ئوش بىلەن ئەنجانغا بېرىپ، ئاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ تاشكەنتكە يېتىپ باردى ۋە بەلگىلەنگەن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. جۈملىدىن يەنە تۇرسۇن ئېلى، ئابلەت ئوشۇروپ، ئۆمەر تۇردىيوپ، ئابدۇلھەق ئەزىزى، ئەمەت تۇردى، ئابدۇ-باقى ئابباسوپ، ئەمەت ئۆمەر، ھامىت مەھمۇت، ئىلياس يۇنۇس قاتارلىق 200 نەچچە ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىن ۋە گىمنازىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۇلارنىمۇ تېگىشلىك خىراجەت، كىيىم - كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەپ، داغدۇغىلىق ھالدا ئۇزىتىپ قويۇش بىلەن بىللە، يول ئۈستىدىكى ۋىلايەت، ناھىيە ئۇيغۇر ئۇيۇش - مىلىرىغا ئوقۇتۇرۇش قىلىپ، بۇلارنىڭ بەزى قىيىنچىلىقلىرى

بولسا ھەل قىلىپ بېرىشلىرىنى تاپىلىدى. ئۇ چاغدا قەشقەر - ئۈرۈمچى يولىدا تاشيول بولمىغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار يارىيا ھارۋىلارغا ئولتۇرۇشۇپ قەشقەردىن چىقىپ كۈن چىقىشقا قاراپ، ياندۇرما، شاپتۇل، پەيزىۋات - ئۆدەكلىك، غولتوغراق، قاراقىلچىن، مارالبېشى، كەلپىن، ئاقسۇ يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەر، باي، كۇچا، توقسۇ، بۈگۈر، كورلا، قاراشەھەر، توخسۇن، داۋانچىڭ قاتارلىق ۋىلايەت - ناھىيىلەرگە يېتىپ بارغاندا ۋالىي مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قاتارلىق ئىدارە ئورۇنلار قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ تۇردى. ئات ھارۋا كولىكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشتى. بۇلار قەشقەردىن ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ 1600 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى بىر نەچچە ئاي مېڭىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇللا داموللام قاتارلىقلار ئۆزلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىش بىلەن چوڭ زىياپەت بېرىپ قارشى ئالغان. ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك گىمنازىيە ۋە ھەربىي مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىپ رەسمىي ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇلار 3 يىل جەريانىدا تىرىشىپ ئوقۇپ بەلگىلىك بىلىم ئالغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى ۋە ئۇ يەرلەردە يېڭى مەدەنىي - مائارىپ ئۇرۇقىنى چېچىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپىدا يېڭىدىن - يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇھىم كادىرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇ چاغدا دارىلمۇئەللىمىن ۋە گىمنازىيە قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىدۇر.



00735

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتى ۋە ھەممە مەكتەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەۋاتقان پەيتتە، 1936 - يىلى قەشقەردە ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭغا سابىت ئەپەندى باشلىق بولۇپ بەلگىلەندى. شۇندىن باشلاپ مائارىپقا رەھبەرلىك قىلىش ئىشى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى. ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىلگىرى ئۇيۇشما باشقۇرۇپ كەلگەن شەھەر ئىچىدىكى نوبېشى باشلانغۇچ مەكتەپ، ئەنجان كوچا قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپ، قوناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتەپ، دورغا بەك كۆل بېشى قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپ، ھەزرەت باشلانغۇچ مەكتەپ، خانئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ، ئاۋات باشلانغۇچ مەكتەپ، توققۇزاق بازار باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوپال باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق 10 باشلانغۇچ مەكتەپنى ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما بۇ مەكتەپلەرنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتىدا مەكتەپنىڭ بارلىق ئىمارەتلىرىنى تولۇق رېمونت قىلىپ، پارتا - ئورۇندۇق قاتارلىق جاھازلارنى تولۇقلاپ «ھەممىنى تەل» قىلىپ بېرىپ، مەكتەپنىڭ پۈتۈن ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ھەر قايسى ناھىيىلەردىمۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ ناھىيىلەرنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى مەكتەپلىرىمۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈن مالىيە - ئىقتىسادىي خىراجىتىنى ھۆكۈمەت ئۈستۈنلەي

ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇندىن باشلاپ مەكتەپلەر «خۇيلى» (ئۇيۇشما قارمىقىدىكى) مەكتەپ، «شەنلى» (ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى) مەكتەپ دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. مەكتەپلەرنى ئىلگىرى ئۇيۇشما ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئاشلىق (بۇغداي ۋە قوناق) تارقىتىپ بېرىلگەچكە ھەممە مۇئەللىملەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. مەكتەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن پۇل بېرىلىدىغان بولدى. بۇ چاغدا پۇلنىڭ قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئەرزان بولغانلىقتىن ئىش ھەققىگە پۇل ئالىدىغان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئاشلىق ئالىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئارىسىدا خېلى پەرق ھاسىل بولۇپ قالدى. مەسىلەن، ئاشلىق ئالىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئايلىق مائاشىغا بېرىلگەن ئاشلىق بىر ئايدا 400 جىڭ بولۇپ، پۇلغا سۇندۇرغاندا 15 سەر كۈمۈش تەڭگىگە باراۋەر ئىدى. ھالبۇكى ئىش ھەققى ئۈچۈن پۇل ئالىدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا ھەر ئايلىق مائاشىغا 60 دوللار قەغەز پۇل بېرىلىپ كۈمۈش ھېسابىدا 30 سەر كۈمۈش تەڭگىگە توغرا كېلەتتى. ئەنە شۇ سەۋەبلىك ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تولىسى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەردە ئىشلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. 1948 - يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىككى خىل مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىمۇ تاناسىپ بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى بۇ چاغدا جەمئىيەتتە پۇل پاخاللىقى يۈز بېرىپ، بانكىدىن تارقىتىلغان پۇللار يۈز-



يۈزلىكتىن بىر مىليون يۈەنگىچە يېتىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئايمۇ-ئاي بېرەلمەي 3 - 4 ئايدا ئاران بىر قېتىم بېرىپ تۇرۇدىغان ئەھۋالدا قالغىنى ئۈچۈن، بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئىنتايىن قىيىن بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپ مۇئەللىملىرىنىڭ ئىش ھەققىگە ئوخشاشلا ئاۋۋالقىدەك نەق ئاشلىق بېرىلىپ تۇرۇۋەردى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى بىر قىسىم مەكتەپلەرنى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈكى بىر ئاز يېنىكلىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇيۇشمىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ھېچقانداق يېنىكلىمىدى. چۈنكى جەمئىيەتتە داۋاملىق ئۆسۈپ، ئوقۇش يېشىغا يېتىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنى داۋاملىق ھالدا مەكتەپكە قوبۇل قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە. مانا بۇنداق ۋەزىپە ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىدى.

1935 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشما قەشقەر شەھەر ئوردا ئىشىكىدە 10 سىنىپلىق بىر دارىلمۇئەللىمىن، ئەنجان كوچىسىدىكى ئابدۇللا بايۋەتچىنىڭ قورۇسىدا 5 سىنىپلىق دارىلمۇئەللىمىن (قىزلار سىفەن مەكتىپى) قۇردى. ئوقۇغۇچىلىرىنى لەيلى (مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغانلار)، ناھارى (كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيىگە قايتىپ كۈندۈزى كېلىپ ئوقۇيدىغانلار) دەپ ئىككىگە بۆلۈپ، لەيلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق- تاماق، ئورۇن - كۆرپە قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش خىراجەتلىرىنى ئۇيۇشما ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ناھارى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيۇشما قەرىپىدىن دەپتەر - قەلەم ئېلىپ بەرسىمۇ، قالغان ئوقۇش خىرا-

جەتلىرىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۈستىگە ئالغانىدى.

1938 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننى ھۆكۈمەت ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ۋە قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى باشقۇردى، مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي خىراجىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا نۇرىدىن قارىنى بەلگىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئوتتۇرا مەكتەپ پەيدا بولدى. كېيىن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نەزەرباغقا (ھازىرقى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئورنى) 50 ئوقۇغۇچى سىغىدىغان 10 سىنىپلىق ئۆي، 500 كىشىلىك چوڭ زال، 20 ئوقۇغۇچى ياتالايدىغان 25 ئېغىزلىق ياتاق ئۆي؛ ئىشخانا - ئىدارە، ئاشخانا قاتارلىقلارنى سېلىپ دارىلمۇئەللىمىننى شۇ ئورۇنغا يۆتكىدى. ئىمارەت ئۆيلىرى ئۈستى قەلەيلەر بىلەن يېپىلغان، سىنىپلار تاختايلىق، دېرىزىلىرى چوڭ، يورۇقلۇق يېتەرلىك چۈشىدىغان قىلىپ زامانىۋى ئۇسۇلدا ياسالغا بولۇپ، بۇ ئەينى زاماندا قەشقەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى.

بۇ مەكتەپكە كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يەكەن، پوسكام، يېڭىسار، مەكىت، مارالبېشى، پەيزىۋات، يوپۇرغا، ئاتۇش، تاشقورغان قاتارلىق 12 ناھىيىدىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك ئوغۇل - قىزلىرىدىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ 3 يىلدىن ئوقۇپ، مائارىپ ئىدارە ۋە ئۇيۇشمىنىڭ تەقسىماتى بويىچە ھەر قايسى جايلارغا مۇئەللىملىك خىزمىتى ئۈچۈن ئەۋەتىلەتتى.



جۈملىدىن ئۇ چاغدىكى شارائىتتا ئوغۇللار بىلەن قىزلارنى ئايرىپ ئوقۇتىدىغان بولغاچقا، ئەنجان كوچىسىدىكى 5 سىنىپلىق (250 كىشىلىك) قىز ئوقۇغۇچىلار يېتىپ ئوقۇيدىغان بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇتۇلاتتى. كېيىن بۇ مەكتەپنىمۇ ئاق ئوردىغا يېقىندىن ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا سېلىپ كۆچۈرۈپ ئاپاردى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى، جۈملىدىن بارلىق مەمۇرىي خىراجەتلىرى ۋە تەشكىلىي ئىشلىرىغا نەزەرباغ دارىلمۇئەللىمىن مەسئۇل بولغان بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئابدۇقادىر سىدىقى، نۇرىدىن قارى، تۇرسۇن ئېلى، ئابلا زۇنۇن، ئابدۇرېھىم ئەھمىدى، ئابدۇرېھىم تۇردى قاتارلىق زىيالىلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان. جۈملىدىن تاشكەنت ۋە ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلگەن يۇقىرى بىلىملىك زىيالىلاردىن ئوبۇلقاسىم سېيىت ، ئابلەت ئوشۇرۇپ، ئۆمەر ئەھمىدى، ئابلەھىمىت ئېلى، ئابدۇقادىر ھىسامىدىن، ساۋۇت كەنجى، ئابدۇقادىر يۈسۈپ، مەھمۇت مالىك، ئابدۇقادىر كەنجى، سەمەر ھۈسەيىن، ئابدۇرېشىت تۇردى، ئەمەت ئىمىن، سەيدۇللا تۇردى، ھامىت سابىر، تۇرغۇن ئالماس، نىزامىدىن سالىيوپ، ياسىن سەيدىن، مەمتىلى ئىمىنوپ، سەلىمە تالىپ، سادەت ئېلى، ئېزىزە كېرەم، سەيپىدىن مۇھەممىدى، ئىسمايىل سابىر، ئىبراھىم ئېلى قاتارلىق زىيالىلار ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. دارىلمۇئەللىمىن بىلەن دارىلمۇئەللىماتنىڭ ئورۇنلاشقان ئورنىنىڭ ئارىلىقى 3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول بولسىمۇ، يۇقىرىدىكى مۇئەللىملەر پىيادە بېرىپ - كېلىپ دەرس ئۆتۈشكەندى. شۇنداق قىلىپ مەزكۇر زىيالىلار

ئۆزلىرى ئوقۇتقان ئېغول - قىز ئوقۇغۇچىلىرى ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يىراق بولۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ئىلىم - پەننىڭ يورۇق نۇرىنى چېچىپ، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇشتا ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقان.

1942 - يىلى دارىلمۇئەللىمىن ئىچىدە يەنە 3 سىنىپلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ تەشكىل قىلىنىپ، بۇنىڭدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى دارىلفۇنۇنغا ئەۋەتىپ بېرىلدى، قالغان قىسمى ناھىيىلەرگە مۇئەللىملىك خىزمىتىگە بەلگىلەندى.

1942 - يىلى يەنە قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە نەزەرباغدا بىر كەسپىي مەكتەپ (تېخنىكوم) ئاچتى. بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى مۇھەممەت رەھىم ئاخۇن بولۇپ، مۇھەممەت يۈسۈپ، ئېلى روزى، تۇرسۇن مۆمىن، ئابدۇقادىر قاتارلىقلار شۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى بولغانىدى. بۇ كەسپىي مەكتەپ قەشقەردە توقۇمىچىلىقنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان تۇنجى ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ بىلىملىرىدىن دەرس ئالاتتى. ھۈنەر - سانائەتتە گۈللۈك يىپ ئەدىيال، يىپەك، شايى، ئەتلەس، بەقەسەم ۋە گىلەم توقۇش كەسپلىرىنى ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە تۇرمۇش خىراجەتلىرىنى توختىتىپ قويماسلىق شەرتى بىلەن 6 ئايلىقتىن بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىپ، ھەر قېتىمدا 150 نەپەردىن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ بېرىپ تۇردى. بۇنداق نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش تاكى ئازادلىققا قەدەر داۋاملىشىپ تۇردى.



1941 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تاجىك چارۋىچى خەلقلىرىنىڭ كۆچمەن ھالىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، قەشقەر نەزەرباغدا ئۈچ سىنىپلىق بىر تاجىك باشلانغۇچ مەكتىپى ئېچىپ بەردى. بۇنىڭ مۇدىرى قۇربان دۆلەت بولۇپ، تاشقورغاندىن 150 نەپەرگە يېقىن تاجىك ئوقۇغۇچىلىرىنى قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىپ، پۈتۈن تەمىناتى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئوقۇتۇشقا باشلىدى. بۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان تاجىك ئوقۇغۇچىلىرى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن، ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن، ھەربىي مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرىلدى. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئىشلەۋاتقان زۇلال ياقۇپ قاتارلىق پېشقەدەم تاجىك كادىرلىرى ئەنە شۇ مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن پامىر ئېگىزلىكىگە ئىلىم - پەن ئۇرۇقىنى چاچقان زىيالىلاردۇر.

1940 - يىلى قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما نەزەرباغدا 40 كىشىلىك «بالىلار جەمئىيىتى» قۇرۇپ، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ باشلىقلىرى ۋە ساز، تەنھەرىكەت، سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى تاللاپ كېلىپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ مەسئۇللىقىدا ياتاق - تاماق ۋە باشقا تەمىناتلىرىنى بېرىش بىلەن مەخسۇس تەربىيىلىدى. بۇلار مەلۇم مۇددەت تەربىيىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن (يەنى ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، تەنھەرىكەت تۈرلىرى قاتارلىقلارنى) ئۆز مەكتەپلىرىگە قايتىپ بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئومۇميۈزلۈك ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەردىمۇ ئەدەبىي - سەنئەتتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتى بولغان يېڭى بىر روھ قىزغىن كەيپىيات بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن ئەينى

ۋاقىتتا ھەر يىلى بايرام تەرىقىسىدە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان «12 - ئاپرېل بايرىمى» كېلىش ئالدىدىن ھەممە مەكتەپلەردە چوڭ تەييارگەرلىك ئېلىپ بېرىلىپ، تەنھەرىكەت ئويۇنلىرى ۋە مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلەتتى، تەنھەرىكەت قاتناشچىلىرىنى باھالاپ مۇكاپات بېرىلىپ تۇراتتى.

ھەر بىر مەكتەپلەردە ئىزچىلار (تۇڭزىجۈن) تەشكىللىنىپ ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. بۇنىڭغا مەكتەپلەردىكى دەرستە، ئەخلاقتا، ئىنتىزامدا ياخشى ئوقۇغۇچىلار تاللاپ قوبۇل قىلىناتتى. بۇ ئىزچى بالىلار يالغۇز مەكتەپ ئىچىدىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى، ئۇلارنىڭ ئامانلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىپ قالماستىن، بايرام ۋە باشقا كۈنلەردە جامائەت ئىنتىزامى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنىمۇ مۇھاپىزەت قىلىشتەك تەربىيىلەرگە ئىگە بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەينى ۋاقىتتا، جامائەت ئىچىدە ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئابرويى ئىنتايىن ئۈستۈن ئىدى. جامائەتكە ھەر قانداق مەسىلە ئۈستىدە مەسلىھەت بەرسە قوبۇل قىلاتتى. مۇئەللىملەرنى ھاقارەتلەيدىغان، خارلايدىغان ئىللەتلەر يوق دېيەرلىك ئىدى.

يېڭى مەكتەپلەر ئېچىلىپ مائارىپ تەرەققىياتى خېلى ئالغا سۈرۈلگەندىن كېيىن ئانا تىلى «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكى مۇھىم ئورۇننى تۇتقاچقا، ساۋات چىقىرىش، خەت - يېزىق ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇر يېڭى ئېلىپبە دەرسلىكى تۈزۈپ چىقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىقتى. چۈنكى ئىلگىرى تېخى قائىدىگە چۈشۈرۈلگەن بىرەر ئېلىپبە ئوقۇش كىتابى بولمىغانلىقتىن ئەرەبچە ئىملا قائىدىسى بويىچە دەرس ئۆتۈش توغرى كەلگەنىدى. شۇڭا ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا تاكى



36 - يىلىغىچە كونا ئەرەب ئىملاسى ئاساسىي يېزىق قىلىنىپ ئىشلىتىلدى. شىنجاڭدىن تاشكەنتكە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1937 - يىلىدىن باشلاپ ئەرەب يېزىقىدىكى 30 ھەرپ ئىچىدىن بىر - بىرسىدىن ئاھاڭداش 10 ھەرپ چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكا - فونېتىكىسىغا ئاساسلىنىپ يېڭىدىن 12 ھەرپ قوشۇپ جەمئىي 32 ھەرپلىك تولۇق ۋە يېڭى ئۇيغۇر ئېلىپبە سىستېمىسى ئىشلەپ چىقىلدى. بۇ 32 ھەرپ بىلەن ئۆز تىلىمىزدىكى سۆز ياكى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان ھەر قانداق سۆز ئاھاڭلىرى بولسۇن ئۆز ئەينى بىلەن تولۇق ئىپادىلىگىلى بولىدىغان بولدى. يېڭىچە مائارىپ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇرۇنقى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش، ھەرپلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈش 1937 - يىلىدىن بۇيانقى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرىنىڭ يېزىق جەھەتتىكى تارىخىي تۆھپىسىدۇر.

مەدەنىي - مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ ئەدەبىي - سەنئەتكە بولغان تەشنالىقىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. 1939 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «قەشقەر ھېيتكا» كۇلۇبى سېلىنىدى ۋە مۇشۇ كۇلۇبنى ئاساسىي ئورۇن قىلىپ، ئەدەبىي - سەنئەت كورۇژوكى تەشكىل قىلىنىپ، خەلققە ئەدەبىي - سەنئەت نومۇرلىرى، تىياتىر، دراممىلار، كىنو قاتارلىقلار كۆرسىتىلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن كۇلۇب ئەتراپىدا مەدەنىيەتلىك چايخانا - كۇتۇپخانا، دەم ئېلىش ئورۇنلىرى تەشكىل قىلىنىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئاساس سالدى. قەشقەردە سېلىنغان بۇ بىنا تا ھازىرقى كۈنگىچە ئۆز ۋاقتىدىكى مەدە-

نى - مائارىپ مەركىزىنىڭ جانلىق سىمۋولى بولۇپ، ھازىرقى
چوڭ بىنالار قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ كۇلۇبتا ئويۇن - تىياتىر، دراممىلار
قويۇلۇشقا باشلىدى. مەسىلەن: ئۇيغۇر ئويۇشما سانايى نەفىسە-
سى تەرىپىدىن «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «رابىيە-
سەئىدىن»، «ئارشىن مال ئالان»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»
قاتارلىق چوڭ - كىچىك ئوپېرا، دراممىلار قويۇلۇپ، كونسېرت
كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ چاغدا قەشقەر
ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسى، سازەندە (مۇزىكانت) لارنى
يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا «سەنئەت كۇرسى» ئېچىپ
سازەندىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق
ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىدىكى ئاتاغلىق مۇزىكانت قۇربان
ئىبراھىم قاتارلىقلار مۇشۇ كۇرستا ئوقۇپ يېتىلگەنلەردىن ئىدى.
بۇنىڭدىن باشقا بوغالتىرلىق كۇرسى، تىككۈچىلىك كۇرسى قاتار-
لىق كۇرسلارنىمۇ ئاچقانىدى. بۇ مەزگىللەردە قەشقەر ۋىلا-
يىتىگە قاراشلىق بارلىق ناھىيىلىك شۆبە ئويۇشما ۋە بەگلىك
رايونلاردىكى تارماق ئويۇشمىلاردا ھەتتا ھەر قايسى مەكتەپ-
لەردىمۇ سانايى نەفىسە ۋە سەنئەت گۇرۇپپىلىرى تەشكىل
قىلىنىپ، ئويۇن - تىياتىر ئىشلىرى بەس - بەس بىلەن تەرەق-
قىي قىلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن كۇلۇب، تىياتىرخانا بىنا قىلىش
ئىشلىرى ھەر قايسى ناھىيە ۋە يېزىلارغىچە ئەۋج ئېلىشقا باش-
لىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسى ئىجتىمائىي مائا-
رىپنى مەجبۇرى ئومۇملاشتۇرۇپ، ۋىلايەت بويىچە ھەممىلا يەر-
دە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، ھەر بىر كىشى-



نىڭ ساۋات چىقىرىشىنى مەجبۇرى ۋەزىپە قىلىپ بېكىتكەنىدى.
شۇڭلاشقا تايىغان غوجىدەك ئىشانلارمۇ ئۆز مۇرىتلىرىنى ئەگەش-
تۈرۈپ مەكتەپكە كېلىپ ساۋات چىقىرىشقا مەجبۇر بول-
غانىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا 1937 - يىلىغىچە قەدەر قەشقەردە
مەدەنىي - مائارىپ ۋە سانايى نەفىسە ئىشلىرى تېز راۋاجلى-
نىپ، گۈللەپ ياشنىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن بىر پەيتتە،
شىنجاڭدا «يەرلىك پادىشاھ» بولۇۋالغان مىلىتارىست، ئىككى
يۈزلىمىچى جاللات شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەل-
گە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىلىم ئىگىلىرى، ئىختىساس-
لىق كىشىلەرنى، ۋەتەنپەرۋەر مىللىي دېموكرات زاتلارنى يوقۇ-
تۇپ تاشلاپ، گۈللەپ ياشناۋاتقان مىللىي مائارىپىمىزنى ئۇجۇق-
تۇرۇۋېتىش بىلەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن
شىنجاڭدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك ئاق تېررورلۇق يۈرگۈ-
زۈشكە باشلىدى.

1937 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىللىي قوشۇن قومان-
دانى مائارىپپەرۋەر مەھمۇت مۇھىتى، جاللات شېڭ شىسەي-
نىڭ بۇنداق يامان غەرىزىنى بايقاپ، چەت ئەلگە قېچىپ چى-
قىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ يىلى ئۆلكىمىزنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى خوجىنىياز ھاجىنى قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ئاق تېررورلۇق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئاتاغلىق
زىيالىلار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى ئارقىمۇ - ئارقا تۇتقۇن
قىلىشقا باشلىدى. شۇ يىلى قەشقەرگە ھەممىدىن ئىلگىرى
پەن - مائارىپ ئورۇقىنى چاچقان، مەشھۇر زىيالىلاردىن قۇتلۇق
ھاجىم شەۋقى، ھېسامىددىن ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، مەجى-
دىددىن ئەپەندى، مەتىبلى ئەپەندى، يۈسۈپ ئەپەندى، سالاھى-

دىن ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنى «پانتۈركىست» دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئېلىپ، ياۋاغ تېرەكلىك جىگساجۇ تۈرمىسىدە تىرىك ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ، دەھشەتلىك تۈردە ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن 1939 - يىلى ئاتىسى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قولغا ئېلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلفۇنۇن، دارىلمۇئەللىمىن، گىمنازىيە قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئايرىپ چىقىپ، يىراق ئالتاي تاغلىرىغا سۈرگۈن قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئاگېنتلىرىنى ئۆلكە بويىچە ھەممە مەكتەپ، ئىدارە جەمئىيەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، يوشۇرۇن ھالدا يالغان ماتېرىيال توپلاپ، ناھەق ئەنزە پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئىبلىغارلارنى داۋاملىق قولغا ئېلىش، باستۇرۇش ئىشلىرىنى جىددىيلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە، ئىدارە ۋە مەكتەپلەردە كىشىلەر كىچە - كۈندۈز ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدىغان قورقۇنۇچلۇق بىر ۋەزىيەت پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى بىرىنچى قېتىم تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلىدى.

1942 - يىلى شىڭشىسەي، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىدىن ئۆلگىدەك قورقۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزىنى جياڭ جېيشى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، دارىلفۇنۇن، دارىلمۇئەللىمىن، گىمنازىيە ۋە باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇلۇۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن بارلىق دەرسلىك كىتابلارنى يىغدۇرۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. چۈنكى بۇ كىتابلار ۋە دەرسلىكلەرگە ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنلىرى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنى ماركسىزم - لېنىنىزم



نەزەرىيىسى ۋە ھازىرقى زامان پەن تېخنىكىسى بىلەن تەربىيىلەيدىغان كۈچلۈك قورال ئىدى. جالالات شىڭ شىسەي مائارىپ ساھەسىدە مۇشۇنداق بىر قاتار ئەكسىيەتچى سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتىنى بىر يىل ئۇزارتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى مەزمۇن بىلەن تولغان دەرسلىكلىرىنى زورلاپ ئوقۇتۇشقا كىرىشتى. بۇ شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ مائارىپىغا قارىتا يۈرگۈزگەن ئىككىنچى قېتىملىق باستۇرۇش سىياسىتى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي - مائارىپى، پەن تەرەققىياتىغا بولغان ئىنتىلىشىنى بوغۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولدى.

1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە سادالىرى چاقماق تېزلىكىدە ئاقسۇ ۋە قەشقەر، يەركەنلەرگە يېتىپ كەلدى. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ تاشقورغان، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار ئېگىزيار قاتارلىق يەرلەرگە يېتىپ كەلگەندە، يەرلىك خەلقلەر ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئات - ئۇلاق، ئوزۇق - تۈلۈك قاتارلىق ماددى ئەشيالار بىلەن تەمىنلىدى. بۇنداق پەيىتتە مائارىپچىلارمۇ جىددىي ھەرىكەت قىلىپ خوجا ئابدۇراخمانغا ئوخشاش بىر قىسىم مائارىپچىلار مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ كەتتى ۋە قەشقەر يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. گومىنداڭچىلارمۇ مائارىپچىلاردىن ھەددىدىن زىيادە گۇمانلانغانلىقتىن 1945- يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە قاراشلىق 12 ناھىيىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق مائارىپچى - ئوقۇتقۇچىلىرىنى «يازلىق تەلىم - تەربىيە لاگېرى» غا ئېلىپ چىقىشنى باھانە

قىلىپ، قەشقەر نەزەرباغ دارىلمۇئەللىمىندە نەزەربەنت قىلىپ قويدى. بۇ لاگېرغا قەشقەر ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ياڭ فۇلۇيجاڭ باشلىق، ناتۇەنفۇ (نىمەتۇللا) مائاۋىن باشلىق، ھەربىي سەنمۇلىققا ياڭ فۇسىڭ قاتارلىقلار بەلگىلىنىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ 10 نەچچە نەپەر ئاگېنتلىرىنى مۇئەللىملەرنى باشقۇرىدىغان دۈيجاڭ، فۇدۈيجاڭلىققا بېكىتىپ قويۇش بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى نازارەت قىلىنىپ تۇرىدىغان بولدى.

شۇ يىلى 9 - ئاي يېتىپ كەلگەندە، مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلايدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقتىن لاگېردىكى مۇئەللىملەرگە ئىلى «شەرقىي تۈركىستان» چىلار ھەرىكىتىگە قاتناشماسلىق، سىياسەتكە ئارىلاشماسلىق ھەققىدە ئالاھىدە ۋەز نەسىھەت قىلىپ، نائىلاج ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ مۇئەللىملىرىنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن مۇئەللىملەر ئۆز يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ھەر قايسى سورۇنلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ زۇلمىنى پاش قىلىپ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا تەشۋىق ئېلىپ بېرىشتى.

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي يېتەكچىلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەرگە كېلىپ مائارىپ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، مائارىپچىلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرىپىدە تۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ زۇلمىنى پاش قىلىش لازىملىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭغا قارشى «ياشلار ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇنىڭدەك قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممەدى، نىزامىدىن ساليېوف، ئالىم ئاخۇن، بارات ئاكا قاتارلىق كىشىلەرمۇ قەشقەرگە كېلىپ، مائارىپچىلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە



خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن مائارىپچىلار يېتەكچىلىكىدىكى ياشلار ھەرىكىتى باشلىنىپ، ھەر قانداق يىغىن سورۇنلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلىرىنى پاش قىلىش قاتارلىق تەشۋىقات، تەرغىبات ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن نوبىشى مەكتىپىدە «مۇئەللىم» دېگەن گېزىت نەشر قىلىنىپ، گومىنداڭ ئىستىبداتچىلىرىغا قارشى يېزىلغان ماقالە ۋە شېئىرلار ئارقىلىق كۈچلۈك تەشۋىقات ئىشلىرى يولغا قويۇلدى.

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى. بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن جايلاردا يېڭىدىن سايلام ئۆتكۈزۈش كېرەك ئىدى. قەشقەردىمۇ سايلام ئۆتكۈزۈشكە باشلاپ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نازارىتىدە قەشقەر كونىشەھەردە ھاكىم سايلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى. ئىلگىرىكى كونا ھاكىم ئېلىپ تاشلىنىپ ئورنىغا تۇرسۇن ئابلىز ھاكىم، ئەيسا ھاجى مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ سايلاندى. جۈملىدىن قەشقەرگە قاراشلىق ھەممە ناھىيەلەرمۇ ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىم سايلاپ چىقتى. شۇنىڭدەك ھەممە ناھىيەلەردىكى مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئۆزگەرتىلىپ باشقىدىن بېكىتىلدى. جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايىتىگە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋالى، قاسىمجان قەمبىرى مۇئاۋىن ۋالى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىدا يەنە يېڭىدىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

بەختكە قارشى 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تۈزگەن 11 بىتىمگە خىيانەت قىلىپ، ئۈشتۈمتۇتلا ياشلار ھەرىكىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىش تۇغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى ۋە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزدى. قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدى، ئابدۇرېھىم ئىمىنوپ، ئابدۇلھەق ئېزىزى، ئۆمەر سەلەي، ياقۇپھاجى، ئابلىز ئەبەيدى، ئابلا قاسىموپ، تۇرغۇن ئالماس، سەلەي بارات، نىزامىددىن سالىيوپ، ئالىمئاخۇن، بارات ئاكا قاتارلىق 50 نەچچە ئادەمنى قولغا ئېلىپ، يېگىشەھەر ھەربىي تۈرمىسىگە قاماپ قويدى. ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگەن كېچىسى ئادەم تۇتقىلى چىققان ھەربىي ۋە ئىشپىيونلار نەزەرباغ دارىلمۇئەللىمىنىدە ئابدۇرېھىم ئۆمەرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. دارىلمۇئەللىمىندىكى يازلىق كۇرستا ئوقۇۋاتقان بارلىق مۇئەللىملەر ئۆز يۇرتلىرىغا قېچىپ كېتىشتى. كونىشەھەردىكى مائارىپچىلارمۇ يىراق - يېقىن يېزىلارغا بېرىپ يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1947 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە مەكتەپلەر ئوقۇش باشلىيالماي قالدى. ھۆكۈمەت تەرەپتىن ھەربىي ھالەت ئېلىپ تاشلانغانلىقى ئېلان قىلىنمىغانلىقتىن، خەلق كېچە - كۈندۈز ۋەھىمە ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولدى. بۇنداق شارائىتتا بالىلارنى ئوقۇتۇش - ئوقۇش ئىمكانىيىتى تېخىمۇ مۇمكىن بولمىدى. دېمەك مانا بۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قەشقەر مائارىپىنى 3 - قېتىم باستۇرغانلىقى بولىدۇ.

1937 - يىلدىن 1947 - يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە جاللات شېڭشىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گورۇھى ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتمۇقات زەربە بېرىشى، باستۇرۇشى تۈپەيلىدىن، ئىلغار مائارىپچىلار، ئوقۇتقۇچىلار خانىۋەيران بولۇپ، ئۈچقاندەك تەرەققى قىلىۋاتقان قەشقەر مىللىي مائارىپى ۋەيران بولۇش ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى. لېكىن قەشقەر مائارىپچىلىرى بىر تەرەپتىن قاتتىق سىياسى بېسىمغا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ، جاپادىن ۋە ئۆلۈمدىن قورقماي قەتئىي كۈرەش قىلىشى ۋە داۋاملىق ھالدا تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ مەكتەپ باشقۇرۇشى ئارقىسىدا قەشقەر مائارىپى يەنە داۋاملىق ھالدا ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىپ، 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى پۈتۈن ئۆلكىمىزنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئۇلىشىپ، ھازىرغىچە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سەمىمىي غەمخورلۇقىدا مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشمەكتە.

# خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مەدەنىي - مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە

جاپپار ئەمەت

## دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن «جەدىت» مەكتەپلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى

مانجۇ ھاكىمىيىتىدىن ياڭزېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قەدەر بولغان ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ھۆكۈمران گۇرۇھلار «خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەچكە، ئۇلار يەرلىك فېئودال كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ پەننىي مائارىپقا، يېڭىلىققا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ كەلدى. ئۇلار مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە خاس دىنىي ئەقىدىلەرنىلا ئوقۇتۇشقا رۇخسەت قىلىپ، ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىمۇ چەتكە قاقتى. شۇ مەزگىللەردە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىر قانچە دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەكتەپلەردە پەننىي بىلىملەردىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. خەت يېزىش «گۇناھ» ھېسابلانغاچقا، دىنىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى خەت



ئوقۇشنى بىلىدىغان، يازالمايدىغان چالا ساۋاتلاردىن ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە تەڭ بولغان دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ياش قۇرامى ۋە سەۋىيىسى بويىچە سىنىپلارغا ئايرىلماي ھەممىسى بىر ئۆي ئىچىدە ئوقۇيتتى، ئۇستەل - بەندىڭمۇ يوق ئىدى. ئوقۇغۇچىلار تاختىغا يېزىلغان «ئېلىپبە» بويىچە ئەرەبچە يېزىقنى تونۇغاندىن كېيىن، «قائىدە»، «ھەپتىيەك» ۋە «قۇرئان» ئوقۇپ، زىر - زەۋەرلىك ئەرەب يېزىقىنى ئۆگىنىپ چىقاتتى. ئاستى - ئۈستىگە زىر - زەۋەر قويۇلمىغان چاغاتاي يېزىقىنى ئوقۇيالمايتتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ھەجىمىدىكى «مەدرىسە»لەرگە چىققاندىن كېيىن بولسا، بەزىلەر «قۇرئان»نى ياد ئېلىپ «قارى» بولاتتى. ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇيالىسىمۇ مەنىسىنى چۈشەنمەيتتى. بەزىلەر «دەرس» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن «قۇرئان» ئايەتلىرىگە ئانچە - مۇنچە مەنا ئېيتىدىغان بولۇپ چىقاتتى، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن ناۋائىي، نۆبىتى ۋە خوجاھاپىز شىرازى شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، مەنىسىنى چۈشىنەلەيتتى، لېكىن ھېسابتىن خەۋەرسىز ئىدى. خوتەننىڭ ئۆزىدە بىر قەدەر ياخشى ئوقۇغانلار مىسىر، بۇخارا، دېھلى ۋە قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇپ ياكى خوتەننىڭ ئۆزىدە ئاتاقلىق ئۆلىمالاردا ئوقۇپ، «مەۋلىۋى»، «داموللا»، «ئاخۇنۇم» ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشەتتى. مۇشۇنداق بىر يۈرۈش ئوقۇش جەريانىغا 10 يىلدىن 20 يىلغىچە ۋاقىت كېتەتتى. بۇ جەرياندا ئەڭ ياخشى ئوقۇغانلار «قۇرئان» قاتارلىق دىنىي كىتابلارغا مەنا ئېيتالايدىغان ۋە شەرھىيلەپ بېرەلەيدىغان «تەرجىمان» سەۋىيىسىگە ياكى دىنىي مەكتەپلەردە مۇدەررىس (ئوقۇتقۇچى) بولۇش لاياقىتىگە ئىگە بولاتتى. دىنىي

مەكتەپلەردە ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى قالاق، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن بولغاچقا، ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ساۋاتسىز قالاتتى.

ياڭزېڭشىن دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن ۋىلايىتىدە زامانىۋى مەكتەپ ھېسابىغا كىرىدىغان «شۆتاڭ»دەپ ئاتىلىدىغان بىرلا مەكتەپ بولۇپ، ئورنى ھازىرقى سۇ دەرۋازىسىدىكى خوتەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنىدا ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى خەنزۇ تىل - يېزىقى بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى، مەكتەپتە خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تاشقىرى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى، ئۇلارغا مەكتەپكە كىرگەن كۈنىلا خەنزۇچە ئىسىم قويۇلاتتى ۋە خەنزۇچە كىيىم كىيەتتى، ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ھېساب ۋە كۇڭزى - مېڭزى تەلىماتىنى ئاساس قىلغان تىل - ئەدەبىيات بولۇپ، خەنزۇچە سۆز ۋە خەتلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى چۈشەندۈرۈپ بېرىلمىگەچكە، مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر خەنزۇچە كىتابلارنى ئوقۇيالىسىمۇ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرەلمەيتتى، پەقەت ئېغىز تەرجىمانلىقىغا يارايتتى. مەكتەپنىڭ بارلىق راسخوتى ھۆكۈمەتتىن بېرىلەتتى. مەكتەپنىڭ تەربىيىلەش نىشانىسى — ئەمەلدار يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئامبال، يامۇل (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت)، باجخانا، سودا قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا كاتىپ ياكى تۇڭچى (تەرجىمان) بولۇپ ئىشلەيتتى، بەزىلىرى يېزا - قىشلاقلارغا «بەگ» بولۇپ بەلگىلىنەتتى. شۇڭا خەلق ئامىسى بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلارنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرەتتى.

گومىنداڭ ۋاقتىدا خوتەنگە ۋالى بولغان خادىگباك



(نۇربەگ)، نەن شۇسەن (روزى مەھەممەت بەگ)، ۋالى مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم مەنسەپلەردە بولغان ئەمەت بەگ، نايىپ بەگ، قاسىم بەگ، سالى بەگ، دۆلەتنىياز بەگ، ئالىم بەگ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىرىنچى تۈركۈمدە «شۆتاڭ» پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. بۇلاردىن قارىقاشلىق روزىبەگ كېيىنكى يىللاردا «شۆتاڭ» نىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالغانىدى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىسلام مەملىكەتلىرىدە پەننىي مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى، بولۇپمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا زامانىۋى مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى شىنجاڭغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ھەج قىلىش ياكى سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن چەت ئەلگە بېرىپ قايتقان بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئارىسىدا «پەن - مەدەنىيەت ئارقىلىق مىللەتنى ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇش»، «پەن - مەدەنىيەت ئىگەللەپ ئادەمدەك ياشاش» كۆز قارىشى تىكلىنىشكە باشلىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى جاھالەت تۇمانلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتكەن بۇرۇقتۇم ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، 1920 - يىلى دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى ئىپتىدائىي مەكتەپنى قۇردى ۋە بۇ خىل مەكتەپلەرنى ھەممە جايدا قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆزى ئاچقان مەكتەپتە تىل - يېزىق مەشقى، خۇشخەت، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلغانىدى. شۇنىڭدەك دىنىي قائىدە، ئەھكاملارنى چۈشەندۈرىدىغان «ئەقايىت زۆرۈرىيە»،

«ئەقايىت جەۋھەرىيە» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ، دىنىي مەك-
تەپلەردە ئەرەب ۋە پارس تىلىدا ئوقۇتۇش ئورنىغا ئۇيغۇر
تىلىدا ئوقۇتۇشنى يولغا قويىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەب-
بۇسىدىن كېيىن بۇ خىل مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا
كېلىشكە باشلىدى. دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ خىل
مەكتەپلەر ماھىيەت جەھەتتە دىنىي مەكتەپ بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭدا بىر قىسىم پەننىي دەرسلەرمۇ ئۆتۈلگەچكە ۋە خەت
يېزىش مەشىقى مۇھىم دەرس سۈپىتىدە تۇتۇلغاچقا، بۇ مەكتەپ-
لەر ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئاھالىنى پەن بىلەن قوراللاندۇ-
رۇش جەھەتتە ئىلغار ئەھمىيەتكە ۋە ئىجابىي رولغا ئىگە
بولغانىدى. دىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بۇ دەۋردە
بۇنىڭدىن باشقا يول تۇتۇشقىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا
بۇ خىل مەكتەپلەر دوتەي ۋە ئامباللارنىڭ چەكلىشىگە، مۇتەئەس-
سىپ موللىلارنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىدى. يېڭىلىقتىن ئۆلگىدەك
قورقىدىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈل-
گەن مەكتەپلەرنى «جەدىت» مەكتىپى (يېڭى مەكتەپ) دەپ
ئاتاپ، بۇ خىل مەكتەپلەر «دىننى سۇسلاشتۇرىدۇ» دېيىشتى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ،
خوتەن ۋىلايىتىدىمۇ 1920 - يىلى دېھلىدە ئوقۇپ كەلگەن
قاسىم ئەپەندى، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئىسمايىل ھەققى
ۋە خانى ئەپەندىلەر تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەرنىڭ ياردىمىگە
تايىنىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ ئالتۇنلۇق مازار مەدرىسىدە «جە-
دىت» مەكتىپى ئاچتى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى خوتەننىڭ
ئەڭ چوڭ دىنىي ھۆكۈمدارى سۇلايمان ئەلەم بىلەن بولغان
بىر قېتىملىق مۇنازىرىدە «يەر يۇملاق ۋە قۇياش ئەتراپىدا



ئايلىنىدۇ» ئەلىماتىنى ياقىلاپ، سۇلايمان ئەلەمنىڭ «يەر يا-
پىلاق، ئۇنى ھۆكۈز مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن ئەلە-
ماتىغا رەددىيە بەرگەنلىكى ئۈچۈن سۇلايمان ئەلەم، قاسىم ئەپەن-
دى قاتارلىقلارنى «دىنسىز» دەپ ئەيىبلەپ چەك دارىنغا چا-
قىدۇ. بۇ مەكتەپنى تاقىۋېتىشكە باھانە تاپالماي تۇرغان چەك
دارىن دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مەكتەپنى تاقىۋېتىش بىلەن
ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. خوتەندە
ئۆتكەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، تۆۋپ ئابدۇكېرىم ھاجى،
ئەمەتجان باي ھاجى، سەمىجان باي ھاجى قاتارلىقلار ئەنە
شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بىرىنچى تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئىدى.

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى خوتەن ۋىلايىتىدە كەڭ كۆ-
لەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭ غەلىبىسىدىن
كېيىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان «ئىس-
لام ھۆكۈمىتى» سۇ دەرۋازىسىدىكى بۇتخانىنى چېقىپ تاشلاپ
ۋە «شۇتاڭ» مەكتىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا «دارىل-
ئۇلۇم» ناملىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپنى ئاچتى. مەكتەپنىڭ
ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئاتۇشلۇق
مۇسا ئەپەندى ۋە خوتەنلىك تۇرسۇن داموللام قاتارلىقلار ئىدى.
مەكتەپتە تۆت سىنىپ، 200 ئوقۇغۇچى بولۇپ، مەكتەپنىڭ بارلىق
راسخوتى «ئىسلام ھۆكۈمىتى» تەرىپىدىن بېرىلەتتى. مەكتەپ
دىنىي دەرسلەردىن تاشقىرى سەرپ نەھۋى (گىراماتىكا)،
ئىملا، خۇشخەت، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق
دەرسلەر ئۆتۈلەتتى.

شۇ يىللىرى تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئىدرىس ئەپەن-
دى يېزا ئىگىلىكى ۋە يىلە ئۈزۈمچىلىك بىلىملىرىنى ئوقۇ-

تۇشنى ئاساس قىلغان «زىرائەت مەكتىپى» نى ئاچتى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى تەمىناتىنى ھەل قىلاتتى. يەنى، ئوقۇغۇچىلار يېزا ئىگىلىك ئاساسلىرى، زىرائەت ئۆستۈرۈش، پىلە – ئۈژمىچىلىككە دائىر نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئوقۇغاندىن تاشقىرى، دەرستىن كېيىن پىلە ئۇرۇقى چىقىرىش، پىلە بېقىش، ئۈژمە كۆچەتلىرى يېتىشتۈرۈش، ئىنكۇباتوردا چۈجە چىقىرىش قاتارلىق ئەمگەكلەرگە قاتنىشاتتى. بۇ مەكتەپنىڭ خوتەننىڭ پىلە – ئۈژمىچىلىك تەرەققىياتىغا قوشقان ھەسسىسى خېلى چوڭ بولۇپ،

خوتەن ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىم پىلە ئۇرۇقىنى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈشكە خاتىمە بېرىپ، ئۆز ئورنىدا چىقىرىلغان سۈپەتلىك پىلە ئۇرۇقىنى ئۆز ئورنىدا تارقىتىشنى يولغا قويغان، سۈپەتلىك ئۈژمە سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ۋىلايەت بويىچە ئومۇملاشتۇرغانىدى. مەكتەپ 1937 – يىلغىچە داۋام قىلىپ، 100 نەپەردىن ئارتۇق پىلە – ئۈژمىچىلىك تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈردى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلار شىڭ شىسەي ۋاقتىدا ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ پىلە – ئۈژمىچىلىك تېخنىكلىرى بولۇپلا قالماي، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئابدۇراخمان ئەپەندى، تۇردى نايىل، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق بىر مۇنچە يولداشلار پىلە – ئۈژمىچىلىك ۋە ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

خوتەننىڭ مەدەنىي – مائارىپ تارىخىدا ئەمەت ھاجىم بىلەن ئابدۇللا داموللىنىڭ تۇتقان ئورنى خېلى چوڭ. ئاتا – بوۋىسىدىن تارتىپ مەكتەپ ئوقۇتۇش بىلەن بولۇپ كەلگەن



ئەمەت ھاجىم، 1933 – يىللىرى ھەرەمگە بېرىش سەپىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆتىدۇ ۋە ئەرەب ئەللىرىدە بولىدۇ. ئۇ يەردىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرىدۇ. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن تەرەققىيپەرۋەر سودىگەر قۇربان ھاجى قايماقنىڭ ياردىمى ئاستىدا، 1934 – يىلى خوتەن قىرىق دەرۋازىسىدىكى «غوجامكۆل بېشى» مەھەللىسىدە «غوجامكۆل بېشى» مەكتىپىنى ئاچىدۇ، مەكتەپتە 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئايرىم ئايرىم سىنىپلارغا بۆلۈپ ئوقۇتۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار سەۋىيىسى ۋە ياش قۇرامىغا قاراپ 4 گۇرۇپپىغا ئايرىپ، دوسكا ۋە دەپتەر قەلەم ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپتە دىنىي دەرسلەردىن تاشقىرى، تۆۋەن يىللىق گۇرۇپپىلاردا خەت تونۇتۇش ئاساس قىلىنسا، يۇقىرى يىللىق گۇرۇپپىلاردا ئىملا، خۇشخەت، ھېساب دەرسلىرى (ئاساسەن 4 ئەمەل) ئۆتۈلىدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن «سۇپى ئاللا يار»، شائىر بابىرنىڭ دىنىي قائىدە – قانۇنلار شېئىرىي ئۇسۇلدا بايان قىلىنغان «مۇبەييەن» ناملىق كىتابى، ئەلىشىر ناۋايى ۋە نوبىتى دىۋانلىرى ئوقۇتۇلىدۇ. مەكتەپتە يەنە شېئىر، رەسىم دەرسلىرىمۇ بولغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر مەزگىل تۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەننىي مائارىپ ئىشلىرىدىن زور ئىلھام ئالغان ئابدۇللا داموللا خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1936 – يىلى قارىقاش ناھىيە زاۋا – شاقىلىق يېزىسىدىكى «ئىشان غوجام مەدرىسى» دە شاخلىق مەكتىپىنى ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپتە 3 سىنىپ، 150 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، مەكتەپ خىراجىتىنى قوشۇمچە دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ. ئابدۇللا داموللا ئەرەب،

پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان، مەنتىق (لوگىكا)،
ھىساب، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەرنى خېلى ياخشى ئىگەللى-
گەن دىنىي زىيالى بولۇپ، ئۇمۇ ئۆز مەكتىپىدە دىنىي ئوقۇتۇش
بىلەن پەننىي ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەم
خەت، ھەم ھېساب بىلىدىغان، تارىخ، جۇغراپىيە ساۋاتلىرىدىن
خەۋىرى بولغان يېڭى تالىپلاردىن قىلىپ يېتىشتۈردى.

## يېڭى تۈزۈمدىكى پەننىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى

1933 - يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭ -
نىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پەننىي مائارىپنى ئاساس قىلغان
يېڭى مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ
ئورنىنى پەننىي مەكتەپلەر ئىگەللىدى. لېكىن خوتەن ۋىلايىتى
بىر مەزگىل «ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا،
بىر مەزگىل ماخۇسەننىڭ زۇلمى ئاستىدا قالغاچقا، پەننىي ما-
ئارىپ ئىشلىرى ئەڭ كېيىن باشلاندى. 1937 - يىلى كۈز پەس-
لىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە كەلگەن مەۋلانوف باشچى-
لىقىدىكى قىرغىز ئاتلىق پولك ۋە شەرقىي - شىمال ئارمىيە-
لىقىدىكى تەشكىللەنگەن شەي تۇەنجاڭ باشچىلىقىدىكى شىڭ شى-
سەي ئاتلىق پولك سوۋېت ئايروپىلانلىرى ۋە تانكا قىسىملى -
رىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، خوتەننى
ئۆزىنىڭ «مۇستەقىل پادىشاھلىقى» قىلىۋالغان ماجۇڭيىڭنىڭ
36 - دىۋىزىيىسى (ماخۇسەن قىسىملىرى) نى تار-مار قىلىپ،
شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. 1938 - يىلىنىڭ باش-
لىرىدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇش-
مىسى قۇرۇلۇپ، بۇ ئۇيۇشمىغا مەرىپەتپەرۋەر ئەمەت ھاجى
رەئىس بولۇپ سايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇ مەدەنىي ئاقار-
تىش ئۇيۇشمىسى، تۇڭگان (خۇيزۇ) مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇش-
مىلىرىمۇ قۇرۇلدى. (1) خوتەننىڭ پەننىي مائارىپ ئاساسى
ئاجىز بولغاچقا، شۇ يىلى 7 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدىن
بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار يۆتكەپ كېلىنىپ، ئالدى بىلەن
خوتەن شەھىرىدە ئوغۇللار ئىپتىدائىي مەكتىپى، قىزلار ئىپتى-
دائىي مەكتىپى ۋە دارىلئېيتام (يېتىملار مەكتىپى) قۇرۇلدى.
(بۇ مەكتەپلەر يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتتا مەدرىسە ۋە چوڭراق
سارايلارنى مەكتەپ ئورنى قىلغانىدى). بۇ چاغدا خوتەن
شەھىرىدە بىرىنچى بولۇپ ئەمەت ھاجىم ئۆزى باشقۇرۇپ
كەلگەن «غوجامكۆل بېشى» مەكتىپىنى پەننىي مەكتەپكە ئۆت-
كۈزۈپ بېرىپ، پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن
قوللىدى. ئوقۇغۇچىلار 4 يىللىق تۈزۈم بويىچە سىنىپلارغا
ئايرىپ دەرس باشلىدى. ئوقۇغۇچىلارغا بىر خىل پورمىدا
ئوقۇغۇچىلىق كىيىمى تارقىتىلىپ بېرىلدى. ئۇلار مەكتەپكە

---

① شىڭ شىسەي تەختكە چىققان دەسلەپكى يىللاردا مالىيە
قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پىلانلىشى بىلەن خەلق كۈچىگە تايىنىپ مائارىپ
باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇش-
مىلىرى قۇرۇلغان. بۇ ئۇيۇشمىلار باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇش
ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى گەۋدىسى
بولۇپ قالغانىدى.

ئۈسمۈرلەرنى جەم قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر نۆۋەتتىن سەپ بولۇپ، دۇمباق (بارابان)، كانايلىرىنى چېلىپ، ئوقۇغۇچىلار مارشلىرىنى ئوقۇپ، شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە تۆركۈم - تۆركۈم بالىلار سەپكە قوشۇلاتتى. ئاتا - ئانىلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ئەكىرىپ بەرگەنىدى. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ ياش چەكلىمىسى يوق ئىدى. 7 ياشتىن 20 ياشقا قەدەر بولغانلارنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىناتتى، (چوڭ ياشلىقلار ئۆيلەنمىگەن بولۇشى شەرت ئىدى). دارىلئېيتام مەكتىپىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق، كىيىم - كېچەك، ياتاق، دەپتەر - قەلەم قاتارلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن بېرىلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قارىقاش ناھىيىسىدە ئابدۇللا داموللا «شاخلىق» مەكتىپىنى ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بۇ ناھىيىدىمۇ ئوغۇللار ئىپتىدائىي مەكتىپى قۇرۇلدى. خوتەن ناھىيىسىدە قۇرۇلغان ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ھاشىم ھېلىموپ، قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ھاجى خانىم، دارىلئېيتام مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئوسمان نىياز ھاجى بولۇپ، ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى ئابدۇرېھىم لېتىپ (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى)، ئوبۇلقاسىم ئەييۇپ، ئابدۇراخمان ئەپەندى، ياقۇپجان (ئۆزبېك)، ئابدۇقادىر ئەپەندى، ئىسھاق نۇرى، سەيىدۋاققاس نۇرى، ئەنۋەر ئەپەندى، قۇدرەتۇللا داموللام قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. قارىقاش ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلار ئابدۇللا داموللام، ساۋۇرجان، ئابلىمىت ئەپەندى، غازى روزىلار ئىدى. بۇلار خوتەن ۋىلايىتىگە بىرىنچى قېتىم پەننىي مائارىپ ئۇرۇقىنى چاچقان ئۇستازلار ھېسابلىنىدۇ.



شۇنىڭدىن كېيىن كېرىيە، گۇما، قاغىلىق (بۇ چاغدا قاغىلىق ناھىيىسى خوتەن ۋىلايىتىگە قارايتتى) قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ شەھەر رايونىدا ئوغۇللارنى ئاساس قىلغان پەننىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. لېكىن ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا 1939 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇلۇپ، بىرىنچى تۈركۈمدە 6 ئايلىق مۇددەت بىلەن 80 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەمەت ھاجىم ۋە ئابدۇللا داموللامدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان چوڭ ياشلىق ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئوغۇللار مەكتىپى ۋە دارىلئېيتام مەكتەپلىرى تولۇقلاپ قۇرۇلدى. خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى 1939 - يىلدىن 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا 6 ئايلىق ۋە بىر يىللىق مۇددەت بىلەن جەمئىي 5 قارار ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلىدى. مۇشۇ ئاساستا پەننىي مائارىپ شەھەردىن يېزىغا قەدەر پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ، كۆلىمى چوڭراق بولغان يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. شۇ مەزگىلدىكى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلىرى ھاشىم ھېلىموپ ئابدۇراخمان ھىدايۇۋ، ئابدۇللا باقى سەدىردىن، ئابدۇراخمان ئەپەندى، ھاجى ياقۇپ، ئابدۇقادىر تۇردى ھاجى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىدىن خوتەن گارنىزون قوماندانى، قوشۇمچە مەمۇرىي مەھكىمە ۋالىيسى (شىن جىنجاڭ)، فەن بۇنەن (1942 - يىلى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلغان)، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى ماجاۋ-

سىلك (هازىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخىي تەتقىقات
ئىشخانىسىدا)، خوتەن گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى دېلى...
قاتارلىق كىشىلەر، سوۋېت قىرغىز پولكىنىڭ قوماندانى
مەۋلانوپ، سوۋېت مەسلىھەتچىسى ۋە ۋىلايەتلىك ساقچىنىڭ باش-
لىقى ئەلىزادە قاتارلىق كىشىلەر مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە
كۆڭۈل بۆلەتتى. فەن بۇنەن، ماجاۋسىلىڭ ۋە دېڭلار دارىلمۇئەلا-
لىمىن مەكتىپىدە سىياسەت، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قاتارلىق
دەرسلەرنى ئۆتتۈشىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغانىدى. دارىلمۇئەلا-
لىمىن مەكتىپىدە ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى، قىسقىچە ئەدە-
بىيات نەزەرىيىسى، ئارىفمېتىكا (ئاساسەن 4 ئەمەل، ئاددىي كەسىر
ئونلۇق كەسىر، نىسبەت، تاناسىپ، پروتسېنت قاتارلىقلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى)، تەبىئىي جۇغراپىيە، جۇڭگو جۇغراپىد-
يىسى، تەبىئەت ساۋاتى، دۇنيا تارىخى قاتارلىق ئاساسىي
پەنلەر ئۆتۈلەتتى، پەلسەپە، سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي پەن
دەرسلىرىدە ماركسىزم، لېنىنىزملىق پەلسەپە ۋە دىئالېكتىك
ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى، ئالتە بۈيۈك سىياسەت-
نىڭ مەزمۇنى سۆزلىنەتتى. شۇڭا ئوقۇش ۋاقتى قىسقا بول-
سىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلەشتۈرگەن بىلىمى خېلى كۆپ
ئىدى.

1939 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا
ئۆلكىلىك دارىلفۇنۇن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك
مەدەنىيەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ۋە قەشقەر
دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ خوتەنگە
تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ۋە خوتەننىڭ ئۆزىدە يېتىشتۈ-
رۈلگەن بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ



مائارىپ سېپى زور بىر تۈركۈم تالانتلىق يېڭى كۆچلەر
بىلەن تولۇقلىنىپ باردى، جۈملىدىن بۇلار ئىچىدە ئىمىن
ئىسلام، ئەمەت ئۆمەر، ھەسەن تۇردى، ھۇشۇرنىياز، ئىبراھىم
ئېلى، ئەمەت غوپۇرى، ئابدۇكېرىم سائادەتوپ، جەمىلىدىن
جەلىل، ئابلىز سەيدۇللا، سېيىت توختى، راخمان ئىمىن،
ھېسامىدىن ئابدۇۋەلى، ئىمىن قاسىم، ئىبراھىمجان، زۇنۇن
رۇستەم، ئابدۇللا قۇربان، مەتتۇرسۇن يۈسۈپ، نۇر مۇھەممەت
قۇربان، ئەخمەت قۇربان، باھاۋۇدۇن توختى، ئابدۇرېھىم باقى،
ئابلىمىت قادىر ھاجى، ئابدۇقادىر يۈسۈپ، نۇر روزى، يۈسۈپ
زىيا، سۇلايمان داۋۇت، مەھەممەت خۇداۋەدى، ئابدۇۋەلى
ئىسمايىل، نەسرىدىن سىدىق، مىجىت مۇسا، مەخسۇت ئابدۇ-
رىشىت، مەمتىمىن توختى، ئابلىز تۇرسۇن، رەجەپ يۈسۈپ،
ئوبۇلقاسىم توختى، ئابدۇۋايىت ئېلى، ئابلىمىت كېرىم ھاجى،
قۇدرەت مۇسا، ئابلىمىت مەمتاجى، ھەسەن قادىر، ئەخمەت نى-
ياز قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىلغارلىقى، ئىقتىدارىنىڭ
بىرقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكى ۋە مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتىگە
قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن، كەڭ جامائەت-
چىلىكنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان مۇنەۋۋەر ئوقۇت-
قۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دارىلمۇئەللىمىن مەكتى-
پىدە، بەزىلىرى ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى مەركىزىي باشلانغۇچ
مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى پائا-
لىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىش، خىزمەتتىن
ھەيدىلىش قاتارلىق زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغانىدى.
شۇنى ئالاھىدە ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئازادلىقتىن

ئىلگىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رولى ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتى ناھايىتى چوڭ. 1940 - يىلدىن كېيىن ھۆكۈمەت ھەرقايسى ناھىيىلەردە بىردىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ (شەنلى مەكتەپ) قۇردى، كېيىنكى يىللاردا ناھىيە شەھەرلىرى ۋە چوڭراق بازارلاردىكى بىرقىسىم مەكتەپلەرنى ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. لېكىن يەنىلا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئومۇمىي مەكتەپ سانى ۋە ئوقۇغۇچىلار سانى ئىچىدە 1/4 نىسبەتنى ئاران تەشكىل قىلاتتى. مەسىلەن: 1948 - يىلدىكى خوتەن ناھىيىسىدە بار بولغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئىچىدە چايخانا مەكتەپ (1 - باشلانغۇچ مەكتەپ)، قىزلار مەكتىپى (2 - باشلانغۇچ)، خەنزۇ مەكتەپ (3 - باشلانغۇچ)، 4 - مەكتەپ، خانئېرىق ۋە سەيشەنبە بازار باشلانغۇچ مەكتەپلىرى قاتارلىق 6 ئورۇندىكى مەكتەپ ھۆكۈمەت قارىمىقىدا بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە تەخمىنەن 40 تىن كۆپرەك سىنىپ ۋە 1500 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا يېزا - قىشلاقلاردا 60 تىن ئارتۇق مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە 200 دىن كۆپرەك سىنىپ ۋە 8 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. خوتەن ۋىلايىتىدە قاراشلىق 7 ناھىيىنىڭ 6 سىدە دارىلئېيتام مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق، كىيىم - كېچەك، ياتاق ۋە ئوقۇش ماتېرىياللىرى خىراجىتى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن بېرىلەتتى. شەھەردە قۇرۇلغان مەكتەپ بىنالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى، يېزا - قىشلاقلاردا قۇرۇلغان مەكتەپ



بىنالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى بىلەن سېلىنغان. ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىش، مەكتەپلەرنى رېمونت قىلىش، ئوقۇتۇش جاھازلىرىنى ياساش، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى، مەكتەپنىڭ ئىش راسخوتى ۋە ئىسسىنىش راسخوتى، يېزىلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش راسخوتى قاتارلىق چىقىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بېرەتتى. ئۇيۇشمىلارنىڭ ئاساسلىق كىرىمى «ۋەخپە يەر»① لەردىن ئېلىنغان ئىجارە ھەققى، خەلقتىن يىغىۋېلىنىدىغان ئۈشرە - زاكات② ۋە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىي ياردىمىنى ئاساس قىلاتتى.

1944 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئۈچ يىللىق تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلدى، يېڭىدىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومغا تەڭ سانائەت مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ ئىككى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى

---

① ۋەخپە يەر - كونا جەمئىيەتتە تەقۋادار كىشىلەر ئۆز يەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى مەسچىت، مەدرىسە، خانىقا ۋە مازايى - ماشايىقلارغا مەڭگۈلۈك مۈلۈك سۈپىتىدە «ۋەخپە» قىلىپ قالدۇراتتى. بۇ خىل ۋەخپە يەرلەرنى سېتىشقا ۋە ئالماشتۇرۇشقا بولمايتتى. دىنىي مۇئەسسەسەلەردە ۋەخپە ئۆتەۋاتقانلار ئىگىدارچىلىق قىلىپ باشقۇراتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەسچىتلەرنىڭ بىر قىسىم ۋەخپىلىرى ئۆزىگە قالدۇرۇلغاندىن تاشقىرى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋەخپە يەرلەرنى ئۇيۇشما ئۆتكۈزۈۋالغانىدى، ئۇيۇشما بۇ يەرلەرنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى ۋە ئىجارە ھەققى كىرىمىنى مەكتەپلەرگە ئىشلىتەتتى.

② ئۈشرە - زاكات — ئىسلام دىنىي قائىدىسى بويىچە دېھقانلار ھەر يىللىق مەھسۇلاتىنىڭ 1/10 قىسمىنى ئۈشرىگە، سودىگەرلەر ۋە چارۋىچىلار ھەر يىللىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 1/40 قىسمىنى زاكاتقا ئايرىپ، كەمبەغەل ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بۇ خىل ئۈشرە ۋە زاكاتلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن.

300 نەپەردىن كۆپرەك ئىدى. شۇ يىلى يەنە 4 يىللىق تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى 6 يىللىق تولۇقلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ، ھەر قايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە يۇقىرى سىنىپ (5 ـ 6 ـ يىللىق سىنىپلار) ئېچىلدى.

1938 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلىغا قەدەر (شىڭ شىسەي گومىنداڭ بىرلەشمىسى قۇرۇلغانغا قەدەر) بولغان ۋاقىت خوتەن ۋىلايىتىدە پەننىي مائارىپنىڭ راسا گۈللەنگەن ۋاقتى بولدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى مەمۇرىي خادىملارنىڭ مائاشىدىن كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھۆرمىتى ھەممىدىن يۇقىرى ئىدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلار مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ شان ـ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلەيتتى. ئۇ چاغدا، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر سىنىپقا بىرلا ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. مەكتەپلەر باش مەكتەپ ۋە تارماق مەكتەپلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، باش مەكتەپتىلا بىردىن مۇدىر ۋە ئىلمىي مۇدىر، بىر قانچىدىن ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. شۇڭا ھەربىر ئوقۇتقۇچى بىر سىنىپقا مەسئۇل بولۇپ، بارلىق دەرسلەرنى ئۆزى ئۆتەتتى. بەزى چەت تاغلىق رايونلاردا بىر سىنىپتا سەۋىيە ۋە ياش قۇرامى ئوخشاش بولمىغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغاچقا «قوشما تەلىم» ئېلىپ بېرىلاتتى. مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتە، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلاردا بۆلۈم باشلىقىدىن تاشقىرى، 2 دىن 3 كىچە مۇپەتتىش (ئىنسپېكتور)بولۇپ، ئۇلار خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان



مەكتەپ مۇدىرلىرىنى، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇش ياكى دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، تەكلىپ ئورۇنلۇق بولسىلا دەرھال ئىجرا قىلىناتتى. سىنىپ كۆچۈرۈش ۋە سىنىپتا قالدۇرۇش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش تۈزۈملىرىمۇ جانلىق ئىدى. نەتىجىسى پەۋقۇلئاددە ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى مەۋسۇم ئارىلىقىدا سىنىپ كۆچۈرۈشكە، ھەتتە دەرىجە ئاتلاپ سىنىپ كۆچۈرۈشكە، ئۆگىنىشتە پەۋقۇلئاددە ناچار ئوقۇغۇچىلارنى مەۋسۇم ئارىلىقىدا تۆۋەن يىللىق سىنىپلارغا چۈشۈرۈۋېتىشكە رۇخسەت قىلىناتتى. 1 ـ يىللىق سىنىپلارغا قوبۇل قىلىنغان تەلەپ ھەممىدىن كۈچلۈك بولۇپ، «ئېلىپبە» دەرسى پۈتۈن بىر يىل ئوقۇتۇلاتتى، ساۋاتلىق بولۇش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلار 2 ـ يىللىققا كۆچۈرۈلمەيتتى. يۇقىرى يىللىق سىنىپلاردا ئوقۇش كىتابى (ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى) ۋە گراماتىكا دەرسى ئايرىم ـ ئايرىم تەسىس قىلىنغاچقا، ئوقۇغۇچىلار گراماتىكا قائىدىلىرىنى خېلى پۇختا ۋە سىستېمىلىق ئىگەللىۋالالايتتى. ماتېماتىكا دەرسىدە مەسىلە ئىشلەش ئاساسىي ئورۇندا، مىسال ئىشلەش قوشۇمچە ئورۇندا تۇراتتى، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى يېشىش ئىقتىدارى يۇقىرى ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا بولغان تەلەپ تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ھەقىقەتەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش سەۋىيىسىگە يەتمىگەنلەر سىنىپتا قالدۇرۇلاتتى. يىللىق ئىمتىھاندا نەتىجىسى ئەلا بولغانلارغا ماددىي مۇكاپات ۋە تەقدىرنامىلار بېرىلەتتى. ئۇ چاغدا مەكتەپلەردە ھازىرقى پىئونېرلار ئەترىتى ئورنىدا ئىزچىلار ئەترىتى (تۇگزىجۇن تەشكىلى) بار ئىدى. ئەخلاق،

ئۆگىنىش، تەنتەربىيىدە ياخشى بولغان مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار «ئىزچى» لىققا قوبۇل قىلىناتتى.

ئۇندىن باشقا ھەر قايسى مەكتەپلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى تەشۋىقى - تەرغىبات، مەدەنىيەت ۋە ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مەركىزى ئىدى. كۆپلىگەن مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن سەنئەت كۇرژۇكلىرى ۋە مەكتەپ قىرائەتخانىلىرى بار ئىدى. كونسېرت، كۆرسىتىش دىكلاماتسىيە ئوقۇش قاتارلىق جانلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، پەن - مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش ھەققىدە كەڭ ئاممىغا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلاتتى. ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى تەشكىللەش،ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشلىرى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. شەھەر ۋە بازار مەكتەپلەردە دائىمىي يىللىق كەچكى ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى (كەچكۇرس)، يېزىلاردا مەھەللىلەر بويىچە كەچكى ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار سىنىپ ۋە ئوچاستكىلار بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەيتتى. شەھەر ۋە بازارلاردىكى كەچكۇرسلاردا ھەر كۈنى بىر سائەتتىن 2 سائەتكىچە يىلبويى دەرس ئۆتۈلەتتى، يېزا - قىشلاقلاردا دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرى (ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازلىق يىغىم - تېرىم، كۈزلۈك تېرىلغۇ مەزگىللىرى) بىر قانچە كۈن دەرس توختىتىلغاندىن تاشقىرى، قالغان كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە يىل بويى ئوقۇيتتى. ساۋاتلىق بولمىغانلارنىڭ ئوقۇش پۇتتۇرۇشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. شۇڭا



ئۇ چاغدىكى ساۋات چىقىرىش كۆلىمى ھازىرقىدەك كەڭ دائىرىدە بولمىسىمۇ، لېكىن يىل بويى ئوقۇش داۋاملاشتۇرۇلغاچقا ئۈنۈمى يۇقىرى ئىدى.

ھېلىمۇ يادىمدىن چىقمايدۇ: 1941 - يىلى 6 - ئايدا گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى كۈز پەسلىدە خوتەن شەھرىدىكى «چايخانا» مەكتەپتىن فاشىزمغا قارشى رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. (مەن بۇ چاغدا ئوقۇغۇچى ئىدىم). كۆرگەزمىنىڭ 1 - بۆلۈمىگە ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ چوڭ ئايتىلغان رەسىمى، داھىلارنىڭ پائالىيىتىگە دائىر رەسىملەر، ستالىننىڭ سوۋېت خەلقىغە چىقارغان فاشىزمغا قارشى سەپەرۋەرلىك مۇراجەتنامىسىنى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىكى فوتو سۈرىتى قويۇلغانىدى. كۆرگەزمىنىڭ 2 - بۆلۈمىگە سوۋېت ئارمىيىسى ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتىكى قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى، 3 - بۆلۈمىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە پەن - مائارىپ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى، 4 - بۆلۈمىگە جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇملىدىن 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيە ۋە پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى جەڭگىۋار كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان رەسىم ۋە فوتو سۈرەتلەر قويۇلغانىدى. دېمەك بۇ خىل تەشۋىقىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مەكتەپتىن مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلاتتى.

ئۇ چاغدا مەكتەپلەردە يەنە ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئوقۇش خېلى كەڭ قانات يايغانىدى. جۈملىدىن «پارتىزانلار ناخشىسى» (ھازىرقى دۆلەت شېئىرى)، «ماي قىزىل

گۈلى» «يېرى كەڭ، بايلىقى مول شىنجاڭ»، «ياپون ئالۋاستى-
لىرى» قاتارلىق مەملىكەت بويىچە تارقالغان ئىنقىلابىي
ناخشىلار — ئوقۇغۇچىلار ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىلار-
دىن ئىدى. چوڭ بايرام ياكى ئوقۇغۇچىلار يىغىلغان چوڭ
يىغىنلاردا مەكتەپلەر ئۆزئارا بەس - بەس بىلەن ناخشا
ئوقۇشاتتى.

1943 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى ئۆلكىلىك
كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ
مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى يىلدىن - يىلغا ئارقىغا چېكىندى.
گومىنداڭچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى «سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىست-
لارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار» دەپ قارىغاچقا، ئوقۇغۇچىلار
قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئەڭ خەۋپلىك دۈشمىنى بولۇپ قالغا-
نىدى. شۇڭا نەسىردىن سىدىق، جەمىلىدىن جېلىل، قاتار-
لىق بىر تۈركۈم ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى قولغا ئالدى،
ياش شائىر ئەمەت غوپۇرى دورا بىلەن زەھەرلەن-
گەندە قۇتقۇزۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق قۇتقۇزۇۋال-
ماي، ئۆلۈمگە زامىن بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
قوللىشى ۋە يەل بېرىشى ئارقىسىدا فېئودال كۈچلەر ۋە
يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ يەنگە، يېڭى
مەكتەپلەرگە، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچىلارغا قارشى تۇرۇش تەتۈر
قوپۇشىنى چىقاردى. ئۇلار خەلقنىڭ دىنغا ئىشىنىش ھېسسى-
ياتىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى مەكتەپلەرنى «دىننى يوقىتىدۇ»
دەپ، ئوقۇتقۇچىلارنى «كوممۇنىستلارنىڭ قۇيرۇقى»، «دەھرى»
دەپ ھاقارەتلەپ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ ئىتتى-
پاقلىقىغا بۇلغۇنچىلىك سالدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر پەرزەنتلى-
رىنى يېڭى مەكتەپلەردىن چىقىرىۋېلىپ، دىنىي مەكتەپلەرگە بەردى.



ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك دەرسكە قاتنىشىش نىسبىتىمۇ
بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى،
ئەتىگەن كەم دېگەندە ئىككى سائەت بەزىلىرى چۈشكىچە
مەھەللىمۇ - مەھەللە يۈرۈپ بالا يىغاتتى، بەزىلەر ئاتا - ئانى-
لارنىڭ ھاقارەتلىشىگە، ئۇرۇپ - تىللىشىغا ئۇچرايتتى. 1946 -
يىلى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ دائىرى-
لىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن،
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى
قىزغىن ھىمايە قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى دېموكراتىك پائالى-
يەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ دائىرىلىرى ۋە
يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى
تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. ئۇلار 1947 - يىلى دارىلمۇئەللىمىن
مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئىنقىلابىي ياش ئىمىن ئىسلامنى سۇيى-
قەست بىلەن ئۆلتۈردى، شۇ يىلى 7 - ئايدا كەڭ كۆلەملىك
ئاق تېرورلۇق يۈرگۈزۈپ، ۋىلايەت بويىچە 300 دىن كۆپرەك
كىشىنى قولغا ئېلىپ، نەزەربەنت قىلغاندا، ئاساسىي تىغ
ئۇچىنى مەدەنىي - مائارىپ خادىملىرىغا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا
قاراتقانىدى. شۇڭا بىر قىسىم ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار قولغا
ئېلىندى، بىر قىسىم ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار خىزمەتتىن
ھەيدەلدى.

بۇ يىللاردا يەنە پۇل پاخاللىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇتقۇچى-
لارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. بازار باھاسى كۈنسايىن
ئۆسۈپ تۇراتتى، قەغەز پۇلنىڭ ئىناۋىتى يوق ئىدى. شۇڭا
بەزى ئايلاردا بىر ئايلىق مائاشقا ئاران 2 - 3 چارەك ئاشلىق
سېتىۋالغىلى بولسا، بەزى ئايلاردا بىر ئايلىق مائاشقا بىر

جىڭ گۈش ياكى بىر نەچچە قاپ سەرەڭگە كەلمەيدىغان ۋاقىتلارمۇ بولغانىدى. مائارىپ مەمۇرىي ئورۇنلىرىدىكى ئەمەلدارلار بانكا خادىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن مائاشنى بىر قانچە ئاي سودىگەرچىلىك ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشكەندە تارقىتىپ بېرەتتى.

مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىلگىرى دەرسلىك كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلىپ كېلەتتى، قەغەز - قەلەم قاتارلىق ئوقۇش قوراللىرىمۇ چەتتىن كىرگۈزۈلەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەندىن كېيىن مەكتەپلەردە دەرسلىك كىتاب يېتىشمەسلىك، قەغەز، قەلەمنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇپ ئوقۇغۇچىلار سېتىۋالالماسلىق ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقتى. بىر قىسىم دەرسلىكلەر شىنجاڭدا نەشىر قىلىنغان بولسىمۇ سۈپىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. دەرس پروگراممىسىدىكى تىل - ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق ئاساسىي پەنلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش ھېسابىغا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىن باشلاپ سەنمىنجۇيى دەرسلىكى «ئەخلاق دەرسلىكى» قاتارلىقلار كىرگۈزۈلۈپ، ئاساسىي پەنلەرنى ئوقۇتۇش ۋاقتىنىڭ يېرىمى دېگىدەك قىسقىراپ كەتكەنىدى. ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن «تازىلاش» ياكى چەتكە قېقىشقا ئۇچراپ تۇرغاچقا دارىلمۇئەللىمىن، سانائەت مەكتىپى قاتارلىق ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى لاياقەتسىز كىشىلەر ئىدى. شۇڭا ئالگېبرا، فىزىكا، خىمىيە، قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلمەيتتى ياكى ناھايىتى ئاز ئۆتۈلەتتى.



سانائەت مەكتىپىدە ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئىشچى ئورنىدا پىلە بېقىش، گىلەم توقۇش، دېھقان - چارۋىچىلىق ئەمگەكلىرىگە سېلىنىپ، ئەمەلىي ئوقۇش ۋاقتى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، كۈنىگە 2 قېتىم نان، بىر قېتىم سۇيۇقئاش بېرىلەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئاستىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەر 6 يىللىق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ئوقۇتۇش سۈپىتى 4 يىللىق تۈزۈمدىكىدىنمۇ تۆۋەن ئىدى، 3 يىللىق تولۇقسىز تېخنىكوملارنىڭ سەۋىيىسى ئىلگىرىكى بىر يىللىق كۇرستىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

## مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرى مائارىپ ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئەگىشىپ، 1938 - يىلدىن كېيىن باشلاندى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھازىرقى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئورنىدىكى «شىڭدەن» دەپ ئاتىلىدىغان سارايدا ئىچكى ئۆلكىلەردىن تەكلىپ قىلىنغان چاڭچىلە ۋە سېرىك ئۆمەكلىرى ئاندا - ساندا ئويۇن قويۇپ تۇرسىمۇ بۇ ئويۇن كونا چاڭچىلە نومۇرلىرىنى ئاساس قىلاتتى. ئويۇن كۆرگۈچىلەر ئەمەلدارلار ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى بىلەن چەكلىنەتتى، خوتەننىڭ ئۆزىدە تۇراقلىق سەنئەت ئۆمىكى ياكى سەنئەت كوللېكتىپى يوق ئىدى. زامانىۋى كىنو - تىياتىردىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايتتى. ھەريىلى روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت قاتارلىق مىللىي بايراملاردا ھاشىم ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئورۇق -

تۇغقانلىرىدىن ئىبارەت يەرلىك داۋازلار دارغا چىقىش ماھارىتىنى كۆرسىتەتتى، شەخسلەر چاقپىلەك ۋە ساغايدى ئويۇنلىرىنى ئويۇشتۇراتتى. سەنئەت ئىشلىرىدا ئەنئەنىۋى مەشرەپ ۋە توي-تۆكۈن ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

1938 - يىلى ئۇيغۇر ئويۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەركىبىدە سانايى نەپىسە بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈم ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدىكى مەدەنىيەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە خەلق ئىچىدىن تاللاپ ئېلىنغان سازەندىلەردىن تەركىب تاپقان «سانايى نەپىسە ئۆمىكى» (سەنئەت ئۆمىكى) نى تەشكىل قىلدى. ئۆمەكتە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن قاھارجان (ئۆزبېك) مۇزىكا ئۇستازى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ ئۆز دۆلىتىگە قايتقان ھاجى خانىم ئۇسسۇل ئۇستازى ئىدى. كېيىن بۇ ئۆمەككە ئەمەت ئۆمەر (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمىكىدە) قاتارلىق ماھىر سەنئەتكارلار قوشۇلۇپ، سانايى نەپىسە ئىشلىرى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يېتىشتۈرۈشى بىلەن ھوشۇر ئەيسا، نادىرخان، دىمىن ئاخۇن، مەتروزى مۇسا قاتارلىق ياش سازەندىلەر، ھاۋا ساقى، پاتەم باقى، ھەبىبەخان قاتارلىق ماھىر ئۇسسۇلچىلار يېتىشىپ چىقتى. سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا «بارات جەللىگۇر»، «ئاتا بىلەن بالا» قاتارلىق قىسقا كومېدىيە ئېيتىشىش، ناخشا ۋە ئۇسسۇل نومۇرلىرى ئوينىلاتتى. كېيىنرەك «چىمەنگۈل»، «كۆرەش قىزى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ۋە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشنى مەزمۇن قىلغان بىرمۇنچە نومۇرلار ئىجاد قىلىنىپ ئوينالدى. بۇ چاغدا يەنە ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدا كىنو



قويۇش ئەترىتىمۇ بار ئىدى. ئەترەتتە چىڭ جۇكيۇەن، مەھەممەت شېرىپ قاتارلىقلار باش مىخايىنىك ئىدى. ئۇ چاغدا قويۇلىدىغان كىنولار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «لېنىن ئۆكتەبىردە»، «چاپايېۋ»، «گىرانىشتات»، «چىرايلىق ۋاسىلىسا» قاتارلىق ئىلغار فىلىملار ئىدى. مەخسۇس كۇلۇبى بولمىغانلىقتىن مەيلى تىياتىر، مەيلى كىنو بولسۇن مەكتەپ مەيدانلىرى، خەلق سورۇنلىرى قاتارلىق ئۈستى ئوچۇق جايدا قويۇلاتتى. ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا 1940 - يىلى خوتەن خەلق كۇلۇبى سېلىنغاندىن كېيىن كىنو ۋە تىياتىرلار كۇلۇب ئىچىدە قويۇلىدىغان بولدى. 1941 - يىلى مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن 4 - نۆۋەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە بىر سىنىپ سازچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، 40 تىن ئارتۇق ياش ئىسكىروپكا، چاڭ، غىجەك، نەي، داپ قاتارلىق ساز تۈرلىرىنى ئۆگەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى ناھىيىلەردىمۇ ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا سانايى نەپىسە ئۆمەكلىرى قۇرۇلدى ۋە كىنو ئەترەتلىرىمۇ بارلىققا كەلدى.

1944 — 1947 - يىللىرى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مىللىي سەنئەت ئىشلىرىدا چوڭ جانلىنىش بولدى. 1944 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسى ۋە ۋىلايەتلىك ساقچى بىرلىشىپ تەشكىل قىلغان ئىشتىن سىرتقى بىرلەشمە سەنئەت ئۆمىكى «غېرىپ سەنەم» ئوپېراسىنى سەھنىدە ئوينىدى. ئوپېرادا ھاۋا ساقى سەنەم رولىدا، ئابلىمىت روزى غېرىپ رولىدا، ئەمەت ئۆمەر شاھى ئابباس رولىدا، تۇرسۇن قادىر ئابدۇللا شاتۇرى رولىدا، ھەدىيە خانىم ئاغچى ئانا رولىدا چىقىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىز-

ياردەمگە يۈگرۈش (كۆچ ئۇلاپ يۈگرۈش)، 200 ـ 100 مېتىرلىق

غىن ئالقىشىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قىسقا مۇسابىقىغا يۈگۈرۈش، توساقلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈش، ئېگىز-
سانايى نەپىسە ئۆمىكى «پەرھاد ـ شېرىن»، لوتپۇللا مۇتەللىپ گە سەكرەش، يىراققا سەكرەش، گىرانات ۋە چويۇن توپ
يازغان «تاھىر ـ زوھرا»، ئەخمەت زىيائىي يازغان «رابىيە ئېتىش، تورنىك ئويناش، ئارغامچا تارتىشىش، ۋالىبول، ۋاس-
سەئىدىن» ئوپېرالىرىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقتى. 1946 كېتبول، پۇتبول قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مۇسابىقە ئېلىپ
يىلى قىزلار مەكتىپى مەكتەپ مۇدىرى ئابلىمىت ئەزىمەتتى بېرىلىپ، مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققان ۋە رېكورد ياراتقان كول-
يېتەكچىلىكىدە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ لېكتىپ ۋە شەخسلەرگە كۈمۈش لوڭقا، كۈمۈش مېدال، ۋېلىسىپ-
«سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «پىرىخون»، «يېتىم قىز» قاتارلىق پىت، يۇڭ ئەدىيال قاتارلىق مۇكاپەت بۇيۇملىرى تارقىتىپ
سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينىدى. 1947 ـ يىلى گومىنداڭ دائىم بېرىلەتتى. 1943 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ ئىككى بايرام كۈنى-
رىلىرى تىنچلىق بىتىمىنى بۇزغاندىن كېيىن سەنئەت ئۆمەكلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ
رىنى تارقىتىۋېتىپ، ئەمەت ئۆمەر، ئابلىمىت روزى، ئابلىمىت 1 ـ كۈنى بالىلار بايرىمى ئۆتكۈزۈش بەلگىلەندى. بۇ بايرامدا
ئەزىمەتتى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئاتاقلىق سەنئەتچىلەرنى ئىشتىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئوقۇغۇچىلارنى
بوشاتتى. ئاساس قىلغان بولۇپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردە ياكى مەكتەپ-
خوتەندە ئاممىۋى خاراكتېرلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىلەرنىڭ ئۆزىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ
1939 ـ يىلىدىن كېيىن باشلاندى. بۇ چاغدا ھەر يىلى 4 ـ ئاي ئاممىۋى خاراكتېرلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ ئۇچۇقتۇ-
«12 ـ ئاپرېل ئۆزگىرىشىنىڭ خاتىرە كۈنى»، 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ رۇۋېتىلدى.
كۈنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقىي شىمال 4 ئۆلكىنى
بېسىۋالغان پاجىئەلىك كۈنى ئىدى. ھەر يىلى 12 ـ ئاپرېل
بايرىمى ۋە 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن كەڭ
كۆلەملىك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. ئاپرېل
بايرىمىدىكى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ناھىيىلەر بويىچە
18 ـ سېنتەبىردىكى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ۋىلايەت بويىچە
ئۆتكۈزۈلۈپ، 10 كۈندىن 15 كۈنگىچە داۋاملىشاتتى. ۋىلايەت
بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە ھەربىي
قىسىملار ئات ئۈستى مەشقىنى كۆرسىتەتتى. 10 مىڭ مېترلىق
5 مىڭ مېترلىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، 800 ۋە 400 مېترلىق

# يەكەندە مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى ۋە تەرەققىياتى

ئابدۇرىشىت يۇسۇپى

يەكەن قەدىمىي شەھەر. ئۇ قەشقەرگە ئوخشاشلا ئىلىم-پەن - مەرىپەتنىڭ ماكانى بولغان. جاھالەتلىك يىللارنىڭ مۇدھىش كۈنلىرىدە يەكەن مائارىپىنىڭ چىرىقى ئۆچكەن، ئىلىم - پەن ئورنىنى جاھالەت - نادانلىق قاپلىغان. شۇنداقتىمۇ يەكەن خەلقى داۋاملىق ھالدا ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە تىرىشىپ - تىرمىشىپ كۆڭۈل بۆلگەن. شەرت - شارائىتى بار كىشىلەر پاكىستان، ھىندىستان، مىسىر، قاھىرە، باغداد بۇخارالارغا بېرىپ ۋە سانى بۇخارا (2 - بۇخارا) دەپ ئاتالغان قەشقەرگە كېلىپ بىلىم ئالغان، ئىچكى تەرەپتە قانچىلىغان ئىلىم مەرىپەت سۆيەر كىشىلەر تۈرلۈك توسالغۇلارغا تىز پۈكمەي، ئىجتىھات بىلەن «ئەمنىيە»، «ئارتۇقىيە»، «مەھمۇدىيە» نامىلىق يېڭىچە مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال كۈچ چىقارغانىدى. 1927 - يىللىرىدا ئارتۇق ھاجى داموللا (ئۆزبېك) يەكەن شەھەر ئىچكى ساراي كۆلىدىكى ئۆز قورا جايلىرىدا ئاچقان مەكتەپى «ئارتۇقىيە»، ئىمام مامۇت قارىمنىڭ خەندەككۆل بويىدا قۇرۇلغان «مەھمۇدىيە مەكتىپى»، ئىمىن قارىمنىڭ قوچقارئاتا مەھەللىسىدە ئاچقان «ئىمىنىيە مەكتىپى» قاتارلىقلار تارىخنىي ئىسپاتتۇر.



بۇ مەكتەپلەر گەرچە دائىرە جەھەتتىن كىچىك (ھەر بىر مەكتەپ بىر سىنىپ بولۇپ ئوقۇغۇچىسى 50 - 60 نەپەر) بولسىمۇ، يېڭىچە ئۇسۇلدا تەربىيىسى مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مەشھۇر مەنىۋى يېتەكچىسى ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرى چەتئەللەردە ئوقۇش يىللىرىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە مۇدەررىس بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تالىپلارغا دەرس ئۆگەتكەن ۋە نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن. شۇ مەزگىللەردە يەكەننىڭ دىنىي ئەربابى ئابدۇسادىق ئەلەم ئاخۇنۇم يەكەن مەدرىسلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلى مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجىنى قەشقەر مەدرىسىگە ئەۋەتىپ، ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. مەھەممەت ئابدۇللاخان ئوقۇش جەريانىدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردە ئېلىپ بارغان پەن، مائارىپ، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا ۋە ئۆزىنىڭ چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ سۈيىقەستلىك دىن تارقىتىشىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ تەسىرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. كېيىن ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، يەكەنگە قايتىپ كېلىپ ئورداكۆل، يېشىل مەدرىسلىرىگە مۇدەررىس بولۇپ، نۇرغۇن تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئوقۇرلىقى ئەرەب، پارس، ئوردۇ، تۈرك تىللىرىنى پىششىق بىلىشى، يېتىشكەن تارىخ، ئەدەبىياتچىلىقى بىلەن خەلق ئىچىدە ئالىم دەپ تونۇلىدۇ. 1927 - يىلى ھەج تاۋاب قىلىش ئۈچۈن

مەككىگە بېرىپ قايتىش سەپىرىدە مىسىر، ئىران، تۈركىيە
ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ.
ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتلىرىنى كۆزدىن كەچۈ-
رۈپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئىلىم - پەندە نەقەدەر ئارقىدا قالغانلىقىغا
قاتتىق ئېچىنىدۇ. ئۇ 1930 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋەتەنگە
قايتىپ كېلىپ بىرەر يېڭى مەكتەپ ئېچىپ ئىلىم - پەن ئارقى-
لىق ئۆز خەلقىنى تەربىيىلەش، ئويغىتىشقا بەل باغلايدۇ.
ئاكىسى ئابدۇسادىق ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ زور مەدەت بېرىشى، يە-
كەندە تۇرۇۋاتقان خوتەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى ئىمىر
ساھىپ، شاھ مەنسۇرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن 1932 - يىلى
باھار پەسلىدە يەكەندە تۇنجى قېتىم يېڭى مەكتەپ «مەتلە-
ئىل ئىرپان» (ئىرپاننىڭ تۇغۇلۇش ئورنى) مەكتىپىنى
قۇرۇدۇ.

«مەھمۇدىيە»، «ئەمىنىيە»، «ئارتۇقىيە» مەكتەپلىرىدىكى
ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر قايسى خەلپەتلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچ
لار قوبۇل قىلىنىپ، مەكتەپ ئورنى يەكەن شەھەر مانجۇ كۆل
بېشىدىكى ئىمىن بەگنىڭ ھويلىسىدا قۇرۇلۇپ، دەسلەپكى
قەدەمدە 5 سىنىپتا 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى دەرس باشلاي
دۇ. مەكتەپ ئىشىكىگە «مەتلە ئىل ئىرپان» دېگەن ۋىۋىسكا
ئېسىلىپ، پارتا، دوسكا، ئورۇندۇق قاتارلىق بىر تۇتاش جاھاز
لار بىلەن زىننەتلىنىپ، ئالاھىدە تۈسكە كىرىدۇ. مەھەممە
ئابدۇللاخان خوجام مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ۋە بەزى قىي
دەرسلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرلىك ۋەتەنپەرۋ
ئىلغار كىشىلەردىن غۇلام ھەسەنخان، ئارتۇق ھاجى داموللا
ئۆمەر ئېلى داموللام، ھەلىمىدىن ئاخۇنۇم قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچ
لىقتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مەكتەپ راسخوتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى



مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجام ئۆزى چىقىرىدۇ ۋە ئاز بىر
قىسمىنى خەلق ياردەم قىلغان ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەيدۇ.
ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ
تەجۋىد، ھۆسنىخەت، غەزەل، تەنتەربىيە، شىپاھ (تازىلىق) قاتار-
لىقلار بولۇپ، دەرسلەر كۈنلۈك، ھەپتىلىك پىروگراممىسى
ئاساسىدا رەتكە سېلىنغان. مەكتەپ ئىنتىزامى مۇكەممەل، ئوقۇت-
قۇچىلارنىڭ ئەستايىدىل دەرس ئۆتۈپ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىگە
كۈچلۈك جەلپ قىلىشى بىلەن مەكتەپكە كىرگۈچىلەر كۈندىن -
كۈنگە كۆپىيىدۇ. كېيىن مەكتەپ ئورنى تارلىق قىلىدۇ. نەتى-
جىدە يەكەن جۇۋىچى كۆلى ئالدىدىكى چوڭ مەدرىس مۇۋاپىق
كۆرۈلۈپ، بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىش بىلەن سىنىپ سانى كۆپە-
يىدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ 1500 دىن ئاشىدۇ. مەكتەپ ھەر جەھەتتە
تەرەققىي قىلىپ خېلى چوڭ بىر ئوقۇش ئورنىغا ئايلىنىدۇ،
تەسىرىمۇ كۈنسايىن كۈچىيىدۇ.

1933 - يىلى كۈز پەسلىدە ماجۇڭيىڭ قەشقەردە زور
كۆلەملىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ بىر نەچچە مىڭ شەھەر
خەلقىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، خوتەنگە يۈرۈش
قىلغاندا، يەكەنگە چۈشۈپ بىر نەچچە ۋاقىت تۇرىدۇ. بۇ چاغ-
دا «مەتلەئىل ئىرپان» بىر مەزگىل تاقىلىدۇ. ماخۇسەن
قايتىپ كەتكەندىن كېيىن قەشقەردە تۇرۇشلۇق گېنېرال مەھمۇد
مۇھىتىنىڭ ھەربىي قىسىملىرىدىن پولات تۈەنجاڭ يەكەنگە كېلىدۇ.
1934 - يىلى باي ئاخۇن ئەزىز ناھىيىگە ھاكىم بولىدۇ.
شۇندىن كېيىن يەكەن تىنچلىنىپ، مەكتەپمۇ قايتا ئېچىلىپ
ئوقۇش باشلايدۇ. «مەتلەئىل ئىرپان» نى ئاساس قىلغان
ھالدا يەكەننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا كۆپلەپ مەكتەپلەر قۇرۇ-

لۈپ، مائارىپ ئوقۇتۇش دولقۇنى راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ. مەھەممەت ئابدۇللاخان خوجام مائارىپ مۇدىرى بولىدۇ. 1935 - يىلى مائارىپ خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. يەنىلا مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجام ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان تەشۋىقات يەنىمۇ كۈچىيىپ، بىرەر يىل ئىچىدىلا نۇرغۇنلىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش دائىرىسى كېڭىيىدۇ. 1936 - يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپ 199 غا، سىنىپ 650 كە، ئوقۇغۇچى 22000 گە يېتىدۇ. «مەتلەئىل ئىرپان» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇ يېڭى قۇرۇلغان مەكتەپلەرگە مۇدىر ۋە باش مۇئەللىم قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. مەھەممەت پاتى، زىيائىدىن، بەدرىدىن، مۇھەممەت ئىمىن ئىلايى (هازىر سەئۇدى ئەرەبىستاندا)، سەمەت ئەھمەت (هازىر شىنخۇا كىتابخانىسىدا)، ئابدۇراھمان پەيزۇللا (هازىر يەكەن مال دوختۇرخانىسىدا) قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر «مەتلەئىل ئىرپان» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ. هازىرقى ۋاقىتتا ئەڭ پىشقەدەم مائارىپچىلاردۇر. مائارىپچى مەھەممەت ئابدۇللاخان خوجام ھەققىدە پۈتۈن خەلق ئاممىسى ۋە بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار:

«مائارىپقا مۇدىردۇر مۆھتەرەم خوجام،
ئاقارتىشنىڭ يوللىرىنى بىلۇرلەر تامام........»

دەپ، ناخشا ئېيتىپ مەدھىيىلىگەن. كېيىن بۇ ناخشا كەڭ تارقالغان.

1937 - يىلى قانخور شېڭ شىسەي ئۇرۇمچىدە قومۇل خەلق ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى رەئىس خوجىنياز هاجىم باشلىق



نۇرغۇن كىشىلەرنى قولغا ئالدۇ. بۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق گېنېرال مەھمۇت مۇھىتى شېڭشىسەينىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چەتكە چىقىپ كەتكەنىدى. شۇندا جاللات شېڭ شىسەي شىنجاڭنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن زور كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىپ نۇرغۇن ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى، ئوقۇمۇشلۇق زىيالىلارنى قولغا ئالدى. مۇشۇ قاتاردا يەكەندە تۇنجى قېتىم «مەتلەئىل ئىرپان » نى قۇرۇپ، مەدەنىي - مائارىپ تەرەققىياتىغا يول ئاچقان مەھمۇت ئابلاخان خوجامنىمۇ تۇرمىگە تاشلاپ يوقىتىۋەتتى. ئابدۇكېرىم مەخدۇم، بەدرىدىن قاتارلىق نۇرغۇن زىيالىلارنىمۇ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەكەن خەلقىنىڭ ئانا مەكتىپى «مەتلەئىل ئىرپان» نىڭ باشقۇرغۇچىسى مەھەممەت ئابدۇللاخان خوجام 1937 - يىلى دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. لېكىن ئۇنىڭ يەكەن مائارىپىغا قوشقان تۆھپىسى خەلقنىڭ قەلبىدىن ئايرىلمىدى.

1937 - يىلىغا كەلگەندە يەكەن خەلق ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئەسلىگە كېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە مۇكەممەللىشىشكە باشلايدۇ. ئىچكى تەشكىلى ۋە مەكتەپلەرگە قارىتا رەھبەرلىكنى كۈچەيتىدۇ. ئۇيۇشمىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى رەتكە سېلىشتا ئۇيۇشما مالىيە مۇدىرى پازىلجان رەھىم، ئاۋقاپ مۇدىرى ئارتۇق هاجى داموللا زور كۈچ چىقىرىدۇ، پىشقەدەم ئارتىس، ئارتىسكالاردىن پازىلجان ئاكا، هاجى نۇرۇللا، زىيائىدىن قارىم، يۈسۈپ زىيا، ئابدۇقادىر يۈسۈپ، ئابدۇقادىر مۆھرىنى، خەيرىنىسا تۆلەندى (قەشقەر سەنئەت مەكتىپىدە)، مۇھەممەت رەھىم (ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت مەكتىپىدە) قاتارلىقلارنىڭ قاتنى-

شىشى بىلەن سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللىنىپ ئويۇن قويۇش دىغان مۇكەممەل بىر مەكتەپ بولۇپ تەشكىللەندى. بۇنىڭ
ئىشلىرى يولغا قويۇلدى. ئارتۇق ھاجىنىڭ مەسئۇللۇقى ۋە پۈتۈن راسخوتلىرى ئۇيۇشما تەرىپىدىن تەمىنلىنەتتى. 1938 -
تەھرىرلىكىدە «يەكەن خەۋىرى» ناملىق يازما گېزىت چىقى. يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما 300 دىن ئارتۇق
رىلدى. بۇ گېزىتكە مەزمۇنلۇق ئىلمىي، ئەخلاقىي، ئەدەبىي ئوقۇتقۇچى ۋە بىر بۆلۈم ئىقتىدارلىق كىشىنى يەكەنگە
دائىرىدىكى ماقالە ۋە مەكتەپلەر تەرەققىياتىغا دائىر خەۋەرلەر ئەۋەتتى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ئوقۇتقۇچىلاردىن 60 كىشى
ئېلان قىلىناتتى. گېزىت بىر نەچچە نۇسخا بولۇپ، پۈتۈنلەي قەشقەردە ئېچىلغان ئىككى ئايلىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى-
چىرايلىق خەتلەر بىلەن كۆركەم ئىشلىنەتتى، شۇ گېزىتنىڭ سىغا ئەۋەتىلىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى بىر قەدەر
9 - سانىنى كۆرگىنىمىزدە گېزىت ئەتراپىدا چوڭ ھۆسنى ئۆستۈرۈلدى. 1939 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەت-
خەت بىلەن «يەكەن خەۋىرى» دەپ يېزىلىپ، ئاستىغلىك مائارىپ ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر
تەئەللەم ياپە تاپەل جىھلى ئارۇ ئۇيۇشما تەرىپىدىن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن (سىفەن)
ۋەلا يەر زابىھى ئىللاھىمارۇ نىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر سىدىق ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەھمەت
(جاھىللىق نومۇستۇر ئىلىم ئۆگەنمەك كېرەك. ھۆسيۈن ۋە مەن يەكەنگە ئەۋەتىلدۇق، ئابدۇقادىر سىدىق
رازى بولماس جاھىللىقتا ئىنسان، ئۆلۈر رازى ئېشەك ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە، مەن مەدەنىيەت بۆلۈم مۇدىرلىكىگە،
دەپ يېزىلغان. بۇ گېزىت ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئەھمەت ھۆسيۈننى پۈتۈن مەكتەپلەر مۇپەتتىشلىكىگە
ھەپتىدە بىر سان چىقىرىلىدىغان بولدى. 1937 - يىلى يا تەيىنلەپ خىزمەتكە كىرىشتۇق، يەكەن ئىككى ناھىيىدە
بېشىدىلا بۇرۇنقى كىچىك دائىرىلىك دارىلئاجىزىن (ئىگى ھۆكۈمەت تەمىناتىدا ئىككىلا باشلانغۇچ مەكتەپ (يېڭىشەھەر-
چاقسى يوق ئاجىزلارنى تەربىيىلەش ئورنى) يەنە زورايتىلىپ ھەردە 3 سىنىپلىق خەنزۇ باشلانغۇچ، كونىشەھەردە 9
ھەزرىتى پىرىمدىكى مەدرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ سىنىپلىق ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ) بار ئىكەن. بۇلار
بىلەن 500 دىن كۆپرەك ئاجىز كىشىلەر تەربىيىلىنىدىغان شەنلىك مەكتەپ دەپ ئاتىلاتتى. ئوقۇغۇچىسى 450 تىن
بولدى. بۇ دارىلئاجىزىنغا شەتەي روزى بېگىم دېگەن كىشى ئاشاتتى، پەقەت مۇشۇ ئىككى مەكتەپ ھۆكۈمەت ھېسابىدا
مەسئۇل قىلىنىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ياخشىلاندى. دارىلئابولۇپ، چىقىملىرى ھۆكۈمەتتىن بېرىلەتتى. بۇنىڭ-
جىزىن قارىمىقىدا دارىلئېيتام (يېتىم باللارنى تەربىيىلەش ئورنى) غا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىۋاستە رەھبەرلىك قىلاتتى. ناھىيە
مەكتىپى تەشكىل قىلىنغان. ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار يابويىچە ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر
تاقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ مەكتەپ ھەزرىتى پىرىدە 199 بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار 22000 ئىدى. شۇ يىلى
دىكى ھازىرقى دوختۇرخانا ئورنى قاسىمخان باي جايىمەكتەپلەرنى تولۇق تەرتىپكە سېلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى
ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 400 دىن كۆپرەك ئوغۇل - قىز تەربىيىلىنىشۈستۈرۈشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ، مائارىپ خىزمەتلىرىدە

تەجرىبىلىك كىشىلەردىن تەركىب تاپقان 5 كىشىلىكتىن
گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئىككى ناھىيە بويىچە پۈتۈن يېزىلار،
دىكى بىردىن 3 سىنىپقىچە بولغان مەكتەپلەر يېزا - مەھەل
لىلەرنىڭ يېقىن - يىراقلىقىغا قاراپ بىرلەشتۈرۈلۈپ، 11
مەكتەپ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەربىر رايون (شۇ چاغدا
بەگلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان) دا بىردىن - ئىككىدىن
مەركىزىي مەكتەپ، ئىككىدىن - ئۈچكىچە قەدەر مەركىزىي
مەكتەپ شۆبىسى قىلىپ، مەكتەپلەرگە مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر
بەلگىلەپ، مەكتەپ مالىيەسى، زاپخوز، خىزمەتچىلەرنى تولۇق-
لاپ، ئۇيغۇشمىنىڭ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشى. رەھبەرلىك قىلىشى
كۈچەيتىلدى. پۈتۈن مەكتەپلەرنىڭ شىرە، ئورۇندۇق، تەنتەربىيە
ماتېرىياللىرى تولۇقلاپ چىقىلدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تولۇقلاشتا قەشقەردە ئېچىلغان
قىسقا مۇددەتلىك كۇرسقا 50 تىن كۆپرەك يۇقىرى سىنىپ
ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەۋەتكەنىنىڭ سىرتىدا، يازلىق تەتىللەردىن
پايدىلىنىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش كۇرسى تەشكىل
قىلىنىپ خېلى كۆپ ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەندى. بۇ كۇرسنى
دەرس ئۆتۈشكە قەشقەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىندى
دەل مۇشۇ مەزگىللەردە تاشكەنت ئۆلكىلىك سىفەن مەدەنىيەت
كادىرلار كۇرسلىرىدا ئوقۇغان 20 دىن ئارتۇق زىيالىي
ئارقا - ئارقىدىن يەكەنگە كېلىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەرنى
ئوقۇتۇش سۈپىتى يەنىمۇ ئۆسۈشكە باشلىدى. 1940 - يىلى
ئۇيغۇشما قارىمىقىدىكى 10 سىنىپلىق ئوغۇللار مەكتىپى ھـ
كۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇ مەكتەپنى ئۆتكۈز
ۋېلىشتا ھەربىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى 40 تىن قىلى



تولۇقلىغانىنىڭ سىرتىدا، ئوقۇتقۇچىلارنى بىردەك سىفەننى
پۈتتۈرگەنلەردىن سەپلەپ تولۇقلىدى، بارلىق شىرە، ئورۇندۇق،
دوسكا قاتارلىق جاھازلارنى يېڭىلاش، مەكتەپنى يېڭىدىن ئىسلاھ
قىلىش شەرتى بىلەن ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇشما
گەيشەگدە 8 سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى. ئۇيغۇشما
ھېسابىغا ئۆتكەن مەدرىسىكە 5 سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى،
ئىككى سىنىپلىق چوكانلار (تۇرمۇشقا چىققان قىزلار) مەكـ-
تىپى، خەندەك بويىغا 3 سىنىپلىق قىزلار مەكتىپىنى قايتىدىن
قۇرۇپ چىقىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللاردىن 1700 نەپەر
قوبۇل قىلىنىپ دەرس باشلىدى. ھەر يىلى قىش پەسلىدە
مۇئەللىملەر ۋە يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەپ،
ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈپ، 24000 دىن
كۆپرەك كىشىلەر ساۋات چىقىرىش مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ ساۋا-
تىنى چىقاردى، ئۇيغۇشما ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىر تۇ-
تاش پىلانلاپ كونىشەھەر ئىچىدىكى ھەيدەرباغ دەپ ئاتىلىدىغان
تېرىلغۇ يەرگە خەلق باغچىسى ياساپ چىقتى. (ھازىرقى خەلق
باغچىسى). بۇ باغقا يازلىق سەھنە، تەنتەربىيە مەيدانى
ياساپ چىقىش بىلەن بۇ باغ مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخ ۋە
ھەر خىل گۈللەر بىلەن ئاۋات قىلىنىپ، خەلقنىڭ ئىستىراھەت
جايىغا ئايلاندۇرۇلدى. باغچا ئۇيغۇشما تەرىپىدىن باشقۇرۇ-
لاتتى. 1940 - يىلى ئۇيغۇشما قەشقەر، سوۋېت كونسۇلخانىسى
ئارقىلىق كىنو ئاپپارات، ماتور سېتىۋېلىپ رەسمى كىنو قو-
يۇشنى باشلىدى. شۇ يىلى ھۆكۈمەت يەكەندە دوختۇرخانا
قۇرماقچى بولغاندا ئۇيغۇشمىدىن دوختۇرخانىغا ھەزرىتى پىرىم-
دىكى دارىلئىتام مەكتىپىنى ئالتۇنلىقى قىزلار مەكتىپىگە

يۆتكەپ كېلىپ، دارىلئېتام ئورنىنى بوشۇتۇپ دوختۇرخانىغا ياردەم قىلدى. 1942 ـ يىلى يەكەن 10 ـ ۋىلايەت قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئۇيۇشما ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما بولۇپ، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كېڭەيدى، پوسكام، مەكىت. قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇيۇشمىلار ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىلارغا قارىتىلىپ، ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما، ناھىيىلىك ئۇيۇشمىلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىش، باشقۇرۇش ئورنىغا ئايلاندى، ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىدا، ئىجرائىيە ھەيئەت، تەپتىش ھەيئەت ۋە مالىيە ھەيئەت بار ئىدى، ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى 25 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوچۇق سايلام يىغىنىدا سايلىناتتى، ھەرقايسى ھەيئەتلەرنىڭ رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇشۇ يىغىندا سايلانغان ھەيئەتلەر ئىچىدىن خەلقچىللىق ئۇسۇلىدا سايلىناتتى. ئۇيۇشمىنىڭ دائىملىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ئىجرائىي ھەيئەت بولۇپ، بۇنىڭدا كا-

تىبات، تەشكىلات، مەدەنىيەت تەشۋىقات بۆلۈملىرى بار ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا سانايى نەپىسە بۆلۈمى بولۇپ، 10 نەپەر دائىمىي ئارتىس، 40 تىن ئارتۇق ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكار ئارتىسلار بار ئىدى. بۇنىڭ قارىمىقىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە مۇزىكا بۆلۈملىرى بولاتتى. يەنە قىرائەتخانا (كۇتۇپخانا)



گېزىت مۇسابىقىسى، 3 ئايدا بىر قېتىم ئويۇن ۋە كونسېرت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭدىن قەرەللىك خۇلاسە چىقىرىلىپ، ياخشى بولغانلار تەقدىرلىنەتتى.

يەنە بىر مىللىي مەتبەئە بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئۇيۇشما مەكتەپلەرنىڭ ھېسابات دەپتەرلىرى، تۈرلۈك ئوردىر، تالون، دەرسلىك جەدۋەللىرى، ئالاقە خەت ـ چەك جەدۋەللىرى، دەرس پروگراممىلىرى بېسىلاتتى. شەھەر ـ سەھرا بولۇپ، 8 ئورۇندا ئۇيۇشمىنىڭ ئاشلىق ئامبىرى، بىر ئوتۇن ئامبىرى بار ئىدى. مەدەنىيەت بۆلۈمىدە 4 نەپەر مۇپەتتىش بولۇپ پۈتۈن مەكتەپلەرنى 4 تۈركۈمگە ئايرىپ، ھەر بىرىگە 3 كىشى مەسئۇل بولۇپ، ھەر تۈركۈمدە بولغان مەكتەپلەردىن ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ، بولۇنغان مەسىلەرنى ھەل قىلىپ تۇراتتى. ئايدا بىر قېتىم مەكتەپ مۇدىرلىرى دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، تەقدىر، تەنقىد، مۇكاپاتلاش ئېلىپ بېرىلاتتى، مەكتەپلەر مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى.

يەكەن ناھىيە سىرتىدىكى ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەركىزىي مەكتەپ 31 بولۇپ، بۇنىڭغا قاراشلىق شۆبە مەكتەپ 6، سىنىپ سانى 650، ئوقۇغۇچى 22000 نەپەر، مۇدىر، مۇئەللىمەر 8501 نەپەر، مەكتەپ خىزمەتچىلىرى 91 نەپەر ئىدى، بۇلارنىڭ مائاشلىرى ئۇيۇشما تەرىپىدىن بولاتتى، ئۇيۇشمىنىڭ بارلىق تولۇق ئىشچىلىرى 104 كىشى بولۇپ، بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇيۇشمىغا بېلەن تولۇق ئىشلەيدىغان ئۆشرە ـ زاكات ۋە ۋەخپە ئاشلارنى يىغقۇچى 450 كىشىگە يېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيۇشمىغا قاراشلىق باغچا ئۇيۇشما خىزمەتچىلىرى، ئاشخانا خىزمەتچىلىرى، ئۆز كىرىمىدىن تاقەملىنەتتى. بۇنىڭدىن باشقا دارىلئاجىزىن. دارىلئېتام

مەكتەپلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئەللىملىرى، ھېساپچى، لاۋازىمەتچى، ئامبارچى، ئاشپەز خىزمەتچىلىرى بولۇپ، 30 دىن ئارتۇق كىشى ئۆيۈشمىدىن شتاتلىق تەمىنلىنەتتى. ئومۇمەن ئىسمىنە بويىچە ئۆيۈشمىدىن مائاش ئالىدىغانلار 1300 دىن ئاشاتتى. (كىرىمدىن پىرسەنت ئېلىپ تەمىنلىنىدىغانلار بۇنىڭ سىرتىدا). ئۆيۈشمىنىڭ بارلىق چىقىملىرى ئىجرائىيە ھەيئەت يىغىنىدا تەستىقلانغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىناتتى، تەپتىش ھەيئەتلىرى تەكشۈرۈپ تۇراتتى.

ئۆيۈشمىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ئۆشرە - زاكات، قۇربانلىق تېرە، ئۈچەي، مەدرىسە، خانىقا ۋە مازارلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرى، ۋەخپە ئۆي - دۇكان، سوقا - تۇگمەن، ساراي ۋە سودا - تىجارەتتىن كىرگەن كىرىملەر ئىدى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئۆشرەنىڭ ئېپىرىمى (ھەر يىگىرمىدىن بىرى. ھەر 20 چارەكتىن بىرچارەك)، چارۋا ۋە باشقىلاردىن ئېلىنىدىغان زاكاتنىڭ ئېپىرىمى، قۇربانلىق تېرىلەرنىڭ ئېپىرىمى مەھەللىلەرنىڭ ئىمام، ئاخۇنلىرىغا قالدۇرۇلۇپ، ئېپىرىمى ئۆيۈشمىغا يىغىۋېلىناتتى. ۋەخپە يەر ئىجارىلىرىدىن ئاخۇن شەيخلارغا 100 دىن 30 پىرسەنت ياكى 50 پىرسەنتكىچە قالدۇرۇلۇپ، قالغانلىرى ئۆيۈشمىغا يىغىۋېلىناتتى. يەكەندە 440 مەدرىسە، 16 خانىقا بولۇپ، بۇنىڭدىن 14 مەدرىسە باشتىنلا ئۆيۈشمىغا قارىتىلىپ، مەكتەپ، دارىلئاجىزدىن دارىلئېيتام، ئامبار، ئۆيۈشما بىناسى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئىشلىمە گەن شۇنىڭدەك ۋەخپىلەرنىڭ ئاشلىقلىرى ئۆيۈشمىغا تولۇق يىغىۋېلىناتتى.

بىر يىلدا ئۆيۈشمىغا كىرىدىغان كىرىملەر ئۆشرىدىن بۇغداي، قوناق، شال، تېرىق قاتارلىق دانلىق ئاشلىق ئۆيۈشما



250.000 چارەك (بىر چارەك كونا جىڭدا 13 جىڭ) ۋەخپە ئىجارىلەردىن بولىدىغان كىرىم 300.000 چارەك، قۇربانلىق تېرە 20.000 دانىدىن 25.000 دانىگىچە، باج ئۆشرىلىرىدىن، ئۆي، دۇكان ئىجارىلىرى ۋە تىجارەت پايدىلىرى بولۇپ 200.000 يۈەن ئەتراپىدا نەق پۇل كىرىم قىلىناتتى. ھەر يىلى ناھىيە بويىچە چارۋا مىلىدىن 2000 تۇياقا قەدەر قوي، ئۆچكە يىغىلاتتى. 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەكەندە بىر سىفەن (دارىلمۇئەللىمىن) تەشكىل قىلىشقا يۇقىرىدىن ئىلتىماس قىلىنغانىدى. ھۆكۈمەت تەستىقلاپ، سىفەننىڭ ئورنى. كېتىدىغان ئەسلىھەلىرى ھەممىدە پارتا، ياتاق، كارۋات، ئاشخانا سايمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆيۈشمىدىن مەسئۇل بولۇپ تەييارلاش بەلگىلەنگەن. شۇڭا ئۆيۈشما بۇنىڭغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەزرىتى پىرىمشا ئۆستەڭ بويىغا سېلىنغان دارىلئېيتام مەكتىپىنى شەھەر قىزلار مەكتىپىگە يۆتكەپ، ئورنىنى سىفەن ئۈچۈن بىكارلاپ بەردى. نەتىجىدە 5 سىنىپلىق سىفەننى پۈتتۈرۈپ چىقتى. شۇ چاغدىكى يەكەن ۋىلايىتى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە دارىلمۇئەللىمىننىڭ مۇدىرلىرى بىنا ۋە بارلىق مەنقۇلاتلارنى بىردىن كۆزدىن كۆچۈرۈپ تاپشۇرۇۋالدى، ھەتتا سىفەنگە قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ناھىيە ۋە يېزىلاردىن كېلىپ ئىمتىھان ئېلىنىپ، مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانغا قەدەر بولغان پۈتۈن چىقىملار ئۆيۈشمىدىن بولدى. يەكەندە سىفەن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەكتەپ بىناسىنى ھېساپلىمىغاندا، پەقەت ئىسلاھ قىلىش ۋە مەنقۇلاتلار ئۈچۈنلا ئۆيۈشما 200.000 دوللاردىن ئارتۇق پۇل سەرپ قىلدى. يەكەندە قۇرۇلغان بۇ دارىلمۇئەللىمىننى ئۇيغۇر قۇردى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇردى دېيىشكە بولىدۇ.

1941 - يىلى ۋاڭ باۋچەن باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ تەپتىش ئۆمىكى يەكەنگە يېتىپ كەلگەندە تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇيۇشمىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى دارىلئىتام، ئوغۇللار مەكتىپى بىر ئايلىق مائاش بىلەن مۇكاپاتلانغانىدى. يەكەن ئۇيۇشما سەنئەت ئۆمىكىمۇ تەپتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردە ئېچىلغان خۇلاسە يىغىنىدا مۇكاپاتلانغان.

1943 - يىلى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلارنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى. يىغىن ئۇيۇشمىلارنىڭ 10 يىللىق خىزمىتىنى خۇلاسە قىلىش ۋە ئۇيۇشما تەشكىلىي نىزامنامىسىنى قايتا بېكىتىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. يىغىنغا 10 ۋىلايەتلىك ۋە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىدىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىن مەركىزىي ئۇيۇشمىنىڭ نەنمىڭدىكى بىناسى مەدەنىيەت كۇلۇبىدا ئېچىلدى. يىغىنغا شۇ چاغدىكى مائارىپ نازارىتى نازىرى چېن فاڭبەي، ئۆلكىلىك ئۇيۇشما رەئىسى ئابلىمىت راخمانلار رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۆلكىلىك ئۇيۇشما 10 يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات قىلدى. يىغىن ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش بويىچە ئىككى ئاي... ئاخىرلاشتى.

بۇ يىغىندا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى تەرتىپكە سېلىنىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئىجرائىيە ھەيئىتى يېنىدا يەنە بىر «مەدەنىي - مائارىپ فوندى ھەيئىتى» تەسىس قىلىنىپ ئۇيۇشمىنىڭ پۈتۈن مالىيە كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇ...



قارار قىلىنغان ۋە ئۇيۇشمىنىڭ يېڭى نىزامنامىسى ماقۇللانغانىدى.

ئەسكەرتىش:

بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ئابدۇرىشىت يۈسۈپى پېشقەدەم مائارىپ خادىمى بولۇپ، ئەينى زاماندا يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە ھاكىمى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. ھازىر پېنسىيىگە چىقىپ دەم ئېلىۋاتىدۇ — تەھرىردىن.

# كۇچا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئىمىن مۇھەممەت
ئابدۇلھېمىتخان نىياز

20 ـ ئەسىر دۇنيادا ئىلىم ـ پەن پارتلىغان دەۋر بولۇپ «ئاتوم دەۋرى» دەپ ئاتىلاتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى جۇڭگودا پادىشاھلىق تۈزۈمىگە قارشى قوزغالغان شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن جۇڭگودىمۇ يېڭىلىق ئىسلاھاتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. جۈملىدىن شىنجاڭدىمۇ يېڭىچە مائارىپ دولقۇنى قوزغالدى. قەشقەر، ئاتۇش، غۇلجا، ئۈرۈمچى، تۇرپان، گۇچۇڭ، چۆچەك، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئارقىمۇ ئارقا يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى يولغا قويۇلدى. جۈملىدىن كۇچا ناھىيىسىدىمۇ 1920 ـ يىللاردا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىلىپ، مىللىي مائارىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

كۇچادىكى يېڭىچە مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي جەريانىنى ئەسلىگىنىمىزدە، كۇچادا دەسلەپ قىلىپ يېڭىچە مائارىپنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سېلىپ بەرگەن ھامۇت ھاجى، ئابلىمىتخان مەخسۇم قاتارلىق مائارىپپەرۋەر زاتلارنى ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ.





ھامۇت ھاجى تەخمىنەن 1882 ـ يىللىرى كۇچادا تۇغۇلۇپ، 1939 ـ يىلى قانخور شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى مۆمىن قارى ھاجى ئەينى زامانىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، مۆتىۋەر كىشىلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ھامۇت ھاجى كىچىكىدىنلا زېرەك بولغىنى ئۈچۈن مەدرىسىدە ئەلا ئوقۇيدۇ. ئاتىسى مۆمىن قارى ھاجى ئوغلىنىڭ شىجائەت ۋە ئىقتىدارىغا ھەۋەسى كېلىپ، ئوقۇتۇش تەربىيىلەش ئۈچۈن چەتئەلگە ئەۋەتىپ ئوقۇتماقچى بولىدۇ. 1900 ـ يىلى مۆمىن قارى ھاجى ئوغلىنى ئۆزى بىلەن ھەرەمگە بىللە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بۇ سەپەردە ھىندىستان، مىسىر، تۈركىيە ۋە روسىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. بۇ ئارقىلىق چەتئەلنىڭ پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ.

ھامۇت ھاجى كۇچاغا قايتىپ كېلىپلا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى شۇ يىللاردا كۇچادىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن قارا ـ مۇتەئەسسىپ كۈچلەر يېڭىچە مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلار فېئودال ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلارغا سوغا تەقدىم قىلىشتەك ۋاسىتىلار بىلەن ئەمەلدارلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭىچە مائارىپقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ خەلقنىڭ يېڭىچە مەكتەپلەرگە بولغان تەلەپ ۋە

ئىنتىلىشىنى توساپ قالالمايدۇ. ئاخىرى، مائارىپپەرۋەر زاتلاردىن
نىزامىددىن مۇسايۇف، قاسىم ئاخۇن، ئابدۇمىجىت داموللام سابىر
هاجى، ئابلىمىتخان مەخسۇم، هېلىم هاجى، قەييۇم ئاخۇنۇم،
ئىسمائىل هەققى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى
ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، كۇچادا زامانىۋى پەننىي مەكتەپ
قۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. هامۇت هاجى كۇچانىڭ كۆزى بول-
غان يېڭى مەهەللىدە ئۆزىنىڭ 10 مو يېرىنى ئاجرىتىپ، ئۆز
خىراجىتى بىلەن بىر مەكتەپ بىناسى سالىدۇ. بۇ بىنادا كۇچا
يېڭى مەهەللە پەننىي باشلانغۇچ مەكتىپى تەسىس قىلىنىدۇ.

بۇ چاغلاردا، كۇچادا دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسە مائا-
رىپى ئومۇملاشقان بولۇپ، كىشىلەر پەرزەنتلىرىنى 7 ياشقا كىر-
گەندىن باشلاپلا دىنىي ئوقۇشقا بېرىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنى-
دى. بۇ ئادەت كۇچىنىڭ تەسىرى ۋە مۇتەئەسسىپ كۇچلەر-
نىڭ بۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان مەكتەپنى «جەدىتلەر مەكتىپى»
دەپ ئاتىشى ئارقىسىدا، بۇ مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش
ئىشىمۇ خېلى تەسكە توختايتتى. ئاشۇنداق شارائىتتا، ئاتا-
ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى يېڭىچە مەكتەپلەرگە بېرىشكە ئوگاي
سىزلىناتتى. لېكىن ئىجتىمائىي ئالاقىسى كەڭرى، خەلق ئىچىد
چوڭ نوپۇزلۇق ۋە هەر تەرەپلىمە تەجرىبىلىك بولغان هامۇت
هاجى بۇ مەسىلىنىمۇ ئوڭۇشلۇق هەل قىلىشنىڭ چارىسىنى
تاپىدۇ. ئۇ، تارىم ئويمانلىقىدىكى يېشىل بوستان كۇچانىڭ
هەر خىل مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشقان كۈنلىرىنىڭ بىرىد
مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ چىنەباغدىكى چوڭ بېغى
كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، بۇنىڭغا ئۆز ئارقا تىرەكلىرىدى
بولغان هېزىم هاجى، هېلىم هاجى باشلىق كۇچانىڭ مۆتىۋ



جامائەت ئەربابلىرىنى ۋە ئەينى زاماندىكى كۇچانىڭ هەربىي -
مەمۇرىي ئەمەلدارى ئابدۇلقادىربەگ (خا تۇڭلىڭ) باشلىق بىر
قىسىم هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ۋە ئۆز ئىشداشلىرىنى چاقىرىپ
قاتناشتۇرىدۇ. بۇ يىغىلىشتا ئالدى بىلەن ئۆزى مەدەنىي - مائارىپ
ئىشلىرىنىڭ ۋە يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇپ، ياش ئەۋلادلارنى
تەربىيىلەش، خەلقنى ئىلىم - پەن ئارقىلىق جاهالەت، نادانلىق
ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەهمىيىتى توغرىسىدا تەسىرلىك
نۇتۇق سۆزلەيدۇ ۋە چەتئەللەرنىڭ ئويغۇنۇپ ئىلىم - پەن ۋە
مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ هەقتىكى
تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. هەممە باش ئەمەلدار ئابدۇلقادىر
بەگنىمۇ گۇۋاهلىققا تارتىپ، هەرەمگە بارغانداكۆرگەن - بىلگەنلىرىنى
سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئابدۇلقادىر بەگ سۆز ئېلىپ،
ئۆزىنىڭ چەتتە كۆرگەن - بىلگەنلىرى، يېڭىچە مائارىپنىڭ زۆرۈر-
لىكى هەققىدە سۆزلەپ، باللارنى مەكتەپكە بېرىشكە تەشەببۇس-
چىلىق قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ داۋۇت، قەييۇم، هەسەن ئىسىم-
لىك ئۈچ ئوغلىنى بېرىدىغانلىقى هەققىدە ئىپادە بىلدۈرىدۇ.
شۇنىڭدەك يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن كۇچا مۆتىۋىرى ئېزىز
هاجىم ئوغلى ئابدۇللا (هازىر هايات)، قىزى سوفىيەلەرنى مەك-
تەپكە بېرىش هەققىدە ئىپادە بىلدۈرىدۇ. قالغان خەلق ئىچىدە
تەسىرى بار يۇرت چوڭلىرى ۋە مائارىپپەرۋەر كىشىلەرمۇ ئۆز
باللىرىنى بېرىشكە ئىپادە بىلدۈرىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۇچادا
ئەڭ تەسىرى بار ۋەكىل خاراكتېرلىق كىشىلەر ئۆز پەرزەنت-
لىرىنى مەكتەپكە بەرگەچكە باشقا كىشىلەرمۇ ئارقا
ئۆز باللىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئوقۇغۇچى مەسىلىسى ئوڭۇشلۇق هەل بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار

بارغانسېرى كۆپىيىپ، مەكتەپ تېز تەرەققى قىلىدۇ.
مەكتەپكە قەشقەر ۋە باشقا جايلاردىن ئوقۇتقۇچىلار تەك-
لىپ قىلىنىپ كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئۆز ۋاقتىدا قازان
قاتارلىق جايلاردا بېسىلغان بىر يۈرۈش مىللىي تىل-يېزىقتىكى
ھەر خىل پەنگە ئائىت دەرسلىك كىتابلار كەلتۈرۈلۈپ ئوقۇتۇ-
لىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاتىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كۆرۈنەرلىك نەتى-
جىلەرگە ئېرىشىدۇ. مەكتەپ جەمئىيەتتە ئىنتايىن ياخشى تەسىر
قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە ئوقۇ-
ۋاتقانلارمۇ بۇ مەكتەپكە ئېقىشقا باشلايدۇ. ئوقۇغۇچىلار سانى
يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ بارىدۇ. يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان
بۇ يېڭى شەيئى ئىنتايىن تېز روناق تاپىدۇ. لېكىن ئىش
ھامان ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ. يېڭى نىزامدىكى بۇ مەكتەپ
قۇرۇلۇپ، 3-يىلغا كەلگەندە، بىر بۆلۈم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر-
نىڭ قۇترىتىشى بىلەن كۇچا قىغدۇڭ تەرەپتىن بىر بۆلۈم
لۈكچەكلەر مەكتەپكە بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلار: «مەكتەپ دىنىمىز
ئىسلامنى سۇسلاشتۇردى، قائىدە-يوسۇنلارغا ھۆرمەت قىلمىدى
بالىلىرىمىزنى جەددىتلەشتۈردى» دېگەن بوھتانلار بىلەن مەكتەپنى
ئۇرۇپ چېقىپ يوقاتماقچى بولدى، بىر قىسىم مەكتەپ ئۆيلىرى
نى ۋەيران قىلدى. لېكىن جاسارەتلىك ھامۇت ھاجىم مەكتەپ
خادىمى ئەھمەتخان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە لۈكچەكلەر
نىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، مەكتەپنى قوغداپ قالدى. ئوقۇش
ئوقۇتۇش ئىشلىرى يەنە داۋام قىلدى.
ئۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن يەنە بىر قىسىم جاھىل
مۇتەئەسسىپ كۈچلەر مەكتەپتە دىنىي دەرس ئۆتۈلمىدى
دېگەن باھانە بىلەن جامائەت نامىدىن يۇقىرىغا ئەرز سۇنۇپ، ئۇ



ۋاقتىدىكى مائارىپچىلاردىن ئابلىمىتخان مەخسۇم، ئوقۇتقۇچى
ئابلىز نۇر ھاجى، ئابدۇراخمان ئىبراھىم قاتارلىق كىشىلەرنى
ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن قاماققا ئالدى. بۇ جاھىل كۈچلەر مەك-
تەپنى تاقاش كېرەك دەپ چوقان كۆتۈرۈشكەندى، ھامۇت
ھاجى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ھاپىز قاتارلىق مائارىپپەرۋەر
ئاممىنىڭ ئاقلىشى ۋە بېسىمى بىلەن قامالغان ئوقۇتقۇچىلار
ئاخىرى قويۇپ بېرىلىپ، دەرس ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ مەك-
تەپ قىسقىغىنە 6 يىل ئىچىدە 600 دىن ئارتۇق بىرىنچى ئەۋلاد
زىيالىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ زىيالىلار ھەر سا-
ھەدە، بولۇپمۇ مائارىپ ساھەسىدە غول كۈچلەر بولۇپ، خەلق
ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەسىلەن: شۇ مەكتەپتە
تۇنجى قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئابدۇللا ھاجى دەسلەپ شۇ
مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، كېيىن كۇچا، شايار ناھىيىلىرى-
نىڭ مائارىپ سېپىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، مىللىي مائارىپقا
كۆپ ھەسسە قوشتى. سوفىيە خانىممۇ شۇ مەكتەپنى 1913-يى-
لى پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن كۇچادا تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇ-
چى بولۇپ قالدى.
مائارىپپەرۋەر ھامۇت ھاجىم يۇرتىنىڭ قېنىنى ۋە پۇل-مې-
لىنى مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى. خەلقنى
جاھالەت ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا، خىلمۇ خىل
مۇشەققەت ۋە ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بەردى. ھەر قانداق
تەھدىت ۋە بېسىم ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ، ھاياتىنىڭ خەۋپ-
خەتەرگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىمەي، كۇچا مائارىپى ئۈچۈن
ئاساس ياراتتى. ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ.

## پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇلھېمىت مەخسۇم

ئابدۇلھېمىت مەخسۇم (1887 — 1947) كۇچا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى سابىرقارى ھاجى ئوقۇمۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر زاتلاردىن ئىدى. ئابدۇلھېمىت مەخسۇم ئاتىسىنىڭ ياردىمى بىلەن كۇچانىڭ قىغىدۇق مەھەللىسىدىكى باش مەدرىسىدە مۇدەررىس ئابدۇللىتىپ داموللام، سەيدۇل ئاخۇنۇملاردىن تەلىم ئېلىپ دەسلەپكى بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە بىلىم ئاشۇرىدۇ. قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە، قەشقەر ۋە ئاتۇشلاردىكى تەرەققىيپەرۋەر ئالىملار بىلەن، جۈملىدىن ئابدۇلقادىر داموللا بىننى ئابدۇلۋارىستەك ئالىملار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن تەلىم ئالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە بولىدۇ. ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگەللەيدۇ ۋە ئۇستا خەتتات بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئابدۇلھېمىت مەخسۇم ئوقۇشنى تاماملاپ كۇچاغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ، قايتىپ كېلىشتىن بىر يىل بۇرۇن ھامۇت ھاجى قاتارلىق مائارىپپەرۋەر زاتلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېڭى مەكتەپ تەسىس قىلىنغانىدى. ئۇ كېلىپلا بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. چەتتىن ئوقۇپ كەلگەن ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچى بىلەن بىرلىكتە ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چەتتىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار قايتىپ كېتىپ، بۇ مەكتەپنى ساقلاپ قېلىش، مۇستەھكەملەش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتەك مۇشەققەت ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە ئابدۇلھېمىت مەخسۇمنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. ئۇ، بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ مەكتەپتە ئالدىنقى قاتاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ئەلاچى ئوقۇغۇچ-



لارنى ئوقۇتىلىق تەربىيىلەپ، كەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن گەرچە چەتتىن كەلگەن ئىستىداتلىق ئوقۇتقۇچىلار چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا تەسىر يەتمەي، ئاۋۋالقىدەك داۋام قىلىدۇ. دەسلەپ 6 سىنىپ، 246 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تەركىپ تاپقان بۇ مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ، 12 سىنىپقا، ئوقۇغۇچىلىرى 600 گە يېتىدۇ. ئابدۇلھېمىت مەخسۇمنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بۇ مەكتەپ نورمال راۋاجلىنىدۇ.

شۇ مەزگىلدە كۇچادا سۆدىگەر مەمتىلىخان غوجا، كۇچا قۇناسلىق دېھقان ئايۇپ ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا، كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە جاھالەتپەرەست مۇتەئەسسىپلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن بۇ مەكتەپ تاقىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۆز ھاياتىنى مىللىي مائارىپقا بېغىشلىغان ئابدۇلھېمىت مەخسۇم ئىككىنچى بىر خىل ئۇسۇل بىلەن ئۆز ئىشىنى يەنىلا داۋام قىلدۇرىدۇ. ئۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك ئۇستا خەتتات بولغاچقا، بىر تۈركۈم ياشلارنى ئەتراپىغا توپلاپ ھۆسنىخەت ئۆگىتىش ۋە شۇ يول بىلەن ئىجتىمائىي مائارىپنى يولغا قويۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 36 خىل ھۆسنىخەت شەكلى چۈشۈرۈلگەن 300 بەتلىك «ھۆسنىخەت قائىدىسى» تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ قولىيازما ئۇنىڭ شاگىرتى ۋە بىر نەۋرە ئىنىسى يۈسۈپ نەزەر قولىدا ساقلانغان.

ئابدۇلھېمىت مەخسۇم خەتتاتلىق بويىچىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىقان. تاكى 38 - يىللارغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن «كۇچالىق زىيالىلارنىڭ پۇچۇركىسى چىرايلىق» دېگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

تارىخ 30 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندا، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە نۇرغۇن يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى پۈتۈن شىنجاڭغا يېيىلغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن كۇچادىكى ئات ـ ئۇلاق ترانسپورت بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى تۆمۈر شاگىيو باشچىلىقىدا كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلاندى. قوزغىلاڭنىڭ شىددەتلىك بورىنىدىن قورقۇپ كەتكەن كۇچادىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئوق ـ دورا ئىسكىلاتىدىكى دورا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئوت يېقىپ پارتلىتىش بىلەن ھەممىسى جېنىدىن تۈگەشتى. كۇچا شەھىرى قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتتى. بۇ قوزغىلاڭنىڭ باشلىقى تۆمۈر شاگىيو (كېيىن دىۋىزىيە كوماندىرى بولدى) نىڭ يېقىندىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ۋە ھامۇت ھاجى، ئابدۇلھېمىت مەخسۇمدەك مەرىپەتچىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كۇچادا «نەشرى مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى» تەسىس قىلىندى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇدىرلىقىغا ئابدۇلھېمىت مەخسۇم، ھەيئەت ئەزالىقىغا ھامۇت ھاجى، مۇسايوپ شاگزۇڭ، ئابدۇمىجىت داموللا سابىر ھاجى، ئابلىمىتخان نىياز ھاجى، ئابدۇرېھىم قارى، تۇرسۇن ئاخۇن (خوتەنلىك)، نىزامىدىن ئەپەندى، ئابدۇۋاھىت روزى (دوختۇر)، موللا نىياز ئاخۇن، ئابدۇقادىر مۇختار، شىرىپ ھوشۇرلار بولۇپ 13 كىشى سايلانغان. بۇ جەمئىيەت كۇچانىڭ يېڭى مائارىپ سىستېمىسىنى قايتا تەشكىللەش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە جەمئىيەتنىڭ خەيرىيەت، قۇتقۇزۇش قاتارلىق ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ جەمئىيەت ئالدى بىلەن مائارىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈستىدە كەڭ تۈردە تەشۋىق ـ تەرغىپ ئىشىنى ئېلىپ باردۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى



كۇچا ساقساق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، كۇچانىڭ بىردىنبىر نوپۇزلۇق دىنىي ئەربابى موسايۇپ داموللا ھاجى ۋە ھامۇت مەۋلىۋى قاتارلىق كىشىلەرمۇ بۇ ئىشنى قوللايدۇ ۋە بۇ ئىشقا جامائەتچىلىكنى سەپەرۋەر قىلىشتا ياردەملىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامما مائارىپقا يۈزلىنىپ، كۇچا مائارىپىنىڭ گۈللەپ ياشناش دەۋرى باشلىنىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، مائارىپچىلىقتا مۇھىم مەسىلە ـــ ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسى ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن 1934 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كۇچا تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى تەنتەنىلىك ھالدا قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپ چوڭلار سىنىپى ۋە كىچىكلەر سىنىپى دەپ ئىككى سىنىپتىن ئىبارەت ئىدى. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئابلىمىت مەخسۇم ئۈستىگە ئالدى. مەۋلانجان («قاينام ئۆركىشى» رومانىدا تىلغا ئېلىنغان)، ھامۇت رەشىدى، ئابدۇللا سەمىدى، مۇقىيىت ئەپەندى (تۇرپانلىق)، ئابدۇقادىر مۇختار، شىرىپ ھوشۇر قاتارلىق زىيالىلار ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى.

كۇچادا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان بۇ دارىلمۇئەللىمىندە 109 نەپەر كىشى تەربىيىلىنىپ چىقىپ، كۇچا مائارىپىدا ئاساسىي تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالدى. ئازادلىقتىن كېيىن كۇچاغا ھاكىم بولغان ھېمىت غوپۇرى، شىنجاڭ تىببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى مەھەممەت سۇلتان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى خالىق ساقى، شىنجاڭ داشۆ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى مەتىمىن خۇدابەردى، چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئارىپ نەسىبى قاتارلىق كىشىلەر ئەنە شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. بۇ مەكتەپتە

ئوقۇغانلاردىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەنلەرمۇ بار. دېمەك، بۇ مەكتەپ يالغۇز كۇچا دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچىمۇ چوڭ تەسىر قوزغىغان. 1934 - يىلى كۇزدە خوجىنىياز ھاجىم جەنۇبتىن قايتىپ ئۇرۇمچىگە ئۆتۈشتە بۇ مەكتەپنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، كۆپ مەدەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ دەرۋازىسىغا «كۇچا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئالىيە، زەپەر مارشى ھاجى خوجىنىيازىيە» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى. بۇ مەكتەپ قۇرۇلۇپ 4 ئايدىن كېيىن، يەنى 1934 - يىلى 11 - ئايدا كۇچا پاختا بازىرىدا يەنە بىر مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى تۆمۈر سىجاڭنىڭ قۇربان بولغانلىقىغا بىر يىل توشقان ۋاقىتقا توغرا كەلگەنلىكتىن، كۇچا خەلقى تۆمۈر سىجاڭنىڭ كۇچانىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ مەكتەپنىڭ نامىنى «كۇچا تۆمۈرغازى مەكتىپى» دەپ ئاتىدى. بۇ مەكتەپمۇ پۈتۈن شىنجاڭ مائارىپ تارىخىدا زور تەسىر قوزغىغان. شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى جايلاردىكى مەكتەپلەردە «كۇچا تۆمۈرغازى مەكتىپى ياشا» دېگەن شېئىرلار ئوقۇلغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن كۇچادا يېتىم - يېسىرلەك ۋە غېرىپ - غۇرۋالارنى تەربىيىلەيدىغان «دارىلئېيتام» ۋە «دارىلئاجىزىن» قاتارلىق ئورۇنلار قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كۇچا خەلقىنىڭ ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. تاكى 1936 - يىلى كۇچادا ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغىچە بولغان ۋاقىت ئارىلىقىدا «نەشرى مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى» كۇچانىڭ يېڭىچە مىللىي مائارىپى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى.

1936 - يىلى كۇچادا ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش



ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى بويىچە يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتى يەنە بارلىققا كەلدى. خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك، شەھەر ۋە يېزىلاردا مەكتەپ تەشكىل قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. 35 جايدا 105 سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. كۇچا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى 1 - ۋە 2 - قېتىم پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر يىل ئىچىدە بۇ مەكتەپلەر كۆپىيىپ 46 گە، ئوقۇتقۇچى سانى 210 غا، ئوقۇغۇچىلار سانى 4600 گە يەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يېتەكچىلىكىدە مائارىپ ئىشلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا موسايىپ ئاخۇن، ئابلىمىت مەخسۇم، موللا مەممەت ھاجىم قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زىيالىلار ئىشلەيتتى. بۇلارنىڭ غەيرەت ۋە ئىجتىھاتى ۋە جاھىل كۈچلەرگە قارشى قەتئىي تەۋرەنمەي كۆرەش قىلىشى ئارقىسىدا، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى چوڭ ئىلگىرىلەشلەرگە ئىگە بولدى.

كۇچا خەلقى ئەشۇ جاھىلىيەتچىلىك زامانلىرىدا كۆكرەك كېرىپ مىللىي مائارىپ يولىدا ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشقان ئابلىمىت مەخسۇم، موللا مەممەت ھاجىمدەك زىيالىلارنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

## كۇچادىكى تۇنجى مۇئەللىمە سوفىيە خانىم

سوفىيە خانىم مەسۇم خانوۋا (1902 - 1950) ئەسلى قازان تاتارلىرىدىن بولۇپ، قازان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1924 - يىلىغىچە قازان دىزېرژىنىسكى نامىدىكى

يېتىملار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلغان. شۇ چاغدا ئەزەمخان تۆرە بىلەن توي قىلغان.

ئەزەمخان تۆرە ئەسلى نەمەنگانلىق (تاشكەنت) ئۆزبەك زىيالىسى بولۇپ، كېيىن ھەم ساياھەت، ھەم تىجارەت ئۈچۈن ئايىلى سۇفىيە خانىم بىلەن چۆچەك ئارقىلىق كۇچاغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان ۋە شەمەي بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئەزەمخان تۆرە كۇچانىڭ گۈزەل كوچىلىرىدىن بولغان كۆچئېرىق مەھەللىسىدە زامانىۋى قوروجاي سالدۇرغان. قۇمۇل ئىنقىلابى مەزگىلىدە خوجىنىياز ھاجىمغا مەسلىھەتچى سۈپىتىدە خىزمەتكە قاتناشقان، بۇ مەزگىلدە، كۇچادا يېڭىچە مائارىپ ئەمەلدىن باشلانغان بولۇپ، ئاياللار مائارىپى ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلغۇچى مۇئەللىمە تېپىش قىيىن ئىدى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە مەرىپەتلىك سۇفىيە خانىمنىڭ كۇچاغا كېلىپ قېلىشى بۇ ئىشقا تازا باب كەلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئابدۇلھېمىت مەخسۇم، ئابدۇللام باي قاتارلىق مائارىپپەرۋەرلەر ئىككى سىنىپلىق قىزلارنى توپلاپ سۇفىيە خانىمنى مۇئەللىمە بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەزەمخان تۆرىنىڭ رازىمەنلىكى بىلەن سۇفىيە خانىم شەرەپلىك، ئەمما مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزلار مەكتىپى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ، بۇ مەزگىلدە، كۇچاغا يەرلىك مال شىركىتىگە مەسئۇل بولۇپ، زىنەتۇللا ئەبزى دېگەن كىشى كېلىدۇ، بۇ كىشىنىڭ ئايىلى مەريەمخانىمۇ ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىدۇ. سابىت ئاخۇننىڭ ئايىلى مۇكەررەمە خانىم ياردەمچى مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا



قىزلار مەكتىپى 4 سىنىپقا يېتىدۇ. بۇ چاغقا كەلگەندە سۇفىيە خانىمنىڭ ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىدىن رەيھانەم، مۇنىردىن خوجىنىڭ سىڭلىسى ئەختەرنىساخان، مەلىكە ئابدۇللەم، نەزىپە خانىم، خەدىچە خانىم ئابدۇلخەلىلاقى (تاتار) قاتارلىقلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ.

1936 - يىلى يېڭى سېلىنغان ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىناسىنىڭ قاتارىدا مائارىپپەرۋەر زاتلاردىن يۇنۇس ئاخۇن باي بىلەن ناسىر ئاخۇن زەگەرلەر ھەر بىرى ئايرىم ھالدا ئىككى سىنىپلىقتىن 4 سىنىپ قىزلار مەكتىپىنى ئۆز شەخسى خىراجىتى بىلەن سېلىپ بېرىدۇ، بۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنىمۇ يېڭى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بەلگىلىنىدۇ.

1938 - يىلىغا بارغاندا، شەھەر ئىچىدىكى بارلىق قىزلار مەكتەپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، كۆچئېرىق بويىدىكى قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇش داۋام قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى ئەسلىدە كۆچئېرىق بويىدىكى ھادىھاجىمنىڭ مەدرىسىسى دەپ ئاتالغان مەدرىسە ئىدى. بۇ مەدرىسە كۇچادىكى ئاخۇنۇملار ۋە مۇدەررىسلەرنى قايىل قىلىش يولى بىلەن ئۇيۇشمىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ئىشىك، دېرىزە بېكىتىلىپ ۋە قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇپ، ئەسىرى مەكتەپكە ئايلاندۇرۇلدى. بۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىگىمۇ شۇ ۋاقىتتا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئەلاچى قىزلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇ چاغدا، ئاياللار مائارىپىدا ئەڭ قىيىن مەسىلە ئايال ئوقۇتقۇچى (مۇئەللىمە) لەر مەسىلىسى ئىدى. بۇ جاھىلىيەتچىلىك دەۋرىدە توسقۇن كوچىلەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا ئاياللارنىڭ مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى

بىلەن شۇغۇللىنىشى قىيىن ئىدى، ھەتتا سانايى نەپىسە تەرد
پىدىن ئويۇن قويۇلغاندا، ئاياللارنىڭ رولىنى ئەرلەر ئايالچ
گىرىم قىلىپ ئورۇنلاشقا توغرا كېلەتتى.

1938 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، كوچا ئۇيغۇر مەدەنىي
خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئايال ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان
جىددىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، قىسقا مۇددەتلىك دا
رىلمۇئەللىمات (ئايال ئوقۇتقۇچىلار) كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرس
نىڭ ئورنى ئۇچۇن رازى ھاجىمنىڭ ھاۋالىق بوستانى
تاللاندى، بۇ، مەنزىرىلىك جاي ئىدى، بۇ كۇرسقا 4 يى
ئوقۇپ يېتىلگەن ئەلاچى قىزلاردىن 43 نەپىرى قوبۇل قىلىن
دى، كۇرسنىڭ مۇدىرەلىكىنى سوفىيە خانىم ئۈستىگە ئالدى
قوشۇمچە گىراماتىكا دەرسىنى ئۆتتى. شەكۇرە خانىم (شۇ ۋا
قىتتىكى ساقچى ئىدارە باشلىقى زەپەر جويجاڭنىڭ رەپىقىسى
ھېساب، ماتېماتىكا دەرسلىرىنى، ئابلىمىتخان سىياسەت
جۇغراپىيە دەرسلىرىنى، تەبىئەت دەرسىنى ئەھەت نايىپ
پېداگوگىكا دەرسىنى ئابدۇراخمان سەيپى ئۈستىگە ئالدى
ئىككى ئاي مۇددەت داۋام قىلغان بۇ كۇرستا، كۇرسانتلا
قاتتىق ئىنتىزام ۋە جىددىي ئۆگىنىش نەتىجىسىدە خېلى كۆ
بىلىم ھاسىل قىلىشتى. كۇرسانتلار دەرستىن تاشقىرى مۇز
كىرىگە ۋە پراكتىكىغا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئىككى ئاي ئىچ
ئۈچ قېتىم ئىمتىھان ئېلىندى. ئومۇمىي ئىمتىھاندىن لاياقەتلى
ئۆتكەن كۇرسانتلارغا بىر قۇر كىيىملىك بەتىس رەخت مۇك
پات بېرىلدى ھەم ئوقۇش پۈتتۈرۈش شاھادەتنامىسى تارقىتىلد
بۇ كۇرسانتلار كوچادىكى 20 نەچچە جايدىكى قىزلار مەكت
پىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا بەلگىلەپ ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىل



ئايال ئوقۇتقۇچى مەسىلىسى ئاساسەن ھەل قىلىندى.

يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سوفىيە خانىم
قازاندىن يولغا چىقىشتا، قازاندا نەشىر قىلىنغان دەرسلىك
قوللانما، ھەرخىل پەنگە ئائىت دەرسلىك كىتابلارنى، ئاتاقلىق
شائىر ئابدۇللا توقاي، ھەزرەت قارى نىياز قاتارلىق ئالىم
ۋە ئەدىبلەرنىڭ كىتاپلىرىنى، پۇشكىن، لېرمونتوۋنىڭ تەرجىمە
ئەسەرلىرىنى، رومانلارنى بىللە ئالغاچ كەلگەنىدى. بۇ كىتابلار ـ
دىن ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا پايدىلانغان، شۇنىڭدەك ئابدۇلھېمىت
مەخسۇم ۋە مىرقاسىم قاتارلىقلارمۇ بۇ ماتېرىياللاردىن پايدى ـ
لانغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

سوفىيە خانىمنىڭ يولدىشى 1938 ـ يىلى زالىم شېڭ ـ
شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ يوقىتىلىدۇ. سوفىيە خانىم
مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتىمۇ ئوغلى سېلىمجاننى ئىچكىرىسىد ـ
گە خەنزۇچە ئوقۇشقا، 2 ـ ئوغلى كازىمجاننى دوختۇرلۇق
كۇرسىغا، قىزى پاكىزەمنى قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىپ
تەربىيىلەيدۇ، 1949 ـ يىلى 48 يېشىدا كوچادا ۋاپات بولىدۇ.
بۇ چاغدا ئوغلى سېلىمجان ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىپ، كوچادا
خىزمەت قىلىۋاتاتتى. مەرھۇمە سوفىيە خانىمنى پەرزەنتلىرى
چوڭ ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن دەپنە قىلىدۇ. مەرھۇمەنىڭ
ۋاپاتىنى ئاڭلىغان ھەربىر ئەر ـ ئايال چوڭقۇر قايغۇغا چۆكۈپ
ماتەمدار بولىدۇ. سوفىيە ئاپايىمنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتلىك
ماتىمى پۈتۈن كوچانى دىگىدەك زىلزىلىگە كەلتۈرۈدۇ.

سوفىيە خانىمنى نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلىرى ئاپا ـ
يىم دەپ ھۆرمەت قىلاتتى. ھېلىمۇ ئاپايىم دەپ تىلغا ئېلىن ـ
ىدۇ. سوفىيە خانىمنىڭ ئوغلى سېلىمجان شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتىدا باش تەرجىمان بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. قىزى پاكى...
زەم شىنجاڭ گېزىتىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلەيدۇ، شۇ ئۇنىڭدەك
ئۈنىڭدا ئوقۇغانلاردىن مەرھۇم ئىمىنوپنىڭ رەپىقىسى رەيھان
نىساخان، شىنجاڭ داشۆدە پاتەم مىرقاسىم ۋە دىلەيسەم با...
يىزلار بار. كۇچادا پاتەم ناسىر ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئايشە...
زەيدىن كۇچا دوختۇرخانىدا مۇئاۋىن سېكرېتار، ئۇمماھانە...
(مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھامۇد...
دامولا ھاجىمنىڭ رەپىقىسى) ئايالالار بىرلەشمىسىنىڭ...
مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

## ئىنقىلابىي قۇربان يولداش لىن جىلۇ

يولداش لىن جىلۇ 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ھاكىمل...
ۋەزىپىسى بىلەن كۇچاغا كەلگەن. ئۇ 1942 ـ يىلى 1 ـ ئاي...
قەدەر كۇچا ناھىيىسىدە ئىككى يېرىم يىل خىزمەت قىلغان. ئۇ كۇچا...
كېلىشتە ئاۋۋالقىلارغا ئوخشاش ئەمەلدارلىق سۈپىتىدە ئەمەس...
ئاددىي پۇقرالىق سۈپىتىدە كېلىپ، خىزمەت جەريانىدا كۇ...
خەلقى بىلەن خۇددى بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك ئىچقويۇن...
تاشقويۇن بولۇپ كېتىدۇ. ئەسلىدە ئۇ چاغدا، كۇچادا ب...
نەچچە ئائىلىلىكلا خەنزۇلار بولغاندىن باشقا، ئاھالىنىڭ مۇ...
لەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار ئىدى. لىن جىلۇ ئۇيغۇرلارنى...
ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە يوسۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇ...
پىششىق ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭدا ئەمەلدارلىق كىبىرى...
يوق ئىدى. ئۇ، ئەمەلىيەتتە كۇچا خەلقىگە نۇرغۇن ياخ...



ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قال-
دۇردى. ۋەيران بولغان خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى،
ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى بىر قەدەر
ياخشىلىدى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، يول ـ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرىنى ئې-
لىپ باردى. كۇچا دەرياسىنى تىزگىنلەپ تۇغان (دامبا) لارنى
ياساتتى. (مەشھۇر لىن جىلۇ دامبىسى دەپ ئاتالغان دامبا شۇ
ۋاقىتتا ياسىتىلغان.) تۆرلۈك باج، باھا ئۆلچەملىرى ۋە ئالۋان ـ
ياساق تۈزۈملىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، خەلق ئۈستىدىكى ئېغىر-
چىلىقلارنى يەڭگىللەتتى. تۆرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەرنى تەش-
كىللەپ ۋە يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلان-
دۇردى. بولۇپمۇ كۇچانىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ را-
ۋاجلاندۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت
سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كۆڭۈل بۆلدى. شۇنىڭ
بىلەن كۇچانىڭ پەننىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىن-
ىشىغا ئاساس يارىتىپ بەردى. گەرچە ئۇنىڭ كۇچادا ئىش-
لىگەن ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، ئۇ خەلقتە ياخشى تەسىر قالدۇ-
رۇپ، تىللاردا داستان، دىللاردا ئۆرنەك بولغىدەك تۆھپىلەرنى
قالدۇردى.

يولداش لىن جىلۇ كۇچانىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاج-
لاندۇرۇشتا، ئىشنى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشتىن باشلاپ قول
سالدى. ئەينى ۋاقىتتا، كۇچادا دۆلەت باشقۇرۇشىدا 12 باشلان-
غۇچ مەكتەپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدا 56 باشلانغۇچ
مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەردە 215 سىنىپ بولۇپ، 8 مىڭ
60 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. ناھىيە بويىچە پەقەت
26 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىلاردىن كۆپىن-

چىسى باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدە بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
سۈپىتى تۆۋەن ئىدى. يولداش لىن جىلۇ بۇ ئەھۋالنى تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى پىلانلىق ھالدا مۇددەتكە
بۆلۈپ، تۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشنى يولغا قويىدى. 1939 - يىلى
قىشلىق تەتىلدىن 1941 - يىلى يازلىق تەتىلگىچە، ھەر يىلى
نىڭ يازلىق، قىشلىق تەتىل ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئالتە قارا
ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىپ، 160 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى
بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭدەك ئاقسۇ
دارىلمۇئەللىمىن بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرمۇنچە ئوقۇتقۇچىلارنى
ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى.

يولداش لىن جىلۇ ئادەتتە ئىشخانىدا ئانچە ئولتۇرمايتتى
كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يېزىلارنى ئايلىنىپ، تېرىلغۇ، يىغىم، ئې
رىق - ئۆستەڭ، يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىق ئىش مەيدانلى
رىدىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى كۆزدىن كۆچۈرەتتى، كۆرسەتمىلەر بېرە
تى. شۇنداقلا قايەرگە بارسا، شۇ يەردە ئاۋۋال مەكتەپلەرگە بېرى
مەكتەپلەرنى كۆزدىن كۆچۈرەتتى. 1939 - يىلى ۋە 1940 - يىل
لىرى دۆلەت ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدا بولۇپ ناھى
بويىچە 49 مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ مۇتلەق كۆ
چىلىكى شەخسلەرنىڭ قورا - جايلىرىدا، مەسچىت ۋە مەدرىسلە
نىڭ ۋەخپە زېمىنلىرىدا ئىدى. ئاز سانلىق مەكتەپلەرنىڭ
ئالدىغا بىنالىرى بولسىمۇ، پەقەت بىرقانچە ئېغىزلىق ئادد
ئۆيلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئوقۇتۇش شارائىتى خېلىلا نا
ئىدى. ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرار جاي مەسىلىسى
سۆز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمە
دېگىدەك شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارە ۋە ئارىيەتكە ئېلى



ئولتۇراتتى. يولداش لىن جىلۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن
كېيىن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سې-
لىش، مەكتەپ بىناسى قۇرۇش، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش
ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ھاكىم لىن جىلۇنىڭ قول-
لاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ دەۋىتى ھەم ئامما-
نىڭ كۈچى بىلەن قىسقىغىنە 3 يىل ئىچىدە يىتىم - يېسىرلەر
مەكتىپىگە ئۆي - ئىمارەت تەييارلاندى ۋە 20 دىن ئارتۇق
مەكتەپ بىناسى ياسالدى.

يولداش لىن جىلۇنىڭ ئايالى يولداش چىڭ يىسۇمۇ ئو-
قۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن
بىرى ئىدى. يولداش لىن جىلۇ ئايىلى ئارقىلىق ناھىيىلىك
ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خوتۇن-
قىزلار مائارىپىنى يولغا قويۇشتا جامائەت پىكرى ھازىرلاپ،
خوتۇن - قىزلارنى ئوقۇتۇشقا قارشى خۇراپىي ئادەت كۈچىنى
يېڭىپ، ئاياللار مائارىپىنى يولغا قويىدى. كۇچا بويىچە 8 جايدا
قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئاياللار مائارىپى ئۈچۈن ئاساس
تىكلەندى.

يولداش لىن جىلۇ ئۆسمۈرلەر ۋە ئاياللار مائارىپىغا
ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە چوڭلار مائارىپى، ساۋاتسىزلىقـ
نى يوقىتىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئەينى ۋاقىتتا كۇچادا
110 مىڭ ئاھالە بار ئىدى. خۇراپىي ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى
بىلەن مۇتلەق كۆپچىلىك ساۋاتسىز ئىدى. 1939 - يىلىدىن
1941 - يىلىغىچە بولغان ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە، كۇچادا ساۋاتسىز-
لىقنى يوقىتىش ھەرىكىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، ھەر يىلى 35 مىڭدىن

40 مىڭغا يېقىن كىشى ساۋاتسىزلىقنى يوْيوْش مەكتەپلىرىگە قاتناشقان.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، يولداش لىن جىلۇ كۇچادا خىزمەت ئىشلىگەن دەۋر كۇچا مىللىي مائارىپىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى بولغان. كۆپچىلىك كۇچا خەلقى، بولۇپمۇ كۇچا مائارىپچىلىرى يولداش لىن جىلۇنىڭ ئۆچمەس ئىش - ئىزلىرىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۇچادىكى خاتىرە سارىيىغا بېرىپ ئۇنى ئەسلەپ تۇرىدۇ.



# گۇچۇڭ ناھىيىسىدە مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئابدۇقادىر ئابدۇسەمەت ھاجى
ئابلا ئەخمەتنىياز

## مىللىي مائارىپ ئومۇملىشىشتىن بۇرۇنقى دىنىي مەكتەپ

مىلادى 1915 - يىللىرى گۇچۇڭدا مىللىي مائارىپ ئومۇملىشىشتىن بۇرۇن مىرزا باقى داموللا، توختى موللا، ناسىر قارى قاتارلىقلار تەرىپىدىن شەھەر بازىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى يېنىدا ۋە شەرقىي دەرۋازىدا ئىككى دىنىي مەكتەپ ئېچىلىپ، بۇلارنىڭ ھەر قايسىسىدا 30 نەچچىدىن ئوغۇل - قىزلار وقۇيتتى. شۇ مەزگىللەردە بۇ دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش، وقۇتۇش پروگراممىلىرى ۋە ئوقۇتۇش قوراللىرى سىستېمىلىق، ەتلىك ئەمەس ئىدى. قىش كۈنلىرى ئۆي ئىچىدە يەردە ولتۇرۇپ ئوقۇسا، ياز كۈنلىرى ھويلا - قورولاردا كىيسەك ۇپىلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ،كتەپكە كىرىشى ھازىرقىدەك بىر تۇتاش بەلگىلەنمىگەنلىكتىن

ئوقۇشقا كىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى يىل ئاخىرىغىچە ئۈزۈلمەيتتى. مەكتەپكە كىرىش ئەنە شۇنداق بولغاچقا ئۇدۇللۇق كەلگەنلەر ئۇدۇل-لۇق ئۆگىنىپ، دەرستە بىرلىك بولمايتتى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇل دىنىي دەرسلا يادقا ئوقۇتۇلۇپ، خەت يېزىشنى ئاساس قىلمىغانلىقتىن خەت 6 يىلدىن 8 يىلغىچە ئوقۇغانلارمۇ بىر پارچە سالام خەت يازالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتى سىزىلسە چەكلىنەتتى. چۈنكى ئەينى زاماندىكى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلار خەلقنى نادان قالدۇرۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشىنى چەكلەيتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئاخۇن، موللاملارمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ يېڭىلىققا ئىنتىلگەنلەرنى «جەدىت»، «كوممۇنىست» دەپ قارىلايتتى. شۇڭا بۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار ئىچىدىن بىرەرمۇ مەلۇماتلىق ئادەمنىڭ يېتىلىپ چىقىشى ناھايىتى تەس ئىدى. 1933 - يىلىدىكى ماجۇڭيىڭنىڭ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن مىللىيلار تۇرپان، پىچان، جەنۇبىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن بۇ يەردە بار بولغان دىنىي مەكتەپلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن تاقىلىپ قالدى.

## مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى

رۇسىيە پرولېتارىياتلىرىنىڭ چارپادىشاھ ھاكىمىيىتىگ قارشى ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئىنقىلابىي جۇڭگو خەلقىنىڭ روھى ئىلھام بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار كۈچلەرنى مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، خەلقنى جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ پەن - تېخنىكا، مەدەنىي - مائارىپقا يۈزلىنىش قىلىش ئىمكانىيىتى ئىگە قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە جۇملىدىن شىنجاڭ



ھۈسەيىن باي مۇسابايوپ، باھاۋۇدۇن مۇسابايوپ، تۇرپان ئاستانىدىكى مەخمۇت مۇھىتى قاتارلىق مائارىپپەرۋەر زاتلار ئويغۇنۇپ، چەت ئەللەردىن تاتار، ئۆزبېك، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى شىنجاڭدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈردى. ئاتۇش، كۇچا، تۇرپان، چۆچەك، ئالتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلدى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىي - مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش ۋە تەرەققىياتىغا يول ئاچتى ۋە ئاساس سالدى.

يۇقىرىدىكى زاتلارنىڭ ياردىمى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا 1916 - يىلىدىن 1932 - يىلىغىچە ئەلى ئىبراھىم، گۈلەندەم ئابىستاي (ئايال)، نەئىم ئەپەندى، ھىسامىدىن ئەپەندى، ئابلا ئەپەندى، نۇرىددىن ئەپەندى، ئىبراھىم ئەپەندى، دۇگامەت ئەپەندى قاتارلىق تاتار، ئۆزبېك، ئۇيغۇر ئەر - ئايال زىيالىيلار ناھىيىمىز گۇچۇڭغا كېلىپ، ناھىيىمىزنىڭ يېڭى مائارىپىغا ئاساس سالدى ۋە بۇ ھەقتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ گۈلەندەم ئابىستاي ئۇيغۇر، ئۆزبېك خوتۇن قىزلىرىنىڭ فېئوداللىق - خۇراپاتلىقنىڭ زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشى، قەد كۆتۈرۈپ پەرەنجى - پۈركەنجىلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ مائارىپقا يۈزلىنىش قىلىش يولىدا قەتئىي كۈرەش قىلدى، ئۇلارنى يېڭى پەن - مەدەنىيەتكە يېتەكلەپ نۇرغۇنلىغان خوتۇن - قىزلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ ساۋاتلىق قىلىش جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

## «گۈلشەن مائارىپى» نىڭ تەشكىل قىلىنىشى

يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان مۇئەللىم ۋە مۇئەللىمەلەر

گۈچۈك ئۆزبېك مەسچىتى ئىچىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە
پارتا ـ ئورۇندۇق قاتارلىق جاھازلىرى تولۇق بولمىغان قىيىن
ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇتقۇچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا
ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس
مەكتەپ بىناسى سېلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئەھۋالنى نەزەرد
تۇتۇپ گۈچۈكدىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى
بىلەن مىر مەخمۇت، شاكىرجان، زاكىر ئىبراھىم ئەزىم قاتارلىق
لاردىن تەركىب تاپقان «مەكتەپ ھەيئىتى» تەشكىل قىلىندى

ھەيئەت مۇدىرلىقىغا مىرمەخسۇت مىرزابايوپ، كاتىباتلىق
ئىبراھىم ئەزىم، مالىيە ئىشلىرىغا شاكىرجان زاكىرلار تەيىنلەندى. بۇ
لارنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن گۈچۈكدىكى نۇرغۇنلىغان مائارىپپەرۋە
زاتلارمۇ ياردەم قولىنى سوزدى. پۇلى بارلار پۇل چىقاردى
كۈچى بارلار كۈچ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزبېك مەسچىتى
ئىچىگە ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، پارتا ـ ئورۇندۇق قاتارلىقلىرى
تولۇقلانغان ئىككى سىنىپلىق كۆتەرمە ـ ئازادە مەكتەپ بىناسى

سېلىنىپ، بۇنىڭغا «گۈلشەن مائارىپ» دەپ نام بېرىلدى
مەزكۇر «گۈلشەن مائارىپ» مەكتىپى رەسمىي پۈتۈپ ئوقۇش
باشلانغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى 30 نەپەر ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچىلا
تەدرىجى ھالدا كۆپىيىپ مەكتەپنىڭ سىلىقى ئېغىرلاشقا
بولىسمۇ، مائارىپپەرۋەر زاتلارنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ
خالىسانە ياردىمى، كۆكۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا تەمىنات ئۈزۈلۈ
قالماي ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى 17 يىل داۋاملاشتۇردى.

«گۈلشەن مائارىپ» مەكتىپى گەرچە بۇنىڭدىن 68 يىل
بۇرۇن گۈچۈكدا ھېچقانداق تەرەققىيات ۋە باشقا يېڭىلىق
بولمىغان شارائىتتا قۇرۇلغان خەلق باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇ



مىللىي مەكتەپ بولىسمۇ، يېتەكچىلەر، مۇئەللىم ـ مۇئەللىمە ـ
لەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى، مەكتەپ باشقۇرۇشتا ۋە ئوقۇتۇش
ئىشلىرىدا تامامەن يېڭىچە ئىنتىزام، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ۋە
پىلانلىق ئىش كۆرۈلگەنلىكتىن، بۇ مەكتەپتە 6 يىل ئوقۇغان
ئوقۇغۇچى ھازىرقى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەرگە
ئوخشاش سەۋىيىدە مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يارامىلىق ئادەم بولۇپ
يېتىشىپ چىققانىدى. مەسىلەن: ئابدۇقادىر سەمەت، ئابدۇ ـ
رۇسول ئاكا، كۇتۇپخانا خادىمى ئەخمەتجان ئاكا، ھازىر پېن ـ

سىيىگە چىققان، چوڭ تەرجىمان ئابلا ئەخمەتنىياز، كۆكتوقاي
رەڭلىك مېتال گۈڭسىسىدا كوجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن كادىر
ئابدۇراخمان ئەزىمى، پېنسىيىگە چىققان مائارىپ خادىمى ئاب ـ
دۇخېلىل قاتارلىق كىشىلەر «گۈلشەن مائارىپ» مەكتىپىنىڭ
ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن
نۇرغۇنلىرى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى كونا جەمئىيەتتە، جۈملىدىن
ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە
مۇھىم خىزمەتلەردە بولۇپ ئىشلەپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. بۇ ـ
لارنىڭ بەزىلىرى ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
مۇھىم خىزمەتلەردە بولۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىز ئۈ ـ
چۈن ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىلىرىنى قوشماقتا.

ئەينى ۋاقىتتا گۈچۈكگە كېلىپ گۈچۈكنىڭ مىللىي مائا ـ
رىپىغا ئاساس سالغان ئەلى ئىبراھىم، گۈلەندەم ئابىستاي
(ئايال)، نەئىم ئەپەندى، دۇگامەت ئەپەندى قاتارلىق تاتار،
ئۆزبېك، ئۇيغۇر زىيالىلار گۈچۈك خەلقى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان
ئۇنتۇلغۇسىز ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن ۋە ئۆچمەس
خاتىرە قالدۇرغان.

## گۈچۈڭ ناهىيىسىدىكى «گۈلشەن مائارىپ» مەكتىپىنىڭ 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ قايتا تەشكىللىنىشى

مىلىتارىست شېڭ شىسەي 1933 - يىلى جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن جىن شۇرېننىڭ بارلىق قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاپ هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ «ئىلغار» قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا باشلىدى.

1935 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن چاقىرىلغان ئا-تالمىش ئۆلكىلىك قۇرۇلتايغا گۈچۈڭدىن ئىبراهىم ئەزىمى (ئۆزبېك) ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ، گۈچۈڭنىڭ مىللىي مائارد-پىنى يولغا قويۇش يۈزىسىدىن مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇ-رۇپ بېرىش تەكلىپىنى قۇرۇلتايغا سۇنغاندىن كېيىن، ئۆلكە-لىك هۆكۈمەت گۈچۈڭ ناهىيىلىك هۆكۈمەتكە بۇيرۇق چۈشۈ-رۈپ ئەسلىدە بار بولۇپ كېلىۋاتقان خەنزۇ ئوغۇللار مەكتە-پىنى مىللىي مەكتەپ قىلىشقا بوشۇتۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن 1935 - يىلى 9 - ئايدا گۈچۈڭدا تۇنجى قېتىم هۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مىللىي 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ بارلىققا كەلدى. بۇ مەكتەپ دەسلەپ قۇرۇلغاندا 70 - 80 ئوقۇغۇچىسى بار ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپ ئىدى. بۇ مەكتەپكە ئىبراهىم مىجىت «گۈلشەن مائارىپ» مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەخمەتجان ئابدۇراخمانلار ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەيىنلەندى. 1938 - يىلى كەلگەندە بۇ مەكتەپ 5 - مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1942 - يىلىغا كەلگەندە دەسلەپكى 3 سىنىپتىن 9 سىنىپقا كۆپىيىپ 70 - 80 ئوقۇغۇچىدىن 190 نەپەر ئوقۇغۇچىغا تەرەققىي قىلدى.



بۇ مەكتەپنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شەھەر سىرتىدا بىر سىنىپ-لىق شەرقىي دەرۋازا شۆبە مەكتىپى، شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر سىنىپلىق خابا شۆبە مەكتىپى قۇرۇلدى. ئوغۇللار مەكتە-پىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ 1937 - يىلى 3 - ئايدا شەھەر ئىچىدە ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ مۇ-دىرلىقى تاتار مۇئەللىمە پەرۋىزەلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا 50 ئو-قۇغۇچىدىن تەركىب تاپقان 3 سىنىپلىق 2 - قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىمۇ تەسىس قىلىندى.

شەھەر ئىچىدىكى بۇ 2 - قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىمۇ 1942 - يىلىغا كەلگەندە ئوغۇللار مەكتىپىگە ئوخشاشلا دەسلەپ-كى 3 سىنىپتىن 6 سىنىپقا، دەسلەپكى 50 ئوقۇغۇچىدىن 130 غا كۆپىيىپ، شەرقىي دەرۋازىدىكى ئوغۇللار شۆبە مەكتىپىگە بىر سىنىپلىق قىزلار شۆبە مەكتىپى قوشۇلۇپ قىزلار مەكتىپىمۇ كېڭەيدى.

گۈچۈڭ ناهىيىلىك 5 - مەكتەپ، 2 - قىزلار مەكتىپى 1935 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغاندىن باشلاپ 1942 - يىلىغا قەدەر گۈچۈڭنىڭ مىللىي مائارىپى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان-لىقتىن ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىن قاتار-لىق يۇقىرى مەكتەپلەرگە كۆپلىگەن ياراملىق ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ گۈچۈڭدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، گۈ-چۈڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك ۋە باشقا كادىر يېتىشمەسلىك مەسىلىلىرى ھەل قىلىندى. بۇلار-نىڭ بىر مۇنچىلىرى تا هازىرغىچە ناهىيىمىزنىڭ ھەرقايسى ئىدارىلىرىدا رەھبەرلىك ئورنىدا ياكى باشقا ۋەزىپىلەردە ئىش-

لەپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن ئۆز تۆھپىلىرىنى
قوشماقتا.

## گومىنداڭ دەۋرىدىكى گۇچۇڭ مىللىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئەھۋالى

1940 - يىلىدىن باشلاپ جاللات شېڭ شىسەي ۋەتە
پەرۋەرلىك چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ ئۆزىنى گومىندا
نىڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەت
كۈچلىرى، پارتىيە، مەمۇرىي، ھەربىي، ساقچىلىرى تۈركۈملە
شىنجاڭغا كىرىپ، شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان چېن تەنچى
ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار ۋە بىر تۈرك
ۋەتەنپەرۋەر ھەر مىللەت ئىلغارلىرىنى تۈركۈملە
باستۇرۇپ زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، شىنجاڭدا چوڭ خە
زۇ مىللەتچىلىك سىياسىتىنى ۋە مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانل
سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھ
مىللەت خەلقلىرىنىڭ بىر قەدەر ئۇلغايغان ۋە راۋاجلىنىۋا
قان ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ۋەيرانچىلى
ئۇچرىدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشى
باشلىدى. جۈملىدىن گۇچۇڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر، بولۇ
مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرمۇ ۋەيرانچىلىققا يۈزلەندى. گوم
داڭ دائىرىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋە مەكتەپنىڭ ت
لۇك مەمۇرىي خىراجەتلىرى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا بەر
ئۈزۈپ قويدى، ھەتتا بىرنەچچە ئايلارغىچە مائاش ۋە تەم
بەرمىدى. ئوقۇتقۇچىلار تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىد



ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاشلاپ باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللى-
نىشقا، چەت ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ناھىيىسىگە قايتىپ
كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپكە كېتى-
شىگە ئەگىشىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ مەكتەپكە كېلىشى كۈندىن -
كۈنگە ئازىيىپ، ھەر بىر سىنىپتا 10 نەچچەدىن ئوقۇغۇچى
قېلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا مەكتەپ پۈتۈنلەي
يېپىلىپ قېلىش ھالىتىگە كەلدى. جۈملىدىن گۇچۇڭ ئوماچاڭ
گۇڭشېسىنىڭ تاماكابۇلاق دېگەن يېرىدە، كەيگۇڭ چەنتۈۋەنزە
دېگەن يېرىدە ئەينى ۋاقىتتا قازاق چارۋىچىلار ئۆزلىرى ئاچ-
قان خەلق باشقۇرۇشىدىكى 2 سىنىپلىق قازاق باشلانغۇچ مەك-
تىپمۇ تاقىلىپ قالدى.

## ئازادلىقتىن كېيىنكى گۇچۇڭ مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى

گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى مىللىي مەكتەپ ئازادلىق ئەرپىسى-
گە قەدەر يەنىلا ئىككى ئورۇندا بولۇپ، سىنىپ سانى 15 تىن،
ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلار 320 دىن ئاشمايتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
توغرا رەھبەرلىكى ۋە مىللىي سىياسەتنىڭ شانلىق نۇرى ئاس-
تىدا گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ مىللىي مائارىپى توغرا نىشانىنى
بويلاپ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، 1984 - يىلىغا كەلگەندە
ئەسلىدىكى 15 سىنىپلىق 2 ئورۇندىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەك-
تىپى 44 مەكتەپكە، 15 ئورۇندىكى قازاق باشلانغۇچ مەكتىپى
29 غا، ئومۇمىي سىنىپ 215 (ئۇيغۇر سىنىپى 75، قازاق سىنىپ

140) قا، ئەسلىدىكى 320 نەپەر ئوقۇغۇچى 3904 كە (ئۇيغۇر
1871، قازاق 2033)، ئەسلىدىكى 10 نەچچە نەپەر ئەر - ئايال
ئوقۇتقۇچىلار 362 نەپەرگە (ئۇيغۇر 138 نەپەر، قازاق ئوقۇتقۇ-
چى 224 نەپەر) گە كۆپەيدى. بۇنىڭدىن سىرت 10 ئورۇندا
مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپمۇ بار بولۇپ، بۇنىڭ بەشى
ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپى، بەشى قازاق ئوتتۇرا مەكتىپىدۇر. بۇ
10 ئورۇندىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 39 سىنىپ، 1051 ئو-
قۇغۇچى بار (ئۇيغۇر 461 نەپەر، قازاق 590 نەپەر). بۇ 9 سى-
نىپلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 37 نەپەر ئۇيغۇر - ئۆز-
بېك ئوقۇتقۇچى، 59 نەپەر قازاق ئوقۇتقۇچىلىرى بار.

يۇقىرىدىكى مەكتەپلەر ئىچىدە قازاق باشلانغۇچ مەكتەپ-
لىرى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلىرى دۈگىۋەن گۇڭشې چارۋىچىلىق
مەيدانى، خوجيەن گۇڭشې چارۋىچىلىق مەيدانى، بەنجىگۇ گۇڭ-
شې چارۋىچىلىق مەيدانى، ئوماچاڭ گوڭشې، چۇدىن مۇچاڭ
قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان. ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باش-
لانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر گۇچۇڭ شەھەر ئىچىدە، ئەرتۇڭ دادۇي
چاۋزى دادۇي، كارىز گۇڭشې قاتارلىق جايلاردىكى مىللىيلار قويۇق
ئولتۇراقلاشقان دادۇي ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى ھە
قايسى چارۋا رايونلىرىغا ئورۇنلاشقان. بۇنىڭدىن سىرت چار
ۋىچىلىقنىڭ كۆچمەنلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەسىس
قىلىنغان كۆچمە مەكتەپلەرمۇ بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر چارۋ
رايونىدىكى پۈتۈن ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ۋاقتىدا مەكتەپ
كىرەلىشى ۋە 4 پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ئوخشاشلا ئوقۇش پۇرس
تىگە ئىگە بولالىشىغا كاپالەتلىك قىلىۋاتىدۇ.

گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ مىللىي مائارىپى توغرا نىشان



بويلاپ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكىدەك سەۋىيىگە يې-
تەلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مائارىپ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىختىياجلىق - ئىختىساسلىق خادىم-
لارنىڭ يېتىشىپ چىقالىشى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەر-
لىكى ۋە مىللىي سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، شۇنىڭدەك گۇچۇڭ
مىللىي مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى بولغان پىشقەدەم دۇگامەت
ئەپەندى، ئىبراھىم مەجىدى، ئەخمەتجان ئەپەندى، غەنى ئەپەندى،
ئابدۇجېلىل ئەپەندى قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ۋەتەن ۋە
خەلق، مىللەت ئۈچۈن هارماي - تالماي ئىشلەپ، ئۆچمەس تۆھپىلەر-
نى قوشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن گۇچۇڭ ھەر مىللەت
خەلقى پارتىيىگە تۈمەن مىڭ رەھمەت ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدەك
ھەرھۇم دۇگامەت ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ مائارىپ ساھەسىدە
كۆرسەتكەن خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ ھەم ئۇنىڭ مائا-
رىپپەرۋەر روھىدىن ئۆگىنىدۇ.

ئىلاۋە: بۇ ماتېرىيال بەزى پىشقەدەم كىشىلەرنىڭ سۆز-
لىرى ۋە قىسمەن تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.
جۈملىدىن ئۆزىمىزمۇ شۇ ئىشلارنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بول-
غانلىقىمىز ئۈچۈن ئېسىمىزدە قالغانلىرىنى يېزىپ چىقتۇق.
تولۇق بولماسلىقى مۇمكىن، يولداشلارنىڭ يېتىشمەسلىكلىرىمىزگە
قارىتا تۈزىتىش پىكرىنى بېرىشىنى سورايمىز.

# ئاستانه يېزىسىدا يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى

(ماقالىنى تۇرپان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تۈزگەن)

ئاستانه يېزىسى — يالقۇنتاغنىڭ 5 كىلومېتىر جەنۇبىـ
ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە، تۇرپان بازىرىنىڭ 32 ك
لومېتىر شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئولتۇر
لاشقان يېزا ھېسابلىنىدۇ.

ئاستانه يېزىسىدا بىر قەدەر بالدۇر ئېچىلغان پەنن
مەكتەپ 1911 - يىلدىكى شىتەڭ مەكتەپى بولۇپ، بۇ مەكتە
ھەر بىر مەھەللىدىن بىردىن بالىنى مەجبۇرىي ئالغان. ئوقۇ
چىلارغا خەنزۇ تىل - يېزىقىدا دەرس ئوقۇتاتتى. بۇ مەكتەپن
ئوقۇتقۇچىسى مەشىق ئاكا دېگەن ئادەم بولۇپ، خەنزۇچە تىل
يېزىقتا كامىل ئىدى. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيى
كېچەكلىرى پۈتۈنلەي كونا خەنزۇ پوسۇنىدا بولۇپ، پۆپەكل
قارا دوپپا كەيدۈرۈپ، بىر تال ئۇزۇن چاچ قويدۇرغان، ئۇز
قارا چاپان كەيدۈرگەن. بۇ مەكتەپنىڭ مەقسىتى خەلقمىز
نامراتلىق، نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئەمەس، ئەكسىچە شۇ ۋا



تىكى مۇستەبىت ئەمەلدارلارنىڭ قولچومىقى تۇڭچى (تەرجى-
مان) يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلغان. بۇ مەكتەپتە كېرەمشا تۇڭ-
چى، ئابدۇل بۇساق، ھۇشۇر پۇچۇق، روزى شىخ، مۇخپۇل خەلپە
قاتارلىق 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىككى يىل ئوقۇپ كېيىن
تارقىلىپ كەتكەن.

**(1)**

1913 - يىلى ۋەتەنپەرۋەر مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى
ۋە بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن ئاستانە يېزىسىدا
تۇنجى مىللىي مائارىپ بارلىققا كەلدى. مەھمۇت مۇھىتى تى-
جارەت سەۋەبى بىلەن 1910 - 1913 - يىللىرى رۇسىيىگە بېرىپ،
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار، ئۆزبېك زىيالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ،
خەلقىمىزنى قانداق قىلىپ مەدەنىيەتسىزلىك، نادانلىقتىن قۇتۇ-
قازغىلى بولىدۇ، دېگەن سۆھبەتلەردە بولغان. زىيالىلار ۋە
بىلىملىك كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن مەكتەپ ئېچىپ خەلق-
نى ئاقارتىش كېرەك دېگەن مەسلىھەتنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن
مەھمۇت مۇھىتى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، يېڭىچە پەننىي مەك-
تەپ ئېچىشقا بەل باغلاپ، 1913 - يىلى رۇسىيەدىكى تاتار زى-
يالىلىرىدىن ھەيدەر ئەپەندى، ھەيرانى ئەپەندى قاتارلىقلارنى
ئاستانىگە ئېلىپ كېلىپ ئىنىسى گۇسۇل مۇھىتىنىڭ قورۇسىدا
ئۇيغۇر يېزىقىدا بىر سىنىپلىق يېڭى پەننىي مەكتەپنى تۇنجى
قېتىم تەشكىل قىلغان. مەكتەپنىڭ ئىسمىنى مەھمۇدىيە مەكتە-
پى دەپ ئاتىغان.

بۇ مەكتەپتە ھەيدەر ئەپەندى مۇتەئەسسىپ جاھىللارنىڭ
«جەدىت» دەپ ھاقارەتلىشىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۈچ يىل تىرىش-

چانلىق كۆرسىتىش بىلەن تۇرپان، ئۈرۈمچى، گـۇچۇڭ، پىچان،
لۈكچۈن، ئاستانە، قارغۇجـا قـاتـارلىق جـايـلاردىن كـەلـگـەن
ئابدۇروسۇل قەييۇمى، مۆمىن ئەخمەت، شاۋدۇن ئەپەندى، دوگا-
مەت ئەپەندى قاتارلىق 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقـۇپ مـەكتەپنى
پۈتتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاستانىدا ساۋاتسىز، نـادان، خـەت
تونۇمايدىغان ھالەت پەيـدىنپـەي ئـۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇر بالـ-
لىرىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، يېڭىچە ياشلار مەيدانغا كېلىشكە باش-
لىغان. لېكىن خەلقنى ئاقارتىش، مەدەنىيەتكە باشلاش، يېڭـى
پەننى مەكتەپ ئېچىش — ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمىگەندى، بەل-
كى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى، جەمئىيەتتىكى
بىر قىسىم جاھىل مۇتەئەسسىپ دىندارلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلى-
قى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇلىدىـغـان
دەرسلەر ئۇيغۇر ئانا تىلى، ھېساب، جـۇغراپىيە، تـارىـخ،
تەبىئەت، ئەمىر - سائادەت، تەنتەربىيە، شېئىر قاتارلىقلا
بولغانـىـدى.

مەھمۇت مۇھىتى ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بىر مائارىپ-
چى بولغانلىقى ئۈچۈن، 1917 - يىلى رۇسىيەدە لېنىن رەھبەرلى-
كىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي غەلىبە قىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ
غەيرەتكە كېلىپ، موسكـۋاغا بېرىپ بىلىملىك زىيالىلار بىلـەن
ئۇچرىشىپ، سوۋېتتىن (مـۇھەببۇللا ھوببولى، ئايالى گۈلـەنـدەم
ئابىستاي، ئەلى ئىبراھىم، ھىسامىددىن ئەپەندى، شاھى شەرەپ
يەھمى قـاتارلىق) 6 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ
مۇھەببۇللا ئەپەندى بىلەن ئايالى گۈلەندەم ئابىستاينى ئاستانە
ئورۇنلاشتۇرۇپ، 1920 - يىلى ئىككى سىنىپلىق مەھمۇدىيە مە
تېپىنى قـايتا ئـەسلىگە كەلتۈرگەن. بـۇ مـەكتەپتە ئوقـۇغا



ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا ھەر ئايدا بىر سەردىن پـۇل تـۆلەپ
ئوقۇغان. ئوقۇش خىراجەتلىرىنى مەھمۇت مـۇھىتى تـەمىنلـەپ
بەرگەن. شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېتتىن كەلگەن شاھى شەرەپ دېگەن
ئوقۇتقۇچى لۈكچۈنگە بېرىپ يېڭى پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، بىر
نەچچە ئاي ئوقۇتقاندىن كېيىن لۈكچۈندىكى ۋاكالارنىڭ «جەدىت»
دەپ ھاقارەتلىشىگە ئۇچراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ياڭ زېڭشىن ھۆ-
كۈمىتىگە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بويىنىغا زەنجىر تاقاق
ئېسىلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىپ ئۆلۈمـگە ھۆكـۈم قىلىنغان.
مـۇھـەببۇلـلا ئەپـەندى 1921 - يىلى كېسەل سەۋەبـى بىلەن
ئاستانىدا ۋاپات بولغان. ئايالى گۈلەندەم، ئوغلى پاتىخ، قىـزى
پاتىخـە بىلـەن تـۇل قـالغان. 1925 - يىلى چۆچەككە بېرىپ،
ئېقىنقى يىللارغىچە داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1923 - يىلى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى گۇسۇل مۇھىتى
ئۈرۈمچىدىن ئابباس نەجىبىنى ئـوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ
ئاستانىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، ئىككـى يىل بالا ئو-
قـۇتـقان. كېيىن يەنە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ تـوسقـۇنلۇقى
بىلەن مەكتەپ تارقىتىپ تاشلانغان.

1931 - يىلىغا كەلگەندە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى
بىلەن ئاستانىدا بىر سىنىپلىق مـەكتەپ تەشكىل قىلىنغان. بۇ
مەكتەپتە ئابدۇروسۇل قەييۇمى، داۋامەت خۇدىيارى قاتارلىقـلار
ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ مەكتەپنىڭ تەمىناتى، ئوقۇت-
قۇچىلارنىڭ قەغەز - قەلەملىرىنى مەھمۇت مۇھىتـى تـەمىنلەپ
بەرگەن. 1931 - يىلى مەھمـۇت مۇھىتى ئوغلى ئەنۋەر بىلـەن
بىشىتنـى ۋە يـولـدىـشىنىڭ ئىنىسـى قاسىم پەرسانى نۇرغۇن
ئالتۇن - تىللالار بىلەن تيەنجىنگە ئوقـۇش ئۈچۈن ماڭدۇرغان.

بۇلار يولغا چىقىپ قۇمۇلغا بارغاندا خوجىنىياز ھاجى بۇلار-
نىڭ پۇل - ماللىرىنى تارتىۋېلىپ، ماجۇڭيىڭ ئارقىلىق شىن-
جاڭغا قايتۇرۇۋەتكەن. كېيىن بۇلارنىڭ پۇل ۋە مال - مۈلۈك-
لىرىنى شېڭ شىسەي تارتىۋالغان.

❖ ❖ ❖

خوجىنىياز ھاجى يېتەكچىلىك قىلغان قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن 1932 - يىلى ئاستانىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلىنىپ، ئاستانىدىكى مەھمۇدىيە مەكتىپىدە ئو- قۇغان ياشلار مامۇت سىجاڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلابقا قاتنىشىپ قەشقەرگە بارغان. مەھمۇت مۇھىتى بىلىم ئىگىلىرىگە تەشنا بولۇپ، ئاستانىدىن بارغان ياشلارنى 1934 - يىلى قەشقەردىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا (ساگۇغا) ئوقۇشقا چىقارغان. بۇلار 3 يىل ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1937 - يىلى قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئورۇنلىشىپ رەھبەرلىك خىزمەتلەردە بولغان.

1935 - يىلى ئاستانىدا ئىككى سىنىپ قىزلار مەكتىپى تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارغا ئايشەمخان ۋە پاتەمخانلار ئوقۇتقۇچى بولغان. ئىككى سىنىپتىكى 60 نەپەر ئوقۇغۇچى قىزلار مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن تايانچى ئوقۇت- قۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.

## (2)

1934 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرى ۋە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر سىنىپلىق مەكتەپ تەشكىل



قىلىنىپ، ئۇنىڭغا داۋامەت خۇدىيارى مۇئەللىم بولغان. بۇ مەك- تەپنىڭ خىراجىتىنى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بالىلىرىغا ۋەكالەتەن ئابدۇللا پەرمان تەمىنلەپ كەلگەن. 1935 - يىلى بۇ سىنىپ مەكتەپ تەمىناتىغا ئۆتكەن. شۇ يىلى يەنە ئاستانە ئۈيۈشما تەرىپىدىن بىر سىنىپ تەشكىل قىلىنغان. بۇ سىنىپ- لار 6 يىللىق سىستېمىدا بولۇپ، بارا - بارا كۆپىيىشكە باشلىغان.

1938 - يىلى مۇئاۋىن رەئىس خوجىنىياز ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر خەنزۇچە ئوقۇتۇش سىنىپى تەشكىل قىلىنغان، بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پىچان تۈيۈقلۇق ماۋان شاڭپورى بولغان. مەكتەپ خىراجىتىنى بىر يىل خوجىنىياز ھاجى تەمىنلىگەن، كېيىن ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتكەن.

1938 - يىلى خەنزۇچە ئوقۇش توختىتىلىپ ئۇيغۇرچە مىللىي تىل - يېزىقتا ئوقۇغان. بۇ سىنىپلار 1939 - يىلى 6 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچى تېخنىكوم مەكتىپىگە، دارىلمۇئەللىمىنگە ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا چىققان. قالغان 30 نەپىرى قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا ئوقۇپ تايانچى ئوقۇتقۇچى بولغان. شۇ ۋاقىتتىكى دەرسلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان بولۇپ، ئوقۇلۇدى- غان دەرسلىكلەر تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبى- ئەت، بوتانىكا، تارىخ، ئەمىر سائادەت، ئەشياھىيە، تەنتەربىيە، شېئىر، رەسىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

يىللىق ئىمتىھان ئاتا - ئانىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېغىزچە ئوچۇق ئېلىناتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئوقۇتقۇچىلارغا بىر كىيىملىكتىن رەخ سوغا قىلاتتى.

1934 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىي - مائارىپىنىڭ

تەسىرى بىلەن ئاستانە 5 قىشلاق بىۋاستە تارماق ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، يېزىلاردا مەدەنىي - مائارىپنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش ئورگىنى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن 5 قىشلاق
بويىچە 32 سىنىپ مەكتەپ تارقاق هالدا تەشكىللەنگەن. مەك-
تەپ ئورۇنلىرى شەخسلەرنىڭ قورۇسىدا بولغان. بۇنىڭدا
جىددىي لازىم بولغان ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى هەل قىلىش
ئۈچۈن 1934 - يىلى تۇرپان، توخسۇن، پىچان ناهىيىسىدىن
بولۇپ 50 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 6 ئايلىق كۇرس
ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى 3 ناهىيىگە تەقسىم قىلغان، بۇ
ۋاقىتتىكى مائارىپ خىراجىتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما خەلقتىن
ئېلىنىدىغان ئۆشرە - زاكات، قۇربانلىق ئۈچەي - تېرىلەرنى
يىغىۋېلىش ۋە ئىئانە توپلاش ئارقىلىق هەل قىلغان.
1937 - يىلى ئاستانە پەيچۇسوسىنىڭ سوجىگى ۋە ئۇ -
يۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى هەسەن ئېلىيوۋنىڭ تەشەببۇسى
بىلەن هەر بىر بايلارغا بىر سىنىپتىن سىنىپ سېلىشنى ۋەزى-
پە قىلىپ، 8 سىنىپ سالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن 8 سىنىپلىق
مۇنتىزىم مەكتەپ بارلىققا كەلدى. 1940 - يىللاردا مەدەنىي -
مائارىپ شۇنداق تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، مىللەتلەر باراۋەر-
لىكتە گۈللەپ - ياشناۋاتقان، خەلقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ،
زىيالىلار قەد كۆتۈرۈپ، يۈرەكلىك هالدا پەننىي دەرس ئۆتە-
لەيدىغان، سەنئەت ئىشلىرى راۋاجلانغان ياخشى ۋەزىيەت
بارلىققا كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلار كۈندۈزى ياش - ئۆسمۈرلەرنى
تەربىيىلىسە، ئاخشىمى چوڭلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش ئىشىنى
ئېلىپ بارغانىدى. بۇ ۋاقىتلاردا ئاستانىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشما
قارمىقىدا سانائىي نەپىسە ئىشلىرى يولغا قويۇلغان،
ئارتىسلىرى ئۇيۇشما خىزمەتچىلىرى، ئاستانە مەكتەپ



خىزمەتچىلىرى ۋە ئامما ئىچىدىكى سەنئەتتىن خەۋىرى بارلار
ئىدى. قويۇلىدىغان تىياتىرلار: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش هەققىدىكى سەهنە ئەسەرلىرى، «سامساق ئاكاك قاي-
نايدۇ»، «بەختسىزلەر»، «پاشاخان»، «چىمەنگۈل»، «غېرىپ-
سەنەم» قاتارلىق ئوپېرالار، كونسېرت ۋە كومېدىيىلەر بولۇپ،
سەهنىدە ئوينالغاندا تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا
مۇيەسسەر بولغانىدى. يېڭى ئويۇن قويغان ۋاقىتلاردا ئاستانى-
نىڭ شارائىتىدا ئاياللارنىڭ رولغا چىقىشىغا يول قويۇلمىغان-
لىقتىن ئەرلەر ئايالچە روللارنى ئويناپ چىققانىدى.
ئاستانە مەكتىپىدە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى هەم ياخشى
يولغا قويۇلغان. مەسىلەن: كاناي - دۇمباقلارنى چېلىپ، هەر-
بىي تۈزۈم بىلەن مېڭىش، ۋالىبول، ۋاسكېتبول، پۇتبول ئوي-
ناش، سەكرەش، ئارغامچا تارتىشىش، تورنىك ئويناش، رەگەتكە
ئويناش، تاغقا چىقىش، پىرامىدا ئويناش، چۆيۈن توپ،
گرانات ئېتىش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كەڭ دائى-
رىدە يولغا قويۇلغان. شۇ ۋاقىتلاردا مەكتەپتە ئىشلىتىدىغان
بورنى تاغدىن سىڭدۈرتاش ئەكىلىپ ئۆزلىرى بور ياساپ ئىشلە-
تەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىتىدىغان ئوقۇش قوراللىرى سامان
قەغىزى تاشتاختا، قېرىنداش قەلەمدىن ئىبارەت ئىدى.
مىللىي تەرەققىياتنى كۆرەلمىگەن قانخور شېڭ شىسەي
مىللىي مائارىپنى تۇنجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئاستانە مەدرىسىنىڭ
ئورنىغا كۇلۇب سېلىشنى بۇيرىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيۇشما
تەرىپىدىن مەدرىسىنىڭ كونا ئۆيلىرىنى بۇزۇشقا كىرىشكەندە،
تۇرپان ناهىيىلىك قورچاق ساقچىنىڭ باشلىقى گو جۈيجاڭ
ئاستانىدىكى هوشۇر گەيجاڭ، ئادىل شېخلارنى قۇترىتىپ نوجىل
ئاخۇننىڭ مۆهرىنى قايتۇرۇپ يۇقىرىغا ئەرز قىلدۇرغان. شۇنىڭ

بىلەن شىڭ شىسەينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە گۇچ-ۇيجاڭ ئاستا-
نىگە كېلىپ چوڭ يىغىن ئېچىپ، دىنىگلارغا بۇزغۇنچىلىق قىل-
غان قارا نىيەت بۇزۇقلارنى قولغا ئالىمىز دەپ، 1940 - يىلى
8 - ئايدا ئاستانە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ھەسەن ئەلە-
يوپ، كاتىپى لىتىپ باقى، مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈم باشلىقى
قاسىم ھابىللارنى كويزا - كىشەنلەر بىلەن چۈشەپ ئېلىپ كېتىپ
شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە يوقاتقان. شۇ قاتاردا شىڭ شىسەي
يەنە شۇملۇق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، ئاستانە يېزىسىدىن 72 نەپەر
ئادەمنى تۇتۇپ قاماققا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىدە
تۇرلۇك ۋاستىلەر بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرگەن، يەنە بىر قىسمىنى
تاغارغا سېلىپ قىيناپ ئۆلتۈرگەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى-
نىمۇ ئېگىلىرىگە بەرمىگەن. شۇنىدىن كېيىنلا مائارىپ، ئوقۇش -
ئوقۇتۇش ئىشلىرى پەسىيىشكە باشلىغان.

1944 - 1945 - يىللىرى، يەنى ۋۇج-ۇكىشىن شىنجاڭغا
ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئاستانە يېزىسىنىڭ مائارى-
پى تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ، ئوقۇتقۇچىلار ھەر تەرەپلىمە زەربىگە
ئۇچراشقا باشلىدى. ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ ئۇلارنىڭ خىيانەت-
چىلىك، پارىخورلۇق قىلىش ئىشلىرى چېكىدىن ئاشقانىدى. ئە-
مەلدارلار ئۆزلىرى قوش مائاش ئېلىشتىن تاشقىرى زور دەرى-
جىدە خىيانەتچىلىك قىلاتتى، پۇلنىڭ پاخاللىشىشىدىن ئوقۇتقۇ-
چى، ئىشچى، خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى كېچىكتۈرۈپ بېرىش بىلەن
ئارىدىن پايدا ئالاتتى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار بولسا ئايمۇ -
ئاي مائاش ئالالمىغانلىقتىن كېچىكتۈرۈپ بېرىلگەن پاخال پۇل
بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىپ
ئىنتايىن قىيىن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى.



مەسىلەن: ئىلغار ئوقۇتقۇچى ئەنۋەر يۈسۈپنى مىسالغا
ئالساق ئەتىگەندە مەكتەپتە دەرس ئۆتۈپ، چۈشتىن كېيىن
تويلاردا ناغرا چېلىپ، كاۋاپ سېتىپ، ئاخشىمى موزدوزچىلىق
قىلىپ ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەن. كېيىن ئاستانىدە
تۇرمۇشنى قامدىيالماي ئۈرۈمچىگە چىقىپ كېتىپ مائارىپ نازا-
رىتىگە ئىشقا ئورۇنلاشقان. 1947 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا خىز-
مەت بىلەن بارغاندا يەكەندە جۇڧاڭگاڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىن-
نىپ ل، مۇتەللىپلەر قاتاردا دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەن.

1946 - يىلدىن شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر مەسئۇت
رەئىس بولۇپ تۇرغان دەۋر بولۇپ، بۇ مەزگىل ئاستانىدا مائا-
رىپ ئىشلىرى پەسىيىپ ئارقىغا چېكىنگەن دەۋر بولدى. بۇ ۋا-
قىتتا مەكتەپلەردە پانتۈركىستلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان.
بۇلار مەكتەپنى «ئوقۇل»، ئوقۇتقۇچىنى «ئۆگرەتمەن»، ئوقۇ-
غۇچىنى «ئۆگرەمەن»، يولداش دېگەننى «مايغىلى» دەپ ئاتاش -
نى تەشەببۇس قىلغان. شۇ ۋاقىتلاردا مەكتەپلەردە ئېيتىلىدى-
غان شېئىرلار مەسئۇتنى ماختاپ ئېيتىلىدىغان بولۇپ، «مەس-
ئۇت سەبىرى ئاتىڭ ئۇلۇغ، ئاتىلا — چىڭگىز — تىمۇر دۇنيانى
تىترەتكەن» دېگەندەك شېئىرلار ئوقۇلاتتى، مەسئۇت رەئىس
بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە پۇل پاخاللىشىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
مائاشىغا ھېچنەرسە كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. بەزىدە ھەتتا
مۇئاشىنى ئايمۇ - ئاي ئالالماي 3 - 4 ئايدا ئارانلا بىر قېتىم
بېرەتتى. مەسىلەن: مەكتەپ كاسسىرى رازاق نىياز 9 نەپەر
ئوقۇتقۇچىنىڭ 3 ئايلىق مۇئاشىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئال-
غىلى بېرىپ، بانكىدىن ئالغان پۇلنى مەپە كىرا قىلىپ تۇرپان
يېڭى بازىرىدىن كونا بازىرىغا ئېلىپ كەلگەن. شۇنچىۋالا پۇل-

نىڭ ھەممىسىگە سىڭىشۋالغان نەرسىسى ـ خۇرجۇنىنىڭ بىر بېشىغا سوپۇن، يەنە بىر بېشىغا پىگتوزا بولۇپ، شۇنى ئوقۇتقۇچىلارغا تارقىتىپ بەرگەن. مەكتەپ ئىشچىسى تاشپولاتنىڭ 3 ئايلىق مائاشىغا بىر قاپ سەرەڭگە كەلمىگەن. ئوقۇتقۇچى ماقىتنىڭ بىر ئايلىق مائاشى ئۈچۈن بىر سېۋەت پۇل كەلگەن، ئەمما ئۇ پۇلغا بىر سېۋەت كۆمۈر كەلمىگەن. شۇ ۋاقىتتىكى خەلقلەر ئارىسىدا «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەن چاشقانلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىپ ھاسا تايىنىپ چىقىدۇ» دېگەن سۆزلەر تارقالغان. ھەتتا ئوقۇتقۇچىلار تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن قىمار ئويناشقا ئوخشاش قالاق يوللارغا مېڭىشقا مەجبۇر بولغان.

1949 ـ يىلى ئاستانىدە ئوغۇللار ـ قىزلار دەپ ئىككى مەكتەپ بولۇپ، ئوغۇللار 7 سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 290 نەپەر، قىزلار 7 سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 279 نەپەر، قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار جەمئىي 569 نەپەر، ئوقۇتقۇچىلار ئارانلا 19 نەپەر بولغان.

1913 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە مەكتەپ پۈتتۈرگەن سىنىپ 27، ئوقۇغۇچىسى 1113 نەپەر. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ ئۆز جايلىرىدىكى مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىلىرىنى قوشۇپ كەلدى. شۇ ئەھۋاللارنىمۇ ئەسلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ئازادلىقتىن بۇرۇن مەكتەپلەر چىرىك سىياسەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىدارە قىلىشتا ئاڭلىق ئاساستا بولماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش، ھاقارەتلەش بىلەن ئىدارە قىلىنغانىدى. مەسىلەن: ئۈچ قىرلىق بەنزە بىلەن، چىۋىق بىلەن، شاپىلاق بىلەن ئۇرۇش، تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ بېشىغا ياكى قولىغا ئۈچ، تۆت كېسەك



ئېلىپ قويۇش، قول كۆتەرتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇش، بېشىنى تامغا تىرەپ تۇرغۇزۇپ قويۇش، چېچىنى يۇلۇش، قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سولاپ قويۇش، قىش كۈنلىرى مۇز ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ قويۇش، چىمداش قاتارلىق تەن جازالىرىمۇ بولۇپ ئۆتكەن. شۇنىڭدەك ئاڭلىنىشقا ناھايىتى سەت بولغان ھاقارەت سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەش ئىشلىرىمۇ بولۇنغان. ئاستانە يېزىسىدا ئازادلىقتىن بۇرۇن دىنىي مەكتەپ كۆپ ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن دىنىي مەكتەپ كېمىيىشكە باشلىغان. 1954 ـ يىلى 5 ئورۇندىكى دىنىي مەكتەپتە 159 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن قۇرئان، ئەمرى ـ سائادەت قاتارلىقلارنى ئوقاتتى. 1951 ـ يىللىرى مەكتەپلەرگە ھەپتىسىگە 2 سائەتتىن دىنىي دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، سىرتتىن قارىلار كىرىپ دەرس ئۆتەتتى. ئۇلارغا مائاش بېرىلەتتى. كېيىن دىنىي دەرس ئوقۇتۇش پروگراممىدىن چىقىرىۋېتىلگەن.

ئۆلكىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدا ھەممە ئىش يېڭىچە بولۇپ يېزىمىزدا دېھقانلار قەد كۆتۈرۈپ، كونا فېئوداللىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىلدى ھەمدە ئىجارە ھەققى كېمەيتىلىپ، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، مائارىپ ئىشلىرىمىزمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇرۇن خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرى ۋە مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن ئوغۇللار مەكتىپى، قىزلار مەكتىپى ئايرىم بولغان، 1952 ـ يىلغا كەلگەندە ئوغۇل ـ قىزلار مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاستانە مەركىزىي مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلدى. سىنىپ سانى 18 بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى ئوغۇللار 320 نەپەر، قىزلار 308 نەپەر، جەمئىي 628 نەپەر بولدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ

خىزمەتچىلەر 38 نەپەر، ئەرلەر 19، ئاياللار 19 نەپەر بولدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرگەنلەر 4 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 24 نەپەر ئىدى.

ئۆلكىمىز ئازاد بولغان 34 يىلدىن بۇيان پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاستانە يېزىسىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيتىلىش بىلەن بىللە مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتى جەھەتتىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شۇ قاتاردا ئاستانە مەركىزىي مەكتەپ ۋە شۆبىلىرىگە يېڭىدىن سىنىپ - ئىشخانىلار سېلىندى. مەسىلەن: ئاۋات شۆبە مەكتەپكە يېڭىدىن 10 سىنىپ، 4 ئىشخانا، يۇقىرى مەھەللە شۆبە مەكتەپكە يېڭىدىن 15 سىنىپ، 8 ئىشخانا، دولقۇن شۆبە مەكتەپكە 12 سىنىپ، 4 ئىشخانا، ئەششامەلى شۆبىسىگە 12 سىنىپ، 4 ئىشخانا سېلىندى. خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن 1982 - 1984 - يىللىرى يېڭىدىن زامانىۋى 16 سىنىپ ۋە قەۋەتلىك سىنىپ بىناسى سېلىنىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئازادە يېڭى سىنىپلاردا دەرس ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ھازىر مەكتەپنىڭ سىنىپ سانى 44 بولۇپ، 1950 - يىلدىكى 14 سىنىپقا سېلىشتۇرغاندا 30 سىنىپ ئاشقان. ئوقۇغۇچىسى 1472 نەپەر بولۇپ، 1950 - يىلدىكى 569 نەپەرگە سېلىشتۇرغاندا 34% ئاشقان. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 77 نەپەر بولۇپ، 1950 - يىلدىكىدىن 57% ئاشقان. 1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى



161 سىنىپلىق، 5778 نەپەر بولۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن سىنىپ 117، ئوقۇغۇچىسى 5281 نەپەر بولغان. 1980 - يىلدىن باشلاپ ئالدى 43 يىل، كەينى 30 يىل خىزمەت ئىستاژىغا ئىگە بولغان 18 نەپەر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى دەم ئېلىشقا چىقتى. ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن داۋاملىق خەۋەر ئېلىپ تۇرماقتا.

# يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىن ئەسلىمە

### ئىگەم خېلىل

ناھىيىمىز يوپۇرغا ئەسلىدە قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاراشلىق بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا قەشقەر يېڭىشەھەردە بىرلا خەنزۇچە مەكتەپ بار ئىدى. بۇنىڭدا ئوقۇغانلار كىچىك ئەمەلدار، تىلماچ (تەرجىمان) بولاتتى. ئەپسۇسكى بۇ مەكتەپتە باشقا مىللەتنىڭ بالىلىرى ئوقۇيالمايتتى. قەشقەر كونىشەھەردە چوڭ مەدرىسە ۋە دىنىي مەكتەپلەر بار ئىدى. يېزىلاردىمۇ دىنىي مەكتەپ بولۇپ، يېڭىچە پەننىي مەكتەپ يوق ئىدى، شۇڭا يېڭىچە پەن تەرەققىياتى قاتارلىقلاردىن گەپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ فېئوداللىق خۇراپىي ئادەتلىرى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئومۇمىي خەلق ساۋاتسىز بولغاچقا نادانلىق، جاھالەت پەردىسى ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى توسۇپ، دۇنيا ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قاراڭغۇلۇقتا ئۆتمەكتە ئىدى.

1931 - يىلى قۇمۇلدىن چىققان خوجىنىيازھاجى، تۇرپان ئاستانىدىن چىققان مەھمۇت مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى ۋە كۇچاردىن چىققان تۆمۈر ئېلى قاتارلىق مۆتىۋەر زاتلار خەلقنى مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھوقۇقتا باراۋار ئەركىنلىكتە



ياشايدىغان بىر كۈنگە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كەڭ دېھقانلار ئاممىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتتى. جۈملىدىن ئۇزۇن يىلدىن بېرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ياڭ زېڭ-شىن ئۆلتۈرۈلۈپ جىن شۇرېن تەختكە چىقتى، لېكىن ئۇ ئىچكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن قارشىلىققا ئۇچراپ تەختتىن ئاغدۇرۇلۇپ ھاكىمىيەت 12 - ئاپرېل ئىنقىلابى ھاكىمىيىتى بىلەن ئالماش-قاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى مائارىپپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا يېڭىچە مائارىپ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. شىنجاڭدا ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك مائارىپ ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش، پەن مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. شۇ ۋاقىتتىكى مەسچىت ۋە مەدرىسىلەردە ئوقۇۋاتقان تالىپلار ۋە خەلپەت، قارىلارنى ئاساس قىلىپ يېڭىچە ئوقۇتۇش، يېڭى مەكتەپلەر ئېچىپ ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ئۆسمۈرلەرنى قوبۇل قىلىپ، يېڭىچە پەننىي بىلىملەر بىلەن ئوقۇتۇش ئىشلىرى باشلاندى.

جۈملىدىن ناھىيىمىز يوپۇرغىدىمۇ يېڭىچە مائارىپ يولغا قويۇلۇپ يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ئەڭ دەسلەپ يەكشەنبە بازار غوجىلىق قورۇسىدا بىر سىنىپلىق، يوپۇرغا قازىخانىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇلدى، يوپۇرغا ئەبزەل قۇمغا بىر مەكتەپ سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەر كېڭىيىپ 11 سىنىپقا يەتتى. بۇرۇنقى دىنىي مەكتەپلەر ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ پۈتكۈل تەمىناتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

1934 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت ئالماشقان

«12 ـ ئاپرېل» دا داغدۇغىلىق بايرام ئۆتكۈزۈلەتتى. جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايەت بويىچە سەككىز ناھىيىنىڭ ئەككى دەريا ئارىلىقىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام پائالىيىتىگە ھەر يىلى مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچىلار بولۇپ مىڭلاپ كىشى قاتنىشاتتى. بۇ بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن زور تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بولاتتى. مەنمۇ بۇ چاغدا ئوقۇغۇچى بولۇپ ناھىيىمىزدىن تاللىنىپ بېرىلگەچكە، بۇ پائالىيەتلەرگە ئۈچ قېتىم قاتناشقانىدىم.

ناھىيىمىز يوپۇرغا 39 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيە (شەمجۈي) بولۇپ قۇرۇلۇپ 1940 ـ يىلىدىن كېيىن رەسمىي ناھىيە بولغان. بۇ مەزگىللەردە ناھىيىدىكى پۈتۈن مائارىپ راسخوتى ئۆيۈشمىلار تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن. 1943 ـ يىلىغىچە كەلگەندە ئەبزەل قۇمدىكى مەكتەپ، بولۇمە، سىيەك، ئاچچىق، يەكشەنبە بازار غوجىلىق ھويلىدىكى مەكتەپ بولۇپ جەمئىي بەش مەكتەپ ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈلۈپ شەنلى مەكتەپ بولدى. قالغان مەكتەپلەر ۋە يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ تەمىناتى تاكى 1952 ـ يىلىغىچە قەدەر ئۇيۇشما تەرىپىدىن تەمىنلىنىپ كەلدى. 1952 ـ يىلى ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسىي كىرىم مەنبەئى بولغان ئۆشرە ـ زاكات ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇيۇشمىلارمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋە ـ زىپىسىنى تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق مائارىپ راسخوتلىرى ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن بېرىلىدىغان بولدى. ئومۇمەن مائارىپ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ زور قەدەم بىلەن راۋاجلىنىشقا باشلىدى.



# ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئىلى مائارىپى ھەققىدە ئەسلىمە

ئەسرىدىن ناسىرى

بۇ ئەسلىمىدە 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى («ئاپرېل ئۆزگىرىشى») دىن 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاي (غۇلجا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى) غا قەدەر بولغان 11 يىللىق جەريان ئۈستىدە توختالدىم، چۈنكى، بۇ ۋاقىتلاردا مەن مەدەنىي ـ مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەنىدىم. شۇڭا ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن ئۆتكەن ۋە بىلگەن ئەھۋاللارنى ھەقىقىتى بىلەن ئەسلەپ يېزىپ چىقتىم.

شىنجاڭدا 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپرېل ئۆزگىرىشى بولۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ شىنجاڭنى باشقۇردى. ئۇ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى تۈزۈپ چىقىپ ئېلان قىلدى، كېيىن «ھۆكۈمەتنىڭ كۆز ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەر» دېگەن كىتابىنى يازدى ۋە ئۆزىنىڭ ئالتە سىياستىنى شەرھىلىدى. ئۇ، مۇشۇ سىياستىگە ئاساسەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، شۇرالار ھۆكۈمىتى (سوۋېت ئىتتىپاقى) بىلەن دوست بولۇشنى كۆپرەك تەشۋىق قىلدى، ماركسىزمنىمۇ تەشۋىق قىلدى،

شىنجاڭ دائىرىسىدە ماركسىزمغا دائىر كىتاب - ژۇرناللار تارقىلىشقا باشلىدى، بۇ چاغدا، يەنە جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ تەكىتلىنىپ، بىرلىكسەپ ژۇرناللىرىمۇ چىقىشقا باشلىدى، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ كەڭ يول قويۇلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق يۇقىرى مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى، ھەرقايسى جايلاردىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىن، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە كەچ كۇرسى مەكتەپلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز مىللىتىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە باشلامچىلىقى بىلەن مەدەنىي - مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىندى. ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ بۇ ئىشلار دەسلەپ قىلىپ يولغا قويۇلدى.

## ئىلىدا مائارىپ سىكسىيەسىنىڭ ① قۇرۇلۇشى

1933 - يىلى 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى بىلەن ئىلىدىكى ھەر مىللەت مائارىپپەرۋەر زاتلارنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا 27 كىشىدىن تەركىب تاپقان مائارىپ سىكسىيەسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا نەجىپ ئەپەندى، ھېمىت سەئىدىلەر باشلىق بولدى. سۇلتان ئاخۇن ھاكىم، مەتيۇسۇپ ھاجى، نىزامىدىن ئەپەندى، ھۇسەيىنبەگ، نەمان ئاخۇن، ھېمىت سەئىدى قاتارلىق كىشىلەر ھەيئەت ئەزاسى بولدى. بۇ تەشكىلات تەركىبىدە مەدەنىي - مائارىپ، تەشۋىقات، تەشكىلات ۋە مالىيە ھېساباتتىن ئىبارەت بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىپ، ھەر قايسىسى ئۆزىگە مۇناسىپ

① سىكسىيە — رۇسچە سۆز بولۇپ بۆلۈم، تارماق مەنىسىدە



ئىشقا كىرىشتى. بۇ تەشكىلات خەلق مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 30 باب، 250 ماددىلىق بىر سىركۇل (نىزامنامە خاراكتېرلىق يوليورۇق) تۈزۈپ، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئىجرا قىلىندى. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ ئوقۇتۇش پروگراممىسى تۈزۈپمۇ ئىجرا قىلىندى، بۇ سىركولدا ھەرقايسى ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاقلاردا ھازىر بار بولغان مەكتەپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، مەكتەپ يوق جايلاردا مەكتەپ قۇرۇش، كەچ كۇرسلار ئېچىش، باشلانغۇچ ۋە خەلق مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، مائارىپنى يېتەرلىك راسخوت بىلەن تەمىنلەش، مەكتەپ بىنالىرى سېلىش، خەلق ئىچىدە مەكتەپ سېلىپ بەرگۈچىلەرنى قارشى ئېلىش، بۇلارنى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ تەقدىرلەش، ئۆشرە - زاكات قاتارلىقلارنى بىر تۇتاش يىغىۋېلىپ مائارىپ ئىشلىرىغا سەرپ قىلىش، خەلقنى ئىختىيارىي ئىئانە بېرىپ، ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش، مالىيە ھېسابات ئىشلىرىنى قاتتىق ئىنتىزام ۋە تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش قاتارلىق ئىشلار كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدەك بۇ ھەقتە ئالاھىدە «مۇراجىئەتنامە» تۈزۈپ ھەر قايسى جايلارغا تارقىتىلغان ۋە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە مەكتەپلەرنى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار قوبۇل قىلىش ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئېلان چىقىرىلىپ، ئوقۇتۇش ئىقتىدارى بار ۋە ئوقۇتقۇچىلىقنى خالايدىغان كىشىلەرنى تىزىملاش ئىشى يولغا قويۇلغان. بۇ ئېلان چىقىرىلىش بىلەن يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا مەلۇماتلىق بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرغان

بۇلار جايلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر، ئوقۇتقۇچى ۋە ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچى مەسىلىسى ھەل قىلىندى، بۇلار ئىچىدىكى يۇقىرى بىلىملىك زىيالىلار: بورتالا ئوتتۇرا مەكتىپى، سۈيدۈڭ كۈرەدىكى دارىلمۇئەللىمىن، غۇلجا شەھەر ئۈچ دەرۋازا مەكتىپى، روشەن مەكتەپ، مۇرات مەكتەپ، خەيرىيە مەكتەپ، ياردەم مەكتەپ، ئۆزبېك مەكتەپ، تاتار مەكتەپ، رۇس مەكتەپ قاتارلىق چوڭراق مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلدى.

1934 - يىلى ۋىلايەت مەركىزى غۇلجىدا 3 ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، بۇ كۇرسقا مەكتەپلەردىكى ئىلمىي مۇدىردىن يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ، بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇلدى. يەنە شۇ يىلى، مائارىپ سىكسىيەسى مەكتەپ مائارىپىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن «مائارىپ ئىلمىي كوللېگىيەسى» قۇرۇپ چىقتى، بۇ كوللېگىيە مەرۇپ سەئىدى، داموللا رازى، ھۆسەيىنبەگ، ھاشىم گۆھەر باقى، ئۆسمان يۇنۇس، خۇدابەردى تالىپ، سىراجىددىن، ئەخمەتجان قاتارلىق زىيالىلاردىن تەركىب تاپقانىدى، بۇ كوللېگىيە مەكتەپ مائارىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ئوقۇتۇش پروگراممىسى تۈزۈش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى، مالىيە، ئىقتىساد جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى.

مائارىپ سىكسىيەسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىلىدا دەسلەپ قىلىپ مىللەتلەر كۇلۇبى، ئىلى گىمنازىيەسى، ئۆزبېك مەكتىپى، تاتار مەكتىپى، رۇس مەكتىپى، كۈرەدىكى سىفەن مەكتىپى،



شەھەر ئىچىدىكى شەرق مەكتىپى، خەيرىيە مەكتىپى، روشەن مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ بىناسى سېلىندى، ياكى بەزىلىرى رېمونت قىلىنىپ كېڭەيتىلدى. ئۆزبېك كۇلۇبى، رۇس كۇلۇبى قاتارلىق بىنالارمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا سېلىنغانىدى. بۇ سىكسىيە ۋە كوللېگىيەلەر ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، 5 - كورپۇس ئالدىدىكى باھائىددىن باي كەنتىدە، كېيىن داموللا جاللاب قوروسى ۋە سىدىق شاڭيۇ قوروللىرىدا ئىش ئېلىپ بارغانىدى. بۇ تەشكىلاتلار ئىلىدا مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى دەسلەپ يولغا قويۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا خېلى كۆپ خىزمەتلەر ئىشلىدى.

## ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

1934 - يىللىرى شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن ئىلىدىمۇ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تارقاتقان يوليورۇق ۋە نىزامنامىگە ئاساسەن ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇش تەييارلىقى باشلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىق ھەيئىتى قۇرماقچى بولۇپ، مائارىپ سىكسىيەسىنىڭ تەركىبىدىكى ھەيئەتلەر بۇنىڭ ھەيئەتلىرى بولدى. يەنە ھېكىمبەگ خوجا، نەزەر خوجا، ئابدۇلمۇتەئالى خەلپە، سېيتنۇۋالدىباي قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى كۆپەيتىلىپ ھەيئەت بولدى. شۇنداق

قىلىپ تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى، بۇ ھەيئەتنىڭ دائىملىق ئىشلىرىنى نەجىپ ئەبزى، ھېمىت سەئىدى، ئارۇپ سىراجى قاتارلىق كىشىلەر بېجىردى. ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ۋىلايەت بويىچە (بورتالا، ئارشاڭلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ناھىيە ۋە يېزا-قىشلاقلاردىن ۋەكىل چاقىرىپ قۇرۇلتاي ئېچىپ، شۇ قۇرۇلتايدا ئۇيۇشما تەشكىلىنى قۇرۇش ۋە سايلام ئۆتكۈزۈش تەييارلىقى باشلاندى. بۇ ھەقتە جايلارغا ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى. ئىلى گېزىتىدىمۇ ئېلان چىقىرىلدى. شۇنداق قىلىپ ۋىلايەت بويىچە 282 ۋەكىل سايلىنىپ قۇرۇلتايغا قاتناشتى. ھەرقايسى ئىدارە، ھەيئەت مەسئۇللىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 302 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇ قۇرۇلتايغا ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىنمۇ ۋەكىل قاتناشتى، ئىلى مىللەتلەر كۇلۇبىدا (ھازىرقى تەنتەربىيە سارىيىدا) قۇرۇلتاي ئېچىلىپ سايلام ئۆتكۈزۈلدى.

1934-يىلى 11-ئايدا «ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى، بۇنىڭ ھەيئەتلىكىگە ھېكىمبەگ خوجا، مۇتەئالى خەلپە، ھۆسەيىنبەگ، نەمان ئاخۇن، سۇلتان ئاخۇن، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئايۇپبەگ، ئوسمان ئاخۇن، ئەخمەتجان، غاپپار ۋەلىباي، قاسىم مىراپ، قەمەرالدىنبەگ ئەيسا ھاجى، ئۇمىت ھاجى (بورتالادىن)، شايى ئاخۇن (سۈيدۈڭدىن)، تىيىپ ھاجى، قاسىمجان قەمبىرى، جالالىدىن يەھيارى، نەجىپ ئەبزى، مەرۇپ سەئىدى. شېرىپ قارى، داموللا رازى، مىجىت مۇسابايوپ قاتارلىق كىشىلەر سايلاندى. رەئىسلىككە تىيىپ ھاجى، مائاۋىن رەئىسلىككە مەتيۇسۇپ ھاجى، سۇلتان ئاخۇنلار، مەسئۇل كاتىپلىققا



قاسىمجان قەمبىرى سايلاندى، ئۇيۇشمىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىگىمۇ مەسئۇل كىشىلەر بەلگىلەندى. تەشكىلات بۆلۈمىگە مەرۇپ سەئىدى، مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمىگە ھاشىم گۆھەر باقى، سانائى نەپىسە بۆلۈمىگە جالالىدىن يەھيارلەر بەلگىلىنىپ ئىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى تولۇقلىنىپ، بۇ بۆلۈم شتاتلىرى رەتلەندى. ئەڭ ئاۋۋال مەدەنىي-مائارىپنى رەتلەش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش نەزەردە تۇتۇلدى. شۇ ۋاقىتتىكى زىيالىلاردىن ھاشىم گۆھەر باقى، سىراجىددىن، توختى خوجا، مەرۇپ سەئىدى، ھېمىت سەئىدى، داموللا رازى، ئەخمەتجان، زوھرە يىلقىباي، تۇرسۇن تاھىرى، ئالىم ئەيسا، ئۆمەر سابىرى، پەرىدە قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىر كوللېگىيە تەشكىللەندى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي مەكتەپلەردە ۋە زەرۋات، چىلەك، كەتمەن قاتارلىق جايلاردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردە بىلىم ئالغان رۇسچە، لاتىنچىنى پىششىق بىلىدىغان بىلىم، قابىلىيىتى ئۈستۈن زىيالىلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىشتىراكى بىلەن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى ۋە دەرسلىك قوللانمىلىرى تۈزۈلۈپ نەشىر قىلىنىشقا باشلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىپ تارقىتىلغان 1-سىنىپتىن 10-سىنىپقا قەدەر دەرسلىك قوللانمىلارمۇ ئۆزبېكچە ۋە لاتىنچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تەييارلاندى، شۇنداق قىلىپ ئېلىپبە، ئانا تىلى، گراماتىكا، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ئەخلاق قاتارلىق قوللانمىلار كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىلدى. بۇ ۋاقىتتا، ئىلىمىزدە ۋە شىنجاڭدا تەييارلانغان دەرسلىك

قو للانمىلارمۇ ئىلمىغا كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئو-
قۇتۇش قوللانمىلىرى بىر قەدەر تولۇقلاندى.

بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ
ۋە ئۇلاردا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى تېز كۆپىيىشكە
باشلىدى. دەرسلىك كىتابلارغا بولغان ئېھتىياجمۇ كۆپەيدى.
مۇشۇ ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇيۇشما تەرىپىدىن تاشلىب-
كىدە بىرجاينى ئىجارىگە ئېلىپ كەڭ كۆلەملىك بىر كۇتۇپ-
خانا ئاچتى. بۇنىڭغا داۋۇتجان مۇدىر قىلىپ بەلگىلەندى.
بۇ كىتابخانا ئېلىمىزدە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىققان ھەر-
خىل كىتاب، ژۇرناللارنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئالدۇرۇپ كېلىپ
مەكتەپلەرنى تەمىنلىدى. بۇنىڭ سودا ئوبوروتىمۇ ئىنتايىن
ياخشى بولدى، بۇ پۈتۈن مائارىپچىلارنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇ-
چىلارنى ۋە خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

بۇ كۇتۇپخانىنىڭ يېنىدا يەنە خەيرىيە مەكتەپ (ئايخان
مەكتىپى) قارىمىقىدا بىر مەدەنىي بۇيۇملار ماگىزىنى قۇرۇلۇپ،
بۇنىڭغا تۇردى قاشاق مۇدىر بولدى، بۇ ماگىزىنغا يەرلىك
ۋەتەنپەرۋەر ۋە مەدەنىيەتپەرۋەر زاتلار ئىئانە ياردەم قىلىپ
ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپ مەدەت بەردى. بۇ ماگىزىن ھەر
خىل ئوقۇتۇش قوللانمىلىرى، كىتاب، ژۇرنال، ئوقۇتۇش ۋە
تەنتەربىيە ئەسۋابلىرى قاتارلىق مەدەنىي بۇيۇملارنى كۆپلەپ
سېلىپ تىجارەتنى جانلاندۇردى. بۇنىڭ سودىسى ۋىلايەت بو-
يىچە ھەممە ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاقلارغا قارىتىلدى. بۇنىڭ
سودا ئوبوروتىمۇ ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، دەسمايىسى كۆپەي-
دى. بۇ ماگىزىن خەيرىيە مەكتەپنىڭ پۈتۈن خىراجىتىنى، ئوقۇت-
قۇچىلارنىڭ (32 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى) مائاشىنى ۋە ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تەمىنلىدى.



ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1934 - يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى
يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىپ،
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. بۇ
كۇرسقا 1934 - يىلى 300 كىشى، 1935 - يىلى 400 كىشى،
1936 - يىلى 500 كىشى، 1937 - يىلى 600 كىشى، 1938 -
يىلى 800 كىشىگە كۆپەيدى. بۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن
ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاپ، ھەر قايسىسى ئۆز قابىلىيىتىگە
يارىشا مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىندى، بۇلاردىن قابىلىيەتلىك
كىشىلەرنى كۆلىمى بىر قەدەر زور ئوقۇتىلىق مەكتەپلەرگە مەس-
ئۇل قىلىپ ئەۋەتىلدى. مەسىلەن: شەھەر ئىچىدىكى ئۈچ دەر-
ۋازا مەكتەپكە ھاشىم، گۆھەر باقى، خەيرىيە مەكتەپكە زۆھرە
يىلقىباي، ياردەم مەكتەپكە تۇرسۇن تاھىرى، تاتار مەكتەپكە
ئارۇپ سىراجى، ھەيرانباغ مەكتەپكە داموللا رازىلارنى ئەۋەتىپ
رەھبەرلىكىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭدەك يېزىلاردىكى چوڭ-
راق مەكتەپلەر، مەسىلەن: يۇقىرىقى پەنجىم، بايانداي، چۇلۇقاي،
بورىبوسۇن، ئارا ئۆستەڭ، قاش، قارا باغ مەكتەپلىرىدەك 5
سىنىپلىقتىن يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئاساسىي پىداگوگىكىلىق ئوقۇت-
قۇچىلار بەلگىلەپ ئەۋەتىلدى. شۇنىڭدەك بورتالا، جىڭ، چاپ-
چال، سويدۇڭ، نىلقا، موڭغۇلكۈرە، تېكەس قاتارلىق جايلاردىكى
ئوتتۇرا مەكتەپلەرگىمۇ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلار بەلگىلەپ بېرىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا بىلىمى تۆۋەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمى-
نى ئاشۇرۇش ۋە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئۈچۈن بەيتۇللا مەك-
تەپتە ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەيدىغان كەچكۇرسى ئېچىلغان. بۇنىڭ-
دا سەيپۇللايوپ، ئىسمائىل ھېۋزۇللايوپ، تۇردى قادىر قاتارلىق
يۇقىرى سەۋىيىلىك زىيالىلار دەرس ئۆتۈپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

بىلىم ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان.

بۇ مەزگىللەردە، ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەردىن شەھەر ئىچىدە 28 مەكتەپ، غۇلجا ناھىيىسىدە 8 چوڭ مەكتەپ، 73 شۆبە مەكتەپ جەمئىي 81 مەكتەپ بار ئىدى. قالغان ناھىيىلەردە 66 مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈن خىراجىتى ئۇيۇشما تەرىپىدىن بولاتتى. ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەردىن ھەر جەھەتلەپ تولۇقلىنىپ، مۇنتىزىملاشقانلىرى ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلەتتى. ئەڭ دەسلەپ قىلىپ، ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ سانى 10 دىن يۇقىرى بولۇپ، ھەممە جەھەتتىن تولۇق ۋە مۇنتىزىملاشقانلىرىدىن دۆڭ مەھەللىدىكى روشەن مەكتەپ، قارا دۆڭدىكى ياردەم مەكتەپ، خەيرىيە مەكتەپ، ئۈمىد مەكتەپ، ھەيرانباغ مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەر ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلىي ئىشلىرى

ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا تەشكىلات بۆلۈمى بولۇپ، بۇ ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلىي ئىشلىرىنى بىجىرەدى. ئاۋۋال باشلاپ ھەر قايسى ناھىيىلەردە ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشمىلارنى تەسىس قىلىشقا كىرىشتى. رايون ۋە چوڭراق يېزىلاردا تارماق ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا غۇلجىدا 11 ناھىيە بار ئىدى. 11 ناھىيىدە 11 ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشما قۇرۇلدى. غۇلجا شەھەرگە قاراشلىق قارا دۆڭ، دۆڭ مەھەللە، تاش كۆۋرۈك، قازانچى، ناغرىچى، ھەيرانباغ قاتارلىق رايون ۋە يېزىلاردا تارماق ئۇيۇشما قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىلارغا كەڭ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيۇشما ئەزاسى



قوبۇل قىلىندى. بۇلارغا ئۇيۇشما ئەزاسى دېگەن كىنىشكا تارقىتىلدى. كىنىشكا تارقىتىلغاندىن كېيىن ئەزا بولغۇچىلارمۇ كۆپەيدى. بۇلاردىن ئەزالىق بەدىلى ئېلىندى. ئەزالىق بەدىلىدىن كىرگەن كىرىممۇ ئاز بولمىدى.

بۇ ئەزالار بىلىم سەۋىيىسى، قابىلىيىتى ۋە ئارتۇقچىلىقىغا قاراپ، ھەر خىل ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ئۆشرە - زاكات يىغىش، ئىختىيارىي ئىئانە توپلاش، ھېسابات ئىشلىرىغىمۇ ئايرىم كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر بىر شۆبە ۋە تارماق ئۇيۇشمىلار يېنىدا قىرائەتخانا، بىليارتخانا، چايخانا، قىمىزخانا، كاۋاپ ساتىدىغان دۇكان ۋە ھەر خىل مال ھەم لاتارى ئوينايدىغان ماگىزىن قاتارلىقلار ئېچىلدى. بۇلارغىمۇ مۇۋاپىق كىشىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن باشقا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما يېنىدا، 16 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر تەپتىش ھەيئىتى بار ئىدى. بۇنىڭدا بىر نەپەر تەپتىش رەئىسى بار ئىدى. دائىم ناھىيە ۋە تارماق ئۇيۇشمىلارغا بېرىپ خىزمەت ۋە مالىيە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان 3 نەپەر تەپتىش ئەزاسى بولاتتى. بۇلار دائىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇيۇشمىلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولغانىدى.

## سانائىي نەپىسە ئىشلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇيۇشما قارمىقىدا سانائىي نەپىسە دۆلۈمى تەسىس قىلىنىشى

نى قارار قىلىپ، بىر تەييارلىق كوللىگىيىسى قۇردى. بۇ كوللىگىيە تەركىبىدە، تىيىپ هاجى، قاسىمجان قەمبىرى، جالالىدىن يەهيارى، مەرۇپ سەئىدى، مۇهەممەت ئېلى ئاقساقال، ئەخمەتجان تۇردى، نەزەرخان خوجا، قاسىم قىسمەتى، خۇداۋەردى تالىپ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى، بۇلارنىڭ پىلانلىق هالدا تەييارلىق كۆرۈشى بىلەن سانايى نەپىسە بۆلۈمى رەسمىي قۇرۇلدى. ئاتاغلىق سازەندىلەر جەلىپ قىلىندى، جۈملىدىن سۈيدۈكدىن روزى تەمبۇرنى ئالدۇردى. شۇنىڭدەك ئىسكىرىپكىچى سەيدۇللام، چالغۇچى مەرۇپ ناسىرى، هۇسەيىن تەمبۇر، سازچى ئابدۇنەبى، غىجەكچى تىيىپ ئاخۇن، چالغۇچى نۇرمۇهەممەت ناسىرى، تەمبۇرچى مەتتاهىر، غۇپۇر، دۇتارچى سايىت ئاكا قاتارلىق سازەندىلەر جەلىپ قىلىندى. ئاياللاردىن زازىيە خانىم، تۇرانىخانىم، هەجەرخانىم، پەرىدە، شەكۇرە قاتارلىقلار جەلىپ قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتىكى زىيالىلار ۋە هەۋەسكار ياشلارمۇ بۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى، شۇنىڭ بىلەن «قانلىق داغ»، «غېرىپ - سەنەم»، «پەرهاد - شىرىن»، «ئارشىن مال ئالان» قاتارلىق چوڭ ئوپېرا ۋە سەهنە ئەسەرلىرى سەهنىلەشتۈرۈلدى. بۇ ئويۇنلار تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. هەر قېتىم سەهنىدە قويۇلسىلا، ئارقىدىن قايتا قويۇلسا دېگەن تەلەپلەر ۋە چاۋاكلار ياغراپ تۇردى. 1935 - يىلىنىڭ باشلىرى ئىلى مىللەتلەر كۇلۇبى (ئۇيغۇر، قازاق كۇلۇبى) نىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن توي ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بۇ تويغا بېغىشلاپ «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسى سەهنىدە ئوينالدى. بۇ تويغا ئىدارە، جەمئىيەت مەسئۇللىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بولۇپ 600 دەك كىشى قاتناشقان. بۇلار بۇ ئوپېرا-



نىڭ غەلىبىلىك ئوينالغانلىقىنى كۆرۈپ، زور تەسىرات ئالدى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز تەسىراتىنى ئېلى مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلدى. پۈتۈن ئېلى غەلىبە تەنتەنىسىگە تولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئويۇشما ۋە سانايى نەپىسەنىڭ ئورنى خەلقتە تېخىمۇ روشەن تونۇلدى. سانايى نەپىسە ئىقتىساد ۋە هەممە جەهەتتىن يۈكسىلىشكە باشلىدى، نۇرغۇن مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار، ئەدىبلەر ۋە هەۋەسكارلار ئۆزلۈكىدىن سانايى نەپىسە تەركىبىگە كىردى، شۇنىڭ بىلەن سانايى نەپىسە تەركىبىدە 12 نەپەر يازغۇچى، 35 نەپەر مۇزىكانت (چالغۇچى)، 25 نەپەر ئارتىس، 15 نەپەر ئارتىسكا بولۇپ، جەمئىي 87 نەپەر كىشى ئىشلەيدىغان بولدى. لاۋازىمەتچى، دېكراتور قاتارلىقلار بۇنىڭ سىرتىدا.

بۇ چاغدا ئوقۇتقۇچى خانىملاردىن گۈلسۈم نەزەرى، ئامىنە قادىرنۇۋا، ئالتۇنخان، سەلىمە زىياۋۇدۇن، داناخان قاتارلىقلارمۇ سانايى نەپىسە هەۋەسكارلىرى ئىدى. ئاتاغلىق مۇزىكانت زىكرى ئەلىپەتتا، ئەخمەتجان بارات، سۇلتان مۇرات، قىزىقچى قاسىم ساماۋەر، هاسان تەمبۇر، هۇسەن تەمبۇرلەرمۇ قاتناشقان. شۇنىڭ بىلەن ئىلى سانايى نەپىسە ئىشلىرى تېخىمۇ جانلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغانىدى. بۇ چاغلاردا، خەلق ئىچىدىكى توي - تۆكۈن، مەشرەپ ئولتۇرۇشلىرىغىمۇ سازەندە ۋە ئارتىس - ئارتىسكىلارنى تەكلىپ قىلىپ قاتنىشتۇراتتى، بۇنداق تەكلىپنى ئالغاندىن كېيىن سانايى نەپىسە بۆلۈمى تەرىپىدىن بارىدىغانلار كۆرسىتىلىپ بېرىلەتتى. سانايى نەپىسەدە تەرتىپ، ئىنتىزام ئىنتايىن چىڭ ئىدى.

1938 - يىلىغا كەلگەندە، يازغۇچى ئەنۋەر ناسىرنى ياردەم مەكتەپتىن يۆتكەپ كېلىپ ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىن-

دى. بۇ گۇرۇپپىغا يازغۇچى ئەدىبلەر ۋە تالانتلىق ئوقۇغۇچى -
لارمۇ قاتناشتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، سىدىق نورۇز، نۇرمۇھەم -
مەت بوساقوپ، ئا. ئابباسوپ، تاھىر دۆلەت، خۇدابەردى تالىپ،
سىراجىددىن قاتارلىقلار بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئىختىيارىيقاتناشچىلىرى
ئىدى. بۇ چاغدا يەنە ئۇيۇشمىنىڭ مائارىپ بۆلۈمىگە زۇنۇن
قادىر، مۇھەممەت مەنسۇرى، تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئىبلاخۇن ھەم -
رايوپلار يۆتكەپ كېلىنگەنىدى. بۇ تالانت ئىگىلىرىنىڭ غەيرى -
تى بىلەن ئىجادنىيەت ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، نۇرغۇن سەھ -
نە ئەسەرلىرى رەتلەنگەن ۋە ئىجاد قىلىنغان، بۇ چاغدا،
«لەيلى مەجنۇن»، «پەرىخون»، «گۈلنىسا»، «تاھىر - زۆھرە»،
«گۈلەمخان» ...... قاتارلىق سەھنە كىتابلىرىمۇ قوشۇپ ئوينال -
غانىدى.

بۇنىڭدىن باشقا بۇ سانايى نەپىسە بۆلۈمى ئىلى ۋىلايى -
تى بويىچە ھەممە ناھىيە، رايونلاردىكى شۆبە سانايى بۆلۈم -
لىرىنىڭ ۋە ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى سەنئەت كۇرۇژوكلىرىنىڭ
كەسپىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى ۋە بۇلار ئۈچۈن كەس -
پىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرەتتى. نەچچە نۆۋەت سازەندى -
لەر يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى ئېچىپ، نۇرغۇن سازەندىلەر تەر -
بىيىلەنگەن. بۇ كۇرسلاردا پېشقەدەم مۇقامچى مۇھەممەت موللا
(كارۇشاك ئاخۇن)، روزى تەمبۇر، ھەسەن تەمبۇرنىڭ ماھارەت -
لىرىدىن، ۋە «12 مۇقام» دىن دەرسلەر ئۆتۈلۈپ، سازەندىلەرنىڭ
ماھارەت - تالانتلىرىنى ئاشۇرۇلغان ۋە ئۇلار داۋاملىق ئىجاد
قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. بۇ چاغدا، ئىجادىي تۆھپىسى بارلارغا،
تۆھپىسىگە لايىق ھەق بېرىلەتتى، ۋە يازغان ئەسەرلىرى بول -
سا، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىناتتى.



دېمەك، بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەدەنىي -
مائارىپ جەھەتتىكى ۋە سانايى نەپىسە ئىشلىرى جەھەتتىكى
خىزمەتلىرى ئوقۇشلۇق ۋە ئۇتۇغلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى.
لېكىن ئىش مۇنداق ئوقۇشلۇق داۋام قىلىۋەرمىدى. كېيىنكى
كۈنلەرگە كەلگەندە، شىڭ شىسەينىڭ ساختا نىقابى يىرتىپ تاش -
لىنىپ، تېرورلۇق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. شىنجاڭنىڭ ھەممە
جايلىرىدا تېرورلۇق باشلىنىپ، ئىلغار زاتلارنى تۇتقۇن قىلدى.
جۈملىدىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغىمۇ «خائىنلارنىڭ ئۇۋىسى» دېگەن
تۆھمەتنى چاپلاپ، ئۇيۇشما رەئىسى تىيىپ ھاجى ۋە قاسىمجان
قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدى. ئۇيۇشمىنىڭ پۈتۈن
مال - مۈلكى ئۆي - زېمىنلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ كەتتى. جۈملى -
دىن ئۇيۇشما پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان «مىللەتلەر كۇلۇبى» بىنا -
سىمۇ مۇسادىرە قىلىنىپ، كۇلۇب ئارقىدىكى ئىشخانا ۋە ئۆيلەر
پېچەتلەندى. ئۇيۇشما قارمىقىدىكى پۈتۈن خادىملار، ئوقۇتقۇچىلار
زور تەھدىت ئاستىدا قالدى. جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان
مىللىي مائارىپ ۋە سەنئەت ئىشلىرى خۇددى قايناق قازانغا
سوغاق سۇ قۇيغاندەك بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۇيۇشما پالەچ
ھالەتكە كېلىپ ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرمۇ خەلق كۈچىگە
تايىنىپ ۋە ئۆز كۈچى بىلەن ئىش ئېلىپ باردى. مۇشۇ تەرى -
قىدە 5 ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلى -
پى بويىچە ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رىياسەتچى -
لىكىدە ئۇيۇشمىنىڭ چوڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇيۇشما رە -
ئىسلىكىگە ئەخمەتخان روزى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە مىجىت مۇ -
سابايوپ ۋە ئابدۇراھمان مەخسۇملار سايلاندى، كەم ئورۇنلار
تولۇقلاندى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى

جايلارغا ئۇقتۇرۇلدى. ئۇيۇشما ئۆز ئىشىنى يەنە ئاۋۋالقىدەك باشلىۋەتتى. يېڭى سايلانغان ھەيئەتلەر ئۇيۇشمىنىڭ كونا ئورنى — مىللەتلەر كۇلۇبىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ھۆكۈمەتتىن تەلەپ قىلدى. ئاممىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ئارقىسىدا، مۇسادىرە ھەيئىتى بۇ كۇلۇبنى 10.000 تۇياق قوي، 10.000 خو ئاشلىق تۆلەش ھېسابىغا قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ بۇنىڭغا ئىقتىسادىي قۇربى يەتمىگەنلىكتىن ئاشلىقنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، قوينى قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئېلىپ تۆلەيدىغان بولدى، شۇنداق قىلىپ بۇ قوي ۋە ئاشلىقلار تۆلەپ بېرىلىپ جاي قايتۇرۇۋېلىندى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئەخمەتخان روزى، قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى ئىسھاق بەگلەر كېلىشىپ، بۇ كۇلۇبقا «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبى (ئۇ قا ق كۇلۇبى)» دەپ نام بېرىلىپ، ئورتاق باشقۇرۇلىدىغان بولدى. 1938 ـ يىلى ھازىرقى ياشلار كومىتېتى قىلىنغان جايغا ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىناسى سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيۇشما ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەكتەپ مائارىپى ۋە سانائىي نەپىسە ئىشلىرىنى قايتا يولغا قويدى. لېكىن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ تېررورلۇق ھەرىكىتىنى توختاتمىدى. بەلكى تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ، زور تۈركۈمدە تۇتقۇنلۇق ھەرىكىتىنى يەنە باشلىدى. تەخمىنەن 1941 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، ئۇيۇشما رەئىسى ئەخمەتخان روزى، ھەيئەتلەردىن نامان ئاخۇن قاتارلىق بىرقانچە كىشى قولغا ئېلىندى. ئۇيۇشما رەئىسلىككە ھۇسەيىن تاراۋۇپ سايلاندى.

باندىت شېڭ شىسەيىنىڭ ئارقىمۇ ئارقا يۈرگۈزگەن تېررورلۇقى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسمۇ خەۋپلىك ئورۇنغا ئايلىنىپ



ھەممە كىشى بۇ ساھەدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا باشلىدى. ئۇيۇشما ۋە مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرى كۈنسايىن چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىدى. ئۇيۇشمىنىڭ زاپاس ئىقتىسادىمۇ تۈگەشكە باشلىدى. ئىلى سانائىي نەپىسەسىدىكى تالانتلىق سازچىلاردىن مەرۇپ ئاكا، سەيدۇللەم، مەتتاھىر قاتارلىق 6 نەپەر كىشى ئۈرۈمچى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا يۆتكەپ كېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى سانائىي نەپىسەسىمۇ ئاجىزلاشقا باشلىدى. يېڭى سايلانغان رەئىس ھەر قانچە قىلىپ باقسىمۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى. مۇشۇ ئەھۋال ئاستىدا، 1944 ـ يىلى ئىلى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن مائارىپ ئىشلىرى قايتا راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار ئايرىم يېزىلىدۇ.

# شايار ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ تارىخىدىن قىسقىچە ئەسلىمە

روزى ئىبراھىم

شايار ناھىيىسى ئۇزۇن تارىختا ئىگە ناھىيىلەرنىڭ بىرى. بۇ ناھىيە كۇچا ناھىيىسىنىڭ 80 نەچچە كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي شارائىتلارنىڭ توسالغۇلىرى سەۋەبىدىن بۇ ناھىيىنىڭ ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش قىلىش تارىخى قوشنا ناھىيىلەرگە نىسبەتەن كېيىن باشلاندى. بۇ ناھىيىدە 1934 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. يېڭىچە پەننىي مەكتەپمۇ 1935 - يىلى قۇرۇلۇپ ھازىر 50 يىلغا قەدەم باستى.

1931 - يىلى قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ شىنجاڭدىكى بارلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە كېڭىيىپ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 1933 - يىلى «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» يۈز بېرىپ ئاخىرى مۇستەبىت جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭ خەلقىنى نادانلىق - خۇراپاتلىق بىلەن تىزگىنلەپ تۇرغان ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن جاھالەت - خۇراپاتلىقنىڭ كىشەنلىرى پاچاقلىنىپ، مەدەنىي - مائارىپقا يۈزلىنىش قىلىشنىڭ يولى ئېچىل-



دى. ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلپىگە بىنائەن ۋەتەننى، مىللەتنى قىزغىن سۆيۈدىغان ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئىلىم - مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرى ئۆزخەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ «خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قاتارلىقلارنى قۇرۇشقا كىرىشتى. شىنجاڭنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىدە ھەرقايسى مىللەتنىڭ مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئاممىۋى تەشكىلاتى بولغان «خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن شايار ناھىيىسىدىمۇ 1934 - يىلى مەھەممەت نىيازھاجى ئەلەم ،ۋاھاپ ھاجى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ تەشەببۇسى ھەم ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى بىلەن «شايار ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ، ۋاھاپ ھاجى رەئىس بولۇپ سايلاندى. بۇ خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى نادانلىق - جاھالەت ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۈچۈن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش يولىدا تەشۋىق - تەرغىبات ئىشلىرىنى كەڭ ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىشقا پائال رىغبەتلەندۈردى. نادانلىق، جاھالەت دەردىنى تارتىپ ئازاب ئوقۇبەتتە كۈن كۆچۈرۈۋاتقان شايار خەلقى ئۆز ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ پەننىي مەكتەپ قۇرۇشقا كىرىشتى. ئوقۇتقۇچى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم، ۋاھاپ ھاجىلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن خۇسۇسى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتى چىقىپ بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان ياش تالىپلاردىن تاللاپ ئەخمەتجان ياقۇپنى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە، تۆمۈر زازاق، ئابدۇۋايىت زا-

يىملارنى كۆچادىكى «تۆمۈرغازى» مەكتىپىگە ئەۋەتتى. بۇلار
1935 ـ يىلىنىڭ 6 ـ ئايلىرىدا ئارقىمۇ ئارقا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ
شايارغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شايارنىڭ مائارىپ تا-
رىخىدا تۇنجى ئوقۇتقۇچى بولغان بۇ 3 نەپەر ياش ناھىيىلىك
«مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ يېتەكچىلىكىدە
ئۇيۇشما بىناسى ئىچىدە ئۈچ سىنىپلىق پەننىي باشلانغۇچ مەك-
تەپ ئاچتى. كېيىن ئاقسۇ ھەم كۇچادىن 2 ئوقۇتقۇچى كەل-
دى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئىككى سىنىپ قوشۇلۇپ ئوقۇغۇچى-
لار سانى 180 نەپەردىن ئاشتى. بۇ مەكتەپ ئۇيۇشما قارىمى-
قىدا بولۇپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ھەم مەكتەپ مە-
مۇرىيەت خىراجەتلىرى «خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» تەرە-
پىدىن بېرىلەتتى. ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسلىق كىرىمى خەلقتىن
يىغىۋېلىنىدىغان ئۆشرە ـ زاكات بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا
ھېساب بىلەن ئاق ـ قارا ئاشلىق، مايلىق دان بىر مىليون جىڭغا،
قوي ـ ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلار 1500 تۇياقتا قەدەر توپلىنىپ
كىرىم قىلىناتتى.

ئوقۇلىدىغان دەرسلەر: ھېساب (تۆت ئەمەل)، تىل ـ ئە-
دەبىيات، جۇغراپىيە، ھۈسنىخەت، تەنتەربىيە ۋە باشقا شۇ-
نىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ـ پەنلەردىن دەرس بېرىلىپ، كۈندە
5 سائەت رەسمىي دەرس ئوقۇلاتتى.

مەدەنىي ـ مائارىپ دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ
1935 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىغىچە ناھىيىنىڭ گۈلباغ، تويبول-
دى، يېڭى مەھەللە، مازار غوجام، يۇلتۇزباغ، نۇرباغ قاتارلىق
16 يېزىسىدا خەلق ئۆز كۈچىگە يۆلىنىپ يېڭىدىن مەكتەپ
بىنالىرىنى سېلىشقا كىرىشتى. ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن 1936 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لايىقەتلىك ئوقۇغۇچىلار



ئىچىدىن 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللىۋېلىپ ئۇيۇشما بىناسى
ئىچىدە بىر سىنىپلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلدى. يەنە ئۇ-
رۇمچىگە 3 نەپەر، ئاقسۇغا 3 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى.
كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئەخمەتجان ياقۇپى باشلىق ھەممە ئو-
قۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشىپ تەلىم ـ تەربىيە بېرىشى نەتىجىسىدە
1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇتقۇچىلىق كۇرسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
تاماملىدى. بۇ يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ئوقۇتقۇچىلارنى مە-
دەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەر قايسى ئورۇننىڭ ئېھتىياجىغا
ئاساسەن تەقسىم قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىدى. ئوقۇتقۇچى-
لار تەقسىم قىلىنغان جايلارغا بارغاندىن كېيىن خەلقنىڭ قىز-
غىن قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ ئىلىم ـ بىلىمگە
بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىجانىدىل ئىشلەشكە
كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان:

«مۇئەللىم بىز يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
ئىلىم ـ بىلىم نۇرلىرىنى خەلققە چاچىمىز.
ھارماي ـ تالماي ئىشلەش بۇ ئىرادىمىز،
ۋەتىنىمىز، مىللىتىمىزنىڭ سادىق ئوغلى بىز.
ياشا ۋەتەن، ياشا خەلق،
يوقالسۇن، تۈگىسۇن خورلۇق ـ نادانلىق!»

دېگەن ئوقۇتقۇچىلار مارشىنى جاراڭلىق ئوقۇپ، يېزا ـ
قىشلاقلاردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى يېڭىچە پەن ـ مائارىپ
بىلەن تەربىيىلەشكە باشلىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى
ئازادلىقتىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلەپ ھازىر مۇنەۋۋەر پېشقەدەم
ئوقۇتقۇچى دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن پېنسىيىگە چىقتى.

شۇ زامانىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى بويىچە بۇ يېڭىچە مەكتەپلەردە قىزلارنىڭ ئوقۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ناھىيىلىك «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قىزلار مەكتىپى ئېچىش ئۈچۈن 1936 - يىلى 10 - ئايدا كۇچادىن ئايىنىساخانىم دېگەن مۇئەللىمنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈردى ۋە بىر سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى ئېچىپ بەردى. 37 - يىلى يەنە كۇچادىن رابىيە نۇرى دېگەن ئوقۇتقۇچى خانىم كېلىپ، قىزلار مەكتىپى ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ بولدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 70 نەپەردىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرى ئىچىدە تۇنجى قۇرۇلغان ئوغۇللار مەكتىپىگە 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، قىزلار مەكتىپىگە 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ نام بېرىلدى. بۇ ئىككى مەكتەپ ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. 35 - 36 - يىللىرى قۇرۇلغان بۇ ئىككى مەكتەپ شايار ناھىيىسىدىكى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. بۇ ئىككى مەكتەپ ئازادلىقتىن كېيىن قايتىدىن راۋاج تېپىپ ھازىر 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە 16 سىنىپ بار، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 640 نەپەرگە يەتتى. 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتە 17 سىنىپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 680 گە يەتتى.

1938 - يىلى ئامىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن «خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» ماراز غوجام، يېڭى مەھەللە رايونلىرىدا بىر سىنىپلىقتىن ئىككى قىزلار مەكتىپى ئېچىپ بېرىپ 80 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا يېزا - بازارلاردا قىزلار مەكتىپى بولمىغاچقا ئوقۇش يېشىدىكى نۇرغۇنلىغان قىز ئۆسمۈرلەر پەننىي مەكتەپتە ئوقۇشتىن مەھرۇم ئىدى. پەننىي مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جە-



ھەتلەردىن كۈچ چىقىرىپ ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان مەرىپەتپەرۋەر ھاجى ئەلەم، ۋاھاپ ھاجى قاتارلىق زاتلارنى قانخور شېڭ شىسەي 1938 - يىلىنىڭ بېشىدىلا قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغانىدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا خائىنلارنىڭ قۇيرۇقى دېگەن نام بىلەن ئەخمەتجان ياقۇبى، تۆمۈر رازاق قاتارلىق زىيالىلارنىمۇ تۈرمىگە تاشلاپ يوقاتتى. ئەمما بۇ زاتلارنىڭ ئالىيجاناب نامى شايارنىڭ مائارىپ تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

1938 - يىلىنىڭ ئاخىرقى پەسلىدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خادىملىرىدىن بىرى بولغان لى گەنجۇ دېگەن كىشى شايارغا شەنجاڭ بولۇپ كېلىپ، ئالدى بىلەن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. 1 - 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە مازارغوجام، يېڭى مەھەللە، يۇلتۇزباغ مەكتەپلىرىنى ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى شەنلى مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتىپ خەلقنىڭ سېلىقىنى ئازايتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى رەتكە سېلىپ، ئوقۇتۇش - ئوقۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەخسۇس پەننىي دەرس ئوقۇيدىغان يېڭىچە مەكتەپكە ئايلاندۇردى.

شايارنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىدا ئاساسلىق رول ئويناپ كېلىۋاتقان «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ خىزمەتلىرىنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇيۇشما ۋە شەنلى مەكتەپلەرنىڭ مەۋسۇملۇك، ئايلىق پىلانلىرىنى لى شەنجاڭ ئۆزى بىۋاسىتە كۆرۈپ چىقىش بىلەن قارارلىق دوكلات ئېلىش، يوليورۇق بېرىش تۈزۈملىرىنى يولغا قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيۇشما ۋە شەنلى مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىمۇ تېز راۋاج تاپتى.

لى شەنجاڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئۇ بازار ئىچىدە ھۆكۈمەت تە-

مىناتىدىكى 10 سىنىپلىق ساۋات چىقىرىش مەكتىپى تەشكىل
قىلىپ، قىش ۋە ياز بويى ئوقۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى،
شۇنىڭ بىلەن بازار ئىچىدىكى خەلقنىڭمۇ كۆپ قىسمى ساۋات-
لىق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يازلىق تەتىل ۋاقىتلىرى-
دىن پايدىلىنىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى-
نى تەشكىل قىلىپ، ئۆزى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئىجتىما-
ئىي پەن، سىياسەت ۋە مائارىپ خادىملىرىنىڭ ئەخلاقى ۋە
تاشقى ۋەزىيەت، سىياسەت ۋە مائارىپ خادىملىرىنىڭ نۆۋەت-
تىكى ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا دوكلات ئۆتكۈزۈپ تۇردى. جۈمە-
لىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېدىيىسىنى كۈچەيتىپ،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، جۇڭگونى ئازاد قىلىش،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇش - يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا جان
پىدالىق بىلەن ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى. شۇنداق قىلىپ
پەننىي مەكتەپلەر 17، ئوقۇتقۇچىلار 110 نەپەرگە، ئوقۇغۇچىلار
سانى 3000 گە قەدەر يېتىپ سىنىپ سانى 80 دىن ئاشۇرۇلدى.
1943 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شايارغا شەنجاڭ بولۇپ
كەلگەن ئابدۇللا يۈسۈپسىمۇ لى گەنجۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىس-
لىق قىلىپ مائارىپ خىزمىتىنى چىڭ تۇتقانىدى. گۈلباغ،
قايلۇر، لەڭگەر يېزىلىرىدىكى خۇيلى (تۆۋۈشما قارمىقىدىكى) مەك-
تەپلەرنى يۇقىرىغا يوللاپ شەنلى مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتتى.
شەنلى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل
بۆلۈپ، ھەر بىر ئوقۇتقۇچىغا ھۆكۈمەت ئاشلىق ئامبىرىدىن
ھەر ئايدا پۇلسىز 45 جىڭ بۇغداي ياردەم بېرىشنى يولغا
قويدى. مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى كۆپەيتىپ مەكتەپلەرگە بولغان
رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. يېزىلارغا بارغاندا مەكتەپ ئەھۋالىدىن
خەۋەر ئېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ



تۇردى. ھەر ئايدا بىر ياكى ئىككى قېتىم دوكلات ئېلىپ
يولىيورۇق بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئوقۇتۇش - ئوقۇش ئىشلىرى-
نىڭ راۋاج تېپىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. لى گەنجۇ ۋە ئابدۇللا
قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكى ۋە
ياردىمى بىلەن ئوقۇغان ۋە شۇ مەزگىللەردە ئوقۇتقۇچىلىق
قىلغان كىشىلەر ئازادلىقتىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلەپ پارتىيە
ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، شىنجاڭدا ئې-
لىپ بېرىلغان بارلىق ئىجتىمائىي ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ
ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ پارتىيە ۋە
خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك پېشقەدەم كادىرلىرىدىن بولۇپ
قالماقتا.

# گۇما ناھىيىسىدىكى مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرى - سىدا ئەسلىمە

ھوشۇرمەت بارات
تۇرسۇنمەت ھۈسەيىن

گۇما ناھىيىسى قۇم ۋە تاغلار بىر - بىرىدىن ئايرىپ
تۇرغان 53 پارچە چوڭ - كىچىك بوستانلىقنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان، دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، ئاھالىسى تارقاق ئولتۇ-
راقلاشقان، قاتناش ئىشلىرى قۇلايسىز ناھىيە ئىدى. بۇ يەردە
تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاكى 1938 - يىلغا قەدەر بىرەرمۇ
پەننىي مەكتەپ ئېچىلمىغان. شىنجاڭغا جىن شۇرېن ھۆكۈمران-
لىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە گۇما ناھىيە بازىرى، قوشتاغ،
سانجۇ، موكويلا، مۇجى، زاڭگۇي رايونلىرى ۋە قاراتاغىز قا-
تارلىق 7 ئورۇندا بىر سىنىپلىق، بىردىن خەنزۇچە مەكتەپ
تەسىس قىلىنغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپلەر «شۆ-
تاڭ» دەپ ئاتىلاتتى. ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپتە ئاز ساندى-
كى خەنزۇ باللار ئوقۇيتتى. ئۇيغۇر باللار مۇجى رايون
مەركىزىدىكى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانىدى. بۇ مەكتەپلەردە
ئاساسلىقى خەنزۇ تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلەتتى. بۇ مەكتەپ-
لەرگە ئىنتايىن ئاز ساندىكى باللار قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇچە
باشلانغۇچ بىلىم ئالاتتى.



خەنزۇچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى مائارىپتىكى بىر قې-
تىملىق زور ئىسلاھات بولسىمۇ، بىراق «باللارنى خەنزۇچە
مەكتەپتە ئوقۇتۇش دىنىدىن ئازغانلىق» دېگەندەك فېئودال دىنىي
خۇراپىي قاراشلارنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىش بىر مۇشكۇل خىزمەت ئىدى. شۇڭا ئېلىنىدىغان
ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى توغرىسىدا ھەر بىر يېزا - قىشلاقلارغا
ئايرىم ۋەزىپە بەلگىلەپ، سان چۈشۈرۈپ بېرىلەتتى. بايلار
باللىرىنى مەكتەپكە بەرمەيتتى. ئۇلار كەمبەغەللەرنىڭ باللى-
رىنى پۇل ياكى ئاشلىقتا سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ بېرىپ
ئوقۇتاتتى. ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى
ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردە شەخسلەر تەرىپىدىن ئېچىلغان
دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى ياكى قول ھۈنەر ئۆگىنەتتى، يەنە
بىر قىسىم باللار ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئوقۇشتىن مەھ-
رۇم قالاتتى. ھېلىقى قۇرۇلغان خەنزۇچە مەكتەپلەر 1932 - يىلى
مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى خوتەن دېھقانلار قوز-
غىلاڭچى قوشۇنى گۇمىنى ئىشغال قىلغانغا قەدەر ئوقۇشنى
داۋاملاشتۇرغانىدى.

1932 - يىلىدىن 1933 - يىلغىچە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى
گۇمىنى ئىشغال قىلغان دەۋردە بۇ خەنزۇچە مەكتەپلەر تار-
قىلىپ، ئوقۇغۇچىلىرى تارقىتىۋېتىلگەن. پەقەت شەخسلەر
ئاچقان دىنىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارالىغان.

1934 - يىلى ماخۇسەن قىسىملىرى خوتەن رايونىغا كې-
لىپ، خوتەن قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان،
1935 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇما ناھىيە بازىرىدا ھۆكۈمەت باش-
قۇرغان ئىككى سىنىپلىق بىر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى قۇ-
رۇلغان، ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپ شەنلى مەكتەپ دەپ ئا-

ئىلاتتى. بۇ مەكتەپكە ناھىيە بازىرىدىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان ئاز ساندىكى خەنزۇ بالىلار قوبۇل قىلىنغاندىن باشقا، كۆپ قىسمىغا رايونلارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسى تەخسىم قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر بالىلار قوبۇل قىلىنغانىدى. ئادەتتە بىر يېزىغا بىردىن ئوقۇغۇچى ۋەزىپىسى تەقسىم بولغان. ئاز ساندىكى باي - بەگلەرنىڭ بالىلىرى بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇغاندىن تاشقىرى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك كۆپىنچە دېھقانلارنىڭ، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى پۇل ياكى ئاشلىققا يالالاپ بۇ مەكتەپكە ئەۋەتىپ بېرەلەيتتى. بىر ئوقۇغۇچى كۆپ بولغاندا 300 سەر كۆمۈش، ئاز بولغاندا 50 - 60 چارەك قوناقا يالالاپ ئېلىناتتى. بۇ مەكتەپتە ئاساسلىقى خەنزۇ تىل - يېزىقى ئۆتۈلەتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى بىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئىدى. قوشۇمچە كۈنىگە بىر سائەت ئىسلام دىنىدىن دەرس ئۆتۈلەتتى.

بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى، ئوقۇتۇش راسخوتلىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك تەمىناتى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلەتتى. بۇ مەكتەپ 1937 - يىلى شېڭ شىسەي قوشۇنى خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، خوتەن رايونىدىكى ماخۇسەن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ خوتەننى ئىشغال قىلغانغا قەدەر ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. 1938 - يىلى بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەسلىدىكى تۈزۈم بويىچە ئوقۇتۇشنى ئېلىپ بارغان، 1939 - يىلى بۇ مەكتەپ ئىسلاھ قىلىنىپ خەنزۇچە ئوقۇش پۈتۈنلەي توختىتىلىپ ئۇيغۇر تىلىدا پەننىي دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى، ھېساب، تەنتەربىيە، رەسىم قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتۇلىدىغان بولغان.



1938 - يىلىدىن كېيىن شېڭ شىسەي سوۋېت مائارىپ تۈزۈمىنى قىسمەن قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭدا جۇملىدىن گۇمىدا پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا كىرىشكەن. بۇنىڭ بىلەن گۇمىنىڭ ھەر قايسى رايون، يېزا - كەنتلىرىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇش ئەۋج ئالغان. بۇ مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانا، بۆلۈم، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى، ئۆي - ئىمارەتلىرىنى شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ سالغاندىن سىرت، جوزا، بەندىڭ، خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ۋە باشقا خىراجەتلەرنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما خەلقتىن يىغىۋېلىنغان ئۆشرە، زاكات ئاشلىق، چارۋا، يۇڭ - تېرە قاتارلىقلارنىڭ پۇلى بىلەن تەمىنلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئۇيۇشما ناھىيىدە ئىشتىن سىرتقى بىر سەنئەت ئۆمىكىمۇ قۇرۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تىياتىر، كونسېرت ئويۇنلىرىنى قويۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشتىكى ئېھتىياجىنى قامدىغانىدى. بۇ ۋاقىتلاردا ناھىيە بازىرىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرغان ئەسلىدىكى 2 سىنىپلىق مەكتەپ كېڭەيتىلىپ، 250 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار 6 سىنىپلىق مەكتەپكە ئايلانغان. 1940 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشقۇرغان گۇما بازار قىزلار مەكتىپى، موجى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى، قوشتاغ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى قاتارلىق 3 مەكتەپ ئارقا - ئارقىدىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما بۇ دەۋردە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دەسلەپكى مىللىي مائارىپنى يولغا قويۇپ، ئېپتىدائىي مىللىي زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. جۈملىدىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما يېتىم بالىلارنى ئوقۇتۇشقا

ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، گۇما ناھىيە بازىرىدا 160 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار 4 سىنىپلىق بىر دارىلئېيتام مەكتىپى ئېچىپ، ناھىيە بويىچە يېتىم باللارنى بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىپ، خادىملار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۈستىگە ئالغانىدى.

1944 - يىلى شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بۇ مەكتەپلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ نورمال ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەنىدى. 1948 - يىلغا كەلگەندە پىشا، سانجۇ، زاڭگۇي، موكويلا، تۆگەمەن بېشى، قارا تاغىز قاتارلىق 6 مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. شۇ يىلى يەنە ناھىيە بازىرىدا ھۆكۈمەت باشقۇرغان بىر سىنىپلىق بىر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى ئېچىلغان. خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوقۇش يېشىدىكى باللىرى بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، يېتىشمىگەن قىسمىغا ئۇيغۇر باللارمۇ قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن. ئوقۇغۇچىلار ئۆز راسخوتى بىلەن ئوقۇغان. 1948 - يىلى ناھىيىدە بىر مىن جاۋگۇەن (خەلق ئاقارتىش يۇرتى) تەسىس قىلىنغان.

ئومۇمەن 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى يېڭى ھاكىمىيەت تەشكىللىنىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرغان 10 مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە 62 سىنىپ 2468 ئوقۇغۇچى بارئىدى. ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدا بولسا چوڭ - كىچىك 40 نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپ، 2364 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بۇ 2 خىل مەكتەپتە جەمئىي 300 گە يېقىن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، 5000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى.



# خوتەندە ئۇيغۇر مەدەنىي - مائارىپى ۋە يېڭىچە ئەدەبىي - سەنئەتنىڭ تۇنجى قېتىم مەيدانغا كېلىشى

مەمتىمىن توختى

1938 - يىلغا قەدەر خوتەن رايونىدا پەننىي مەكتەپلەردىن بىرەرمۇ ئۇيغۇرچە مەكتەپ يوق ئىدى. 1937 - يىلى كۈزدە ماخۇسەن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئىككى سىنىپلىق بىرلا خەنزۇچە باشلانغۇچ مەكتەپ قالغان بولۇپ، ئورنى ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ 2 - ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىنغان بۇرۇنقى بۇتخانىنىڭ بىناسىدا ئىدى. ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ باللىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بېرىمىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى خۇيزۇ، خەنزۇلاردىن بولۇپ، ئۇيغۇردىن پەقەت مۇسا داموللام ھەپتىدە 2 سائەت دىن دەرس ئۆتەتتى. ئاساسلىق ئوقۇلۇدىغان دەرسلەر خەنزۇچە، ھېساب، شېئىر، رەسىم، تەنھەرىكەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. كۈندىلىك ئوقۇش ۋاقتى 6 سائەت ئىدى. 1938 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇرۇمچى سىغەننى پۇتتۇرگەن يولداش ئىمىن تۇردى بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كېلىپ، تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتۈشكە

باشلىدى. كېيىنچە ياسىن روزى، ھۇشۇر قارىلار ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلدى. بۇ چاغدا مەكتەپ ئۈچ سىنىپقا كۆپىيىپ، ئىككى سىنىپ ئۇيغۇرچە، بىر سىنىپ خەنزۇچە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مانا بۇ خوتەندە تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى بىلىم ئالىدىغان مەكتەپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىدى.

1938 - يىلى باھار مەزگىلىدە خوتەندە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما دەپ ئاتىلىدۇ)، خەنزۇ ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى قاتارلىق مەدەنىي - مائارىپ تەشكىلاتلىرى ئارقىمۇ ئارقا تەشكىل قىلىندى. ھەر قايسى مىللەت ئۇيۇشمىلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىمۇ ئۆشرە - زاكات، ۋەخپە - ئەۋقاپ، قۇربانلىق تېرە - ئۈچەيلەرنى يىغىپ ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم مەنبەلىرىگە يۆلىنىپ مەبلەغ توپلاپ، ئۇنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى، يېڭى مەكتەپ ۋە ھەر خىل كۇلۇب (كىنو - تىياتىرخانا) لارنىڭ قۇرۇلۇش چىقىمى، سەنئەت ۋە باشقا مەدەنىي - مائارىپ راسخوتلىرى، دەرسلىك قوللانما قاتارلىقلارنى بېسىش (نەشىر قىلىش)، سېتىۋېلىش راسخوتلىرى، دارىلئېيتام (يېتىم ۋە نامرات باللار مەكتىپى)نىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، تەمىنات، كىيىم - كېچەك ۋە ياتاقلىرى، كىتاب، دەپتەر، قەلەم، سىيا قاتارلىق ئوقۇش راسخوتلىرى، كىنو - تىياتىر، تەنھەرىكەت، ساز (مۇزىكا) قاتارلىق تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىل قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش چىقىم راسخوتلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىدى. خوتەندە 1938 - يىل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ دەسلەپتە ھۇشۇر نىيازمۇپتى ئاخۇنۇم رەئىس، ياقۇپجان مۇئاۋىن



رەئىس بولۇپ سايلاندى. تۇنجى قېتىم ئەمەت ھاجىم دىنىي ئۇسۇلدا ئوقۇتۇۋاتقان خۇسۇسى دىنىي مەكتەپ يۈز نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، خوتەن خەلقىنىڭ يېڭى بىلىم ئوچىقى بولغان ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى تۇنجى قېتىم بەرپا قىلىنىپ، ھازىرقى ئىلچى بازارلىق ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنىدىكى روزى بەگ ھاجىمنىڭ سارىيىدا ئوقۇش باشلىدى. كېيىن ئابلاجان ھاجىمنىڭ مەدرىسىگە كۆچتى. 1940 - يىلى يازدا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ھازىرقى چايخانا مەكتەپ دەپ ئاتىلىدىغان 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ بىناسىغا كۆچتى. قىزلار بولسا ئايرىم قىزلار مەكتىپى بولۇپ مۇشۇ مەدرىسە بىناسىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېتىم - يېسىرلەرنى ئايرىم دارىلئېيتام مەكتەپ قىلىپ تەشكىللەپ جۇۋا مەدرىسىدە (ھازىرقى ئىلچى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئورنىدا) ياتاقلاشتۇرۇپ، پۈتۈن تەمىناتى، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، كىتاب - دەپتەر، قەلەم ۋە باشقا راسخوتلىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن تەمىنلىنىدىغان بولدى.

1938 - يىل شىڭ شىسەي 1 - سېنتەبىر كۈنىنى (ياپون جاھانگىرلىكى شەرقىي شىمالنى بېسىۋالغان كۈن) خاتىرىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە سەنچۈەن داخۇي (3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي) چاقىردى. بۇ قۇرۇلتايغا خوتەن ۋىلايىتىدىكى نوپۇزلۇق ئادەملەردىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ھۇشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم، مەھەممەد نىياز ھاجى، قارىقاش ناھىيىسىدىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئەرشىدىن خەلپەم، ئۇنىڭدىن باشقا قاغىلىق گۇما، لوپ، چىرىيە، كېرىيىلەردىن (ئۇ ۋاقىتتا نىيە تېخى

ناھىيە ئەمەس ئىدى) بىردىن جەمئىي 8 كىشى ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. بۇ قۇرۇلتاي بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا 5 نەپەر ئوقۇغۇچى (بولار: مەن، ئابابەكرى ئاۋۇت) يەنە ئىككى نەپەر خۇيزۇ ئوقۇغۇچى، قارغىلىقتىن بىر نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بارىدىغان بولدۇق. بىز بىر ئايغا قەدەر مەشىق قىلدۇق، 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە خوتەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇي جاۋتەيىنىڭ باشچىلىقىدا ئىككى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. 6 نەپەر ھەربىي مۇھاپىزەتچى بىز بىلەن بىللە يولغا چىقتى. بىزلەرنى ھەربىي قوماندان ھەم قوشۇمچە ۋالىي پەن بەيىەن باشلىق ئىدارە جەمئىيەت مەسئۇللىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار، شەھەر خەلقى بولۇپ نەچچە مىڭلىغان ئامما تىرىپچا دېگەن يەرگىچە چىقىپ داغدۇغىلىق بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. بىز خوتەندىن قەشقەرگە تۆت كۈندە چىقىپ، قەشقەردىن 8 ماشىنىدا ۋەكىل ۋە ئوقۇغۇچى، 2 ماشىنا ھەربىي جەمئىي 10 ماشىنىدا ئاقسۇغا 16 كۈندە يېتىپ كەلدۇق. شۇنداق سۈرئەت بىلەن مېڭىپ 18 كۈن بولغاندا ئۈرۈمچىگىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ۋاقىتنىڭ مۇنداق ئۇزۇن بولۇشىدىكى سەۋەب، يول يۈرۈش سۈرئىتى بەك ئاستا ئىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ياسالغان تاشيوللار يوق بولغاچقا ئەسلىدىكى كونا ھارۋا يولىدا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بەزى جايلاردا ماشىنا پاتقاققا تىقىلىپ قالسا ئۇنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ چىقىرىپ، كۈنىگە ئاران 10 نەچچە كىلومېتىر مېڭىشقىمۇ توغرا كېلەتتى. يول ئۈستىدىكى قارىقاش، يەكەن، ئاقسۇ، قاراشەھەر دەريالىرىدا كۆۋرۈك بولمىغاچقا ماشىنىلارنى كېمىلەرگە سېلىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ



خېلى ۋاقىت كېتەتتى، شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن سىفەن مەكتىپىگە چۈشۈپ ئورۇنلاشتۇق. ۋەكىل بولۇپ بارغان كىشىلەر مەخسۇس تەييارلاپ قويغان كۈتۈۋېلىش ئورنىغا بېرىپ چۈشتى. بىز ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان كۈنلەردە بايرام تەييارلىقى جىددىي كېتىۋاتقانىكەن. جۈملىدىن سىفەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەت گۇرۇپپىسى يولداش ئەمەت ئۆمەرنىڭ رېژىسسورلىقى ۋە باش رول ئېلىشى بىلەن نەشتىكەشلەرنى تەنقىد قىلىدىغان «مۇنەكۋاي» ناملىق كومېدىيە ۋەقۇمۇلقوزغىلىڭىدا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان كومېدىيىلەرنى رەپىتىس قىلىۋاتقانىكەن. يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە مەن بۇ ئىككى كومېدىيىنى خاتىرىلەپ كۆچۈرۈۋالدىم. شۇنداق قىلىپ بىر مۇنچە كومېدىيىلەر ۋە كونسېرتلارنىڭ تېكىستىنى يېزىۋالدۇق ھەم سەھنىلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋالدۇق.

تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە توپلانغان 500 دىن ئوشۇق تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە مۇسابىقىگە قاتناشتىم. چۈيۈن توپنى يىراققا تاشلاشتا 10 مېتىر 5 سانتىمېتىر نەتىجە بىلەن 2 ـ بولدۇم. يولداش ئابابەكرى يىراققا سەكرەشتە 4 ـ بولدى. بىزنىڭ دۈيىمىز 3 دانە لەۋھە، بىر دانە كۈمۈش لوڭقا قاتارلىقلار بىلەن مۇكاپاتلاندى. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى خوتەننىڭ تۇنجى قېتىملىق تەنھەرىكەت ماھىرلىرى دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن قايتىپ كەلدۇق.

بىز قايتىپ كېلىپلا مەكتىپىمىزدە سەنئەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بىز ئۆگىنىپ كەلگەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان كومېدىيە ۋە كونسېرتلارنى سەھنىدە كۆرسىتىش ئۈچۈن رەپىتىس قىلىشقا كىرىشتۇق. بىزنىڭ بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋۇجۇت-

قا چىقىرىشىمىزغا مەكتەپ رەھبەرلىكى تولۇق ئىشەنچە قىلالمىغانىدەك قىلىپ چەتتە قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولدى. لېكىن بىز مۇھەممەد رەجەپ، ھەسەن نىياز، ئابدۇقادىر مۇھەممەدى، زىكرۇللا رېھىم، ئەمەت ئاخۇن ھاجى قاتارلىق ساۋاقداشلارنىڭ قىزغىن قاتنىشىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن بۇ ئىككى كومېدىيە ۋە كونسېرتلارنى 11 - ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنلىرى سەھنىلەشتۇردۇق. ئۆز ئائىلىمىزدىن ۋە باشقىلاردىن كىيىم ئارىيەت ئېلىپ كەيدۇق. ناۋايخانىلاردىن ۋە كىنىشلەردىن دەنزە قەرز ئېلىپ سەھنە پەردىسى ياسىدۇق. تۈنىكىسازلارغا قەلەيدىن 6 بۇرجەكلىك چىراق ياسىتىپ، چىگىت مېيىدا ياندۇرۇپ، مەكتەپنىڭ چوڭ زالىغا ئېسىپ قويۇپ يورۇتتۇق. شۇنداق قىلىپ دەسلەپ قىلىپ ئويۇن قويدۇق. ئويۇنىمىزغا تەكلىپ قىلغان 200 كىشىلىك باغاقتىن باشقا يەنە 500 گە يېقىن كىشى كېلىپ قاتناشتى. مەكتەپ زالىغا ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەممۇ سىغمايتتى. ئويۇن باشلىنىپ تېخى ئاياقلاشماي تۇرۇپلا، ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ تەشەككۇر قىلغان ئاۋازلىرى، ئىمانە - ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى ياڭرىدى. ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسەن ئويۇنىمىزنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، سەھنىدە تۇرۇپ ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئىمانە قىلغان نەرسىلىرىنى تىزىملىدۇق. ھە... دېگەندە 30غا يېقىن كىشىدىن 2000 يۈەندىن ئارتۇق ئىمانە پۇل تىزىملاندى (بۇ ۋاقىتتا پۇلنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولۇپ بىر نان 5 پۇڭ ئىدى). ئېسىمدە قېلىشىچە دەسلەپ ئىمانە بېرىشكە ئاۋاز قوشقانلار سودىگەر مۇھەممەت قارىم (شاپتۇل) 300 يۈەن، يۈسۈپ ئاخۇن (ئەچكۇ) 200 يۈەن، ھېلىمۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشما نامىدىن 500 يۈەن، ھەسەن خۇيجاڭ بىردانە گازۋاي لامپا



ياردەم قىلىپ يازدۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقىلار 10 يۈەنگە قەدەر ياردەم قىلىشقانىدى. بۇ پۇللارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەڭ ئالدى بىلەن سەھنە پەردىسى ئۈچۈن رەخت ئېلىپ پەردە ياسىدۇق ۋە باشقا جابدۇقلارنى قىلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن قارىقاش، لوپ ناھىيىلىرىگە پىيادە بېرىپ 10 پۈڭدىن بىلەت سېتىپ ئويۇن قويۇپ تاماشىبىنلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. مەسىلەن: قارىقاش ناھىيىسىدە شەنلى مەكتەپ سەھنىسىدە ئويۇن قويغاندا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن مەكتەپنىڭ جوزا - ئورۇندۇقلىرى، دېرىزىلىرى سۇندۇرۇلۇپ كەتكەنلىكتىن مەكتەپ مەسئۇلىنىڭ تەلىپى بويىچە 40 تىن ئارتۇق جوزا - ئورۇندۇقلارنى تۆلەپ بېرىشكە توغرا كەلگەنىدى. لېكىن ناھىيە باشلىقى مەمتىلى شەنجاڭ: مەن ئۆزەم مەسئۇل بولۇپ ياسىتىپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلىپ بىزگە تەسەللى ئېيتىپ، زىياپەت بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى.

ئومۇمەن ئالغاندا يىل ئاخىرىغا قەدەر بىلەتكىلا ئويۇن قويۇپ 500 يۈەن پۇل كىرىم قىلىنغانىدى. مۇشۇ مەزگىلدە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈم قارمىقىدا «سانايى نەپىسە» (سەنئەت ئۆمىكى) تەشكىل قىلىنىپ، بىزنىمۇ بۇنىڭغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ سەنئەت گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما سەنئەت ئۆمىكىگە قوشۇلۇپ كەتتۇق.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما سەنئەت ئۆمىكىمۇ ئۇنىجى قېتىمدا «مۇنەكۋاي» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى سەھنىلەشتۈرۈپ بىر نەچچە قېتىم ئويۇن قويدى. دېمەك خوتەن رايونىدا ئەدەبىي - سەنئەت ۋە پەننىي مەكتەپلەر يۇقىرىدىكىدەك بىرقانچە ئەگرى - توقاي جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋۇجۇتقا چىققانىدى.

# كۇچا ناھىيىسىدە ھازىرقى زامان سەھنە (تىياتىر) سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

نىياز مەھمۇت

كۇچا تارىختىن تارتىپ «سەنئەت بۆلۈكى» دېگەن نام بىلەن دۆلىتىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا ـ سەنئىتى ساھەسىدە زور تەسىر كۆرسەتكەن. سەنئەتخۇمار كۇچا خەلقى ئەزەلدىن تارتىپ ئەنئەنىۋى مەشرەپ (ئەلنەغمە) قاتارلىق ھەرخىل سورۇنلاردا، ساز، ئۇسسۇل، ناخشا سەنئەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. كىشىلەرنىڭ: «كۇچا خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرىگە تىل چىقسا ناخشا ئېيتىپ تىل چىقىدۇ، ئايىغى چىقسا ئۇسسۇل ئويناپ ئايىغى چىقىدۇ» دەپ تەسۋىرلىشىمۇ ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس. كۇچا ئەنە شۇنداق «سەنئەت بۆلۈكى» بولسىمۇ ئۇزاق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ توسقۇنلۇقى قاتارلىق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تىياتىر، ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتى قاتارلىقلار ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قېلىپ تەرەققىي تاپالمىغان.

1933 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن قۇرۇل-



غان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە خوجىنىياز ھاجى مۇئاۋىن رەئىس بولغاندىن كېيىن شىنجاڭدا مائارىپ، مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى، شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى كۈنسايىن راۋاجلاندى.

1934 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا كۇچادىمۇ ئابلەھمەت مەخسۇم باشچىلىقىدا نىزامىدىن ئەپەندىم، ھامۇت ھاجىم، مۇسايىپ شىياڭزۇڭ، ئابدۇرېھىم قارىم، تۇرسۇن ئاخۇن، ئابدۇقادىر مۇختار، شېرىپ ئۇششۇر (تاتار) قاتارلىق مائارىپپەرۋەر زاتلاردىن ئىبارەت بىر مەدەنىي ـ مائارىپ تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ پائال خىزمەت ئىشلىشى بىلەن كۇچادا خوجىنىياز ھاجىم نامىدا بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپ ئېچىلغان، مەكتەپ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ بېشىغا ھەل بىلەن زىننەتلەنگەن بىر چوڭ ۋىۋىسكا ئېسىلغان بولۇپ، بۇ ۋىۋىسكىغا:

«كۇچا دارىلمۇئەللىمىنى مەكتىپى ئالىيە،

زەپەر مارشى ھاجى خوجىنىيازنىيە» دەپ يېزىلغان، مائارىپ تەشكىلاتى ئەزالىرىدىن شېرىپ ئۇششۇر دېگەن كىشى 1930 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا رۇشدى گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرۈپ، بىر مەزگىل مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، 1933 ـ يىلى تۇغقان كۆرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن چۆچەككە كېلىپ، ئۈرۈمچى ئارقىلىق 1934 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كۇچاغا كېلىپ مائارىپ تەشكىلاتىغا قاتناشقان، بۇ كىشى بىلىملىك مەدەنىيەتپەرۋەر ئادەم بولغاچقا مائارىپ ئىشلىرىدا-

دىن باشقا ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1934 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ، بۇ كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئابدۇقادىر مۇختار، سۇلايمان توختى، ئابدۇخالىق ساقى، تىجارەتچىلەردىن نىياز ئاخۇن، ئابدۇقادىر ئاخۇن، نىزامىدىن ئاخۇن قاتارلىقلار ئويۇشتۇرۇلۇپ سانايى نەپىسە گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنغان. ئۇلارغا ئۆزبېكىستان (تاشكەنت) تىياتىر سەھنىلىرىدە ئوينىغان ئويۇنلارنىڭ نۇسخىلىرىنى كۆرسىتىپ، باش رولغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، مەلۇم ۋاقىت رەپىتىس قىلىپ تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق شۇ يىلى 5 - ئايلاردا كۇچانىڭ كونا شەھەر بورا بازىرىدىكى بىر چوڭ دەڭنى تۈزەشتۈرۈپ سەھنە ئورۇنلاشتۇرۇپ تىياتىر قويغان. تىياتىر سەھنىسىنىڭ ئۈستىگە 5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىزىل تاۋارغا چوڭ قىلىپ: «سانايى نەپىسە - ئىبرەت ئەينىكى» دېگەن پىلاكات ئېسىلغان. بۇ تۇنجى تىياتىرغا كۇچانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئامبىلى قادىر ھاجى قاتارلىق شۇ چاغنىڭ مۆتىۋەرلىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلغان. كىشىلەر بۇ تىياتىرنى ناھايىتى زور قىزىقىش بىلەن بەس - بەستە كۆرگەن. مانا بۇ كۇچا تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق تىياتىر (سەھنە ئويۇنى) ھېسابلىناتتى. دەسلەپتە ئاياللارنىڭ تىياتىرغا كىرىشى مەنئىي قىلىندى، كېيىنچە ئاياللار تىياتىرغا كىرىپ ئەرلەرگە ئارىلاشماي ئايرىم ئولتۇرىدىغان بولغان، بۇ سانايى نەپىسە گۇرۇپپىسى يېڭىدىن تەشكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، كىيىملىرىنى ئارتىسلار ئۆزلىرى ھەل



قىلاتتى، ئايال ئارتىسلار بولمىغاچقا ئاياللارنىڭ رولىنى ئەرلەر ئېلىپ چىقاتتى. بۇ چاغدىكى ئويۇننىڭ مەزمۇنى فېئوداللىق خۇراپىي ئادەتلەرنى تەنقىد قىلىش، يېڭى مەدەنىي تۇرمۇشنى تەشەببۇس قىلىش ئاساسىدا بولۇپ، بۇنىڭ نۇسخىسى 1930 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا كاپىتالىست ۋە كۇلاكلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىپ كاپىتالىزم ۋە فېئوداللىزمنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ۋاقتىدىكى سىياسەتلەرگە ماسلىشىپ ئىشلەنگەن تىياتىرلارنىڭ نۇسخىسى ئىدى. شېرىپ ئۇشۇر بۇ نۇسخىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كۇچادا قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى كەڭ ئەمگەكچىلەر قىزغىن ھىمايە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى كۇچانىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدە ۋە ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە دىنىي خۇراپىي ئەقىدىچىلىك كۈچلۈك بولغاچقا ئاز ساندىكى يەرلىك ئەمەلدار ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئامبال قادىر ھاجى بەزى مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ بۇ تىياتىرنى توختىتىپ قويدى.

1935 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە، شېرىپ ئۇشۇر، ئابلىمىت مەخسۇم، موللا مەممەت ھاجىم، تۇرسۇن ئاخۇن قاتارلىق ئىلغار كۈچلەرنىڭ خىزمەت ئىشلىشى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇللام باينىڭ قوللاپ قوشۇلىشى بىلەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا كۇچا سانايى نەپىسە رەسمىي تەسىس قىلىنىپ، بۇنىڭ باشلىقلىقىغا تۇرسۇن ئاخۇن بەلگىلەندى، بۇلارنىڭ ئارتىسلىرى: دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان ئابدۇقادىر

مۇختار، سۇلايمان توختىي، ئابدۇخالىق ساقى، ئابلىمىت نىياز، ئەخمەت نايۇپ، مەمتىمىن بايىز، ئەخمەت نەزەر، سىرتتىكى مەدەنىيەتپەرۋەر ھەۋەسكارلاردىن ئابلەت نەجمىدىن، ئابدۇقادىر ئاخۇن ئابدىباسىت مەخسۇم قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقانىدى، بۇلارنىڭ راسخوتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىن ئاجرى-تىپ بېرەتتى. ئورنى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇلۇغ ئاخۇننىڭ چوڭ سارىيىدا ئىدى، بۇ چاغدا بۇ سانايى نەپىسەگە ئىككى كىشى كېلىپ قوشۇلدى. بۇنىڭ بىرسى ئابدۇجاپپار ئەپەندى ئىدى. بۇ كىشى كورلىلىق بولۇپ، 1925 - يىللىرى ئۆزبېكىستانغا چىقىپ كېتىپ شۇ يەردە ئو-قۇپ، تاشكەنتتە بىرنەچچە يىل ئارتىسلىق قىلغان، يەنە بىرسى ئاتۇشلۇق ئابدۇرېھىم ئاخۇن بولۇپ، بۇ كىشىمۇ (كې-چىك ۋاقتىدا) ئاتىسى بىلەن تىجارەت ئۈچۈن تاشكەنتكە چىقىپ كېتىپ شۇ يەردە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ كېيىن تاش-كەنتتە بىر قانچە يىل ئارتىس بولغان. 1935 - يىلى سو-ۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا بېرىش - كېلىش يولغا قويۇلغاندا جاپپار ئەپەندى بىلەن ئابدۇرېھىم ئاخۇن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. بۇلار كوچا سانايى نەپىسەگە كەل-گەندىن كېيىن رېژىسسورلۇق ۋە سوپلىرلىق ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ كەسپىي ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ ئۆمەكتە ناھايىتى زور ئۆزگى-رىش بولغان. بۇلار ئالدى بىلەن شتاتنى مۇقىملاپ ئار-تىسلارنى تولۇقلاپ، خىزمەت تەقسىماتىنى روشەنلەشتۈرۈپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى تۇرغۇزدى، شۇنداق قىلىپ فېئودال كوچلەرگە قارشى «ئىشچى - دېھقانلارنىڭ قۇدرىتى»، «بايلارغا مەسخىرە»، «نورۇزباي» قاتارلىق درامىلار، كومېدىيىلەر



ۋە تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئازاد قىلىپ، يۈزىنى ئاچقان ئىلغار ئاياللارنى مەدھىيىلىگەن «زەينەپخان»، «سېرىق سەبدە گۈلۈم» قاتارلىق كومېدىيىلىرى ئالاھىدە خەلقنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى.

ئابدۇجاپپار ئەپەندىنىڭ رېژىسسورلۇقىدا تاشكەنت تىياتىرخانىلىرىدا ئوينالغان مۇنداق بىر كومېدىيە ئوينىلىپ چىققان: 4 نەپەر ئارتىسقا كەمچەت تۇماق، ئىپىل تون سەرپاي كىيدۈرۈپ، بايلارنىڭ شەكلىدە گىرىم قىلغان، يەنە 4 نەپەر ئارتىسقا جۇل - جۇل كىيىم كىيگۈزۈپ دېھقان شەك-لىدە گىرىم قىلىپ، 2 دېھقاننىڭ ئۆشنىسىدە كەتمەن، 2 دېھقان-نىڭ قولىدا ئوغاق تۇتقان ھالدا ھېلىقى 4 نەپەر باينى بۇ 4 نەپەر دېھقانلار ئالدىغا سېلىپ ھەيدىگىنىچە سەھنىگە چىقىدۇ ۋە بۇ بايلارنى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ:

ھەي بايلارەي، ھەي بايلار،
سەن زۇلۇم سالالمايسەن.
ھەي بۆرى يەي، ھەي بۆرى،
قويلارغا تېگەلمەيسەن.
چىشلىرىڭنى چاقتۇق بىز،
يىرتقۇچلۇق قىلالمايسەن.

دېگەن مىسرالارنى ئاھاڭلىق ۋە ھەرىكەتلىك ئوقۇپ، بايلارنىڭ گەجگىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئوغاق، كەتمەنلىرىنى تەڭلىگەندە، بايلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ دۇگدۇيۇشۇپ كەتكەن ھالەتتە پەردە چۈشەتتى، بۇنى كۆرگەن ئاز ساندىكى باي،

مۇتەئەسسىپ كۈچلەر نارازىلىق بىلدۈرۈپ قارشىلىق كۆرسە-
تىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بۇ چاغدا ئۇلار كۈچلەر خېلى-
ئۈلغىيىپ قالغاچقا، ئۇلار پىكىر ئېقىمى ئۈستۈنلۈكىنى ئە-
گەللەپ، بايلارنىڭ غەلۋىسى بېسىقىپ قالغانىدى، يەنە شۇنىڭ-
دەك ياشلارنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى مەدھىيىلەيدىغان، ساختا مۇ-
ھەببەتنى سۆكىدىغان، نادانلىقنى، خۇراپاتلىقنى، سۆلەتۋاز-
لىقنى تەنقىدلەيدىغان كومېدىيىلەرمۇ ئويىنىلاتتى. شۇ چاغدا
ئوينالغان «بىزدە كۆپ» ناملىق لەپەرنىڭ تېكىستى مۇنداق
ئىدى:

ئېيتىپ كەلسەم ئەي دوستۇم - تۈگىمەس ئىللەت بىزدە كۆپ،
جاھالەتكە بويسۇنغان — جاھىللاردىن بىزدە كۆپ.
چاچلارنى قويۇۋالىپ — شىلەپە كىيىۋالىپ،
قىلچە ئىلىم بىلمەيدىغان مەمەدانلار بىزدە كۆپ.
ساق چىشنى سۇندۇرۇپ - ئالتۇن چىشنى سالدۇرۇپ،
كىمنى كۆرسە ھىجايغان - قاپاق سۆلەت بىزدە كۆپ.

بۇ ئويۇنلار كۈچادا كۆپ قېتىم قويۇلغاندىن باشقا،
توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىگىمۇ ئاپىرىپ قويۇلۇپ كەڭ تاماشى-
بىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېگە بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سەھ-
نە تىياتىر ئىشلىرى گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، سا-
نايى نەپىسە دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا سەنئەت ئۆمىكى
دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىدى.

1938 - يىلى 3 - ئايغا كەلگەندە، شېڭ شىسەينىڭ سىيا-
ستىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، مۇستەبىتلىك ۋە تېرورلۇق جەھەتتە



ئۇچىغا چىقتى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى جايلاردا ساقچى
ئورۇنلىرى ئارقىلىق ئادەم تۇتۇشنى جىددىيلەشتۈردى. جۈملىدىن
كۈچادىمۇ ھەر ساھەدىكى مەشھۇر ئەربابلاردىن ۋە ئۇلار زىيالىلار-
دىن، بايلاردىن بولۇپ مەھپۇز ۋاڭ، ھاپىز غوجام، تۆرە ھاجىم،
قىزامىدىن ئەپەندىم قاتارلىق 80 نەچچە كىشىنى بىر نەچچە كۈن
ئىچىدە تۇتۇپ كېتىدۇ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن
ئاخۇننىمۇ تۇتۇپ كېتىدۇ. كېيىن يەنە 20 دەك ئادەمنى تۇت-
دۇ. بۇ ئىككى قېتىمدا تۇتۇلغان ئادەملەردىن 10 دەك ئادەم قو-
يۇپ بېرىلسىمۇ، 90 دەك ئادەم جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە
دەھشەتلىك ھالدا قىيىن قىستاقلارغا ئۇچرايدۇ ۋە ئۆلۈپ كېتىدۇ.
سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن ئاخۇن تۇتۇلغاندىن كېيىن
ئابدۇجاپپار ئەپەندى، ئابدۇرېھىم ئاخۇن ۋە شېرىپ ئۇششۇرلار
كۈچادىن قېچىپ كېتىدۇ. مۇشۇ ئەھۋال تۈپەيلىدىن كۈچا
سەنئەت ئۆمىكىدە پائالىيەت توختاپ قالىدۇ.

1937 - يىلى 7 - ئايلاردا، ماجۇڭيىڭ، ماخۇسەنلەر جەنۇبىي
شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغاندا، شېڭ شىسەي ئاقسۇدا
بىر پولك تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا يۈگشۇ دادۇي
دەپ نام بېرىلگەن. بۇ پولكنىڭ تۇەنجاڭلىقىغا شېڭ شىسەي
ئۈرۈمچىدىن ئابدۇللا ئۆمەرۇپ دېگەن كىشىنى بەلگىلەپ ئەۋەت-
كەن. بۇ ئادەم ئاقسۇدا بۇ پولكتا مەسئۇل بولۇپ بىر مەز-
گىل ئىشلىگەندىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن
بۇ پولكنى تارقىتىپ، ئەسكەر - ئوفىتسېرلىرى 10 ناھىيىنىڭ
ساقچى ئىدارىلىرىگە ساقچى، ئوفىتسېر ۋە ئەسكەر قىلىپ ئو-
رۇنلاشتۇرۇلغان، شۇ چاغدا ئابدۇللا ئۆمەرۇپ (تۇەنجاڭ) ئۆزى
بىر ئىسكادرون (ئاتلىق ليەن) ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كۈچا-

غا كېلىپ 1 - قول ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ كۇچانىڭ شيەنجاڭلىقىنى 3 ئايدىن ئارتۇق قوشۇمچە ئۇستىگە ئالغان، بۇ ئادەمنىڭ كىيىم پوسۇنى سوۋېت ھەربىي پوسۇنىدىكى پولكوۋنىكلىك كىيىم بولۇپ، بىر نەچچە نەپەر كانۋايلىرى بار ئىدى. بۇ ئادەم 1935 - يىللىرى موسكۋا قىزىل ئارمىيە ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، بىلىملىك، مەدەنىيەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، ئەدەبىي - سەنئەت، تىياتىر ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇنىداق بولغاچقا كۇچانىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئارتىسلىرىنى، مۇزىكىچىلىرىنى يىغىپ، قايتىدىن تەشكىللەپ، ئۆزىنىڭ ھەربىيلىرىدىن مەھەممەتجان لىيەنجاڭ، مەممەتشا پەيجاڭ، ئابدىكېرىم بەنجاڭ قاتارلىق 10 نەچچە نەپەر سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلىرىنى كۇچا سەنئەتچىلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، سەنئەت ئۆمىكىنى رەسمىي قۇرۇپ چىققان. سەنئەتچىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تولۇقلاشتا ئىئانىلەرنى قوبۇل قىلغان. مەسىلەن: ئۇيغۇر ئۇيۇشما خادىمى سىراجىدىن قارى نۇرغۇن قىممەت باھالىق قەدىمقى كىيىم - كېچەك، چىنە - لوڭقا قاتارلىق ئېسىل مۇلۇكلەرنى ھەقسىز ئىئانە قىلغان. نىيازئاخۇن قاتارلىق بىر نەچچە كىشىمۇ ئىختىيارىي ئىئانە قىلىشقان.

ئابدۇللا ئۆمەروپ سەنئەت ئۆمىكىنى تەشكىللىي ۋە كەسپىي جەھەتلەردىن ئۆزى بىۋاستە تۇتۇپ مۇكەممەللەشتۇرگەن. بەزى سەھنە كىتابلىرىنى ۋە كونسېرتلارنى ئۆزى بىۋاستە قاتنىشىپ رەپېتىس قىلدۇرۇپ سەھنىدە قويغان، شۇنىڭ بىلەن تىياتىر ئىشلىرى خېلى جانلىنىپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1938 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشما كونىشەھەردىكى



ئىسلام باينىڭ قورۇسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئابلىھەمىتخان نىيازى رەئىس بولغاندىن كېيىن، سەنئەت ئۆمىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ شتاتىغا كىرگۈزۈلۈپ ئۇيۇشما قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۆمەكنىڭ مۇدىرلىقىنى ناھىيىلىك مەكتەپنىڭ مۇدىرى مىجىت قاسىم، رېژىسسورلىقىنى ئابلىھەمىتخان نىيازى قوشۇمچە ئۇستىگە ئالغان، بۇ ئۆمەكنىڭ ئارتىس - ئارتىسكىلىرى 20 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، بىر قىسىملىرى مۇقىم شتاتتا بولسىمۇ كۆپرەكى ئۇيۇشما خادىملىرى، ناھىيىلىك مەكتەپ ۋە قىزلار مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە سىرتتىن قاتناشتۇرۇلغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. سىرتتىن قاتناشقانلار مائاشىنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئالغاچقا، ئۆمەكتىن بەزىدە مۇكاپات بېرىلەتتى.

مۇشۇ چاغلاردا ناھىيىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشما سېلىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ گۈزەل يېرىدىن 14 مو يەر ھەل قىلىنغان بولۇپ، يۇنۇس ئاخۇن باي بىلەن ناسىر زەگا ئۇيۇشمىنىڭ ئىشخانىلىرىدىن 4 ئېغىزلىق ئۆينى ياردەم ھېسابىدا ئۆز ئىقتىسادى بىلەن سالدۇرۇپ بەرگەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ ۋەخپى يەرلەردىن كەلتۈرگەن ئىقتىسادى بىلەن مەشھۇر ياغاچچى غازى ئۇستامنىڭ ئۇستىلىقىدا 600 ئادەم سىغىدىغان بىر زال ۋە ئىشخانىلار سېلىنىشقا باشلاپ، 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتكەن. بۇ كۇچا تارىخىدا سېلىنغان تۇنجى زامانىۋىي قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى. 1939 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىلەن سەنئەت ئۆمىكى بىرلا ۋاقىتتا بۇ يېڭى ئورۇنغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يېڭى زالدا ئويۇن قويۇش داۋاملاشتۇرۇلغان. بۇ چاغدا «گۈلنىسا»، «ئۆگەي ئانا» قاتارلىق جاھالەت ئىسكەنجىسىدە ئېزىلگەن ئاياللارنىڭ ئوبرازى ئەكس ئېتىلگەن دراممىلار،

ل. مۇتەللىپ يازغان «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» دېگەن دراما ئوينالغان. جاھالەتكە قارشى «جاھىل ئاتا»، «دەللال»، «ئاكاجان»، «بىلمەيزۇكوم»، «يار - يار» قاتارلىق كونسېرت ۋە كومېدىيىلەر ئوينالغان.

1939 - يىلى 6 - ئايدا يولداش لىن جىلۇ كۇچاغا ھاكىم بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، سەنئەت ئۆمىكى يەنىمۇ گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۇ ئالدى بىلەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خادىملىرىنى تولۇقلاپ، تۈزۈملەرنى پىكىتىپ، ئىنتىزامنى كۈچەيتىپ كەسپىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. رەسسام پازىل سالىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى سەھنە دېكراتسىيىسى تۈزەش ۋە ئارتىسلارغا گىرىم قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. سەھنە جاھازلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى تولۇقلىدى. 1940 - يىلى سىراجىدىن ئىسكەندەر ئۆمەككە مەسئۇل بولۇپ بېكىتىلدى. لىن جىلۇ يەنە ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى «خەلق غەزىپى»، «قىزىل بايراق لەپىلدەيدۇ»، «يەنە ئالدىنقى سەپكە» دېگەن سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان ۋە ئۇ تەرجىمە قىلىنىپ سەھنىدە ئوينالغان. يەنە ئابدۇشۈكۈر يالقىن يازغان ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئەسەرلەردىن «شائخەي كېچىسى»، ل. مۇتەللىپ يازغان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، ئابلا روزى يازغان «ئۆگەي ئانا» قاتارلىق دراما (ئەسەر) لەرمۇ سەھنىدە ئوينالغان. بۇ چاغدا تىياتىر قويماقچى بولغاندا ئېلان چىقىرىلمايتتى. دەرۋازا بېشىدا ناغرا بىلەن سۇناي چېلىناتتى.

يولداش لىن جىلۇ ئۆزى سەھنە ئەسەرلىرى يېزىپلا قالماستىن، شۇ چاغدىكى ئوقۇمۇشلۇق زىيالىلارنىڭ رولىنى جارى



قىلدۇرۇپ ئۇلارنى ئەسەر يېزىشقا ئىلھاملاندۇرغان ۋە قوللىغان.

بىر كۈنى كەچتە لىن جىلۇ ئايالى چېن يىڭسۇ خانىم بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما زالىغا بېرىپ تاماشىبىنلار بىلەن بىرگە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نومۇرلىرىنى كۆرۈۋاتقاندا بىر ئارتىس تەرىپىدىن:

«يېڭى شىنجاڭ قىزلىرى، يەي
ئوچۇق كۆلەر يۈزلەرى، يەي،
ئوقۇش ئۈچۈن تەلمۈرگەن، ئىستەك ھامان،
قارا بوتا كۆزلەرى، يەي»

.............................

دېگەن ناخشا ئوقۇلغاندا كۆپچىلىك ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالغاچقا 2 - قېتىم ئوقۇلدۇ. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا لىن جىلۇ بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى چۈشىنىپ ئاھاڭىنى نوتىغا ئېلىۋالدۇ - دە، چېن لاۋشى (چېن يىڭسۇ خانىم) ئۆزى ئوقۇتقان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ناخشىنى ئۆگىتىدۇ ۋە ناخشا تېزلا قالغان مەكتەپلەرگىمۇ كېڭىيىپ كېتىدۇ.

يولداش لىن جىلۇ چەت جايلاردىكى ئەمگەكچىلەردىن ھال سوراش ئۈچۈن سەنئەت ئۆمىكىنى بىللە ئېلىپ باراتتى، مەسىلەن: كۇچا دوگان دەرياسى بېشىدىكى چوڭ توسما (ھازىرقى لىن جىلۇ دامبىسى) قۇرۇلۇشىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان نەچچە مىڭلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ئورنىغا سەنئەت ئۆمىكىنى بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئويۇن كۆرسىتىپ ئەمگەكچىلەردىن ھال سورىغان.

لىتى جىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تومۇرلىرىنىڭ مەزمۇنلى-
رىنى بېيىتىش ئۈچۈن يەرلىك مىللىي زىيالىلارنىڭ رولىنى
جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەچكە، بىر مۇنچە ياخشى مۇنەۋ-
ۋەر ئەسەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن. ئابلەھمەت
نىيازى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى «ئېپپەت قۇربانى»، «زۇلۇم
ۋە مۇھەببەت» ناملىق ئەسەرلەرنى ۋە زالىملارنى پاش قىلىدىغان،
ئىلغارلىقنى مەدھىيىلەيدىغان، كىشىلەرنى مەرىپەتكە ئۈندەيدىغان
ھەر خىل شەكىلدىكى كونسېرت، كومېدىيە قاتارلىقلارنى يازغان.
ئابدۇللا باسىتمۇ ساپ مۇھەببەتنى تەسۋىرلەيدىغان «بىرى سەن،
بىرى مەن» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان.

ئەھەت ئايۇپ يازغان زالىم زومىگەرلەرنىڭ رەزىل ئەپ-
تى ـ بەشىرىسىنى پاش قىلىدىغان «ئۇستى ـ ئۈستىگە خاپىلىق»
ناملىق سەھنە ئەسىرىمۇ سەھنىدە ئوينالغان. مەمتىمىن بايىز-
مۇ «زايىت لاۋزۇڭ» كومېدىيىسىنى يازغان ۋە زايىت لاۋزۇڭ
رولىغا ئۆزى چىقىپ تەبىئىي ۋە ھېسسىياتلىق ئوينىغانلىقى ئۈچۈن
جەمئىيەتتە چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان. مەشھۇر دارۋاز ھاشىم
ھاجىمنىڭ دار ئويۇنى راسا گۈللەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى
شىرئېلى، ھەيدەر ئېلى، سىدىق ئاخۇن، نۇر ئاخۇنلارمۇ ھەر خىل
ساز مۇزىكىلارنى چالاتتى ۋە سەنئەتكە ياردەملىشەتتى. دېمەك شۇ
چاغدىكى مىللىي زىيالىلار، مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈل-
لىنىشى ئۈچۈن ۋە بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قورالى ئارقىلىق
جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇلۇقنى، جاھالەتنى پاش قىلىش ئارقىلىق
كەڭ ئاممىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا رىغ-
بەتلەندۇرۇش جەھەتلەردە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. بىز بۇ
يەردە پىشقەدەم زىيالى ئابلەھمەت نىيازنىڭ 1941 ـ يىلى ياز-
غان سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرىمىز:



## قىز ۋە نادان ئاتا

(ئېيتىشىش)

قىز: جانىم ئاتا كۆردۈڭمىزمۇ مەكتەپ ئېچىلدى،
ياشلار بىلىم قۇچاغىغا شۇنچە ئېتىلدى.
نە ئۈچۈندۇر ئوقۇش ماڭا مەنئى قىلىندى،
بۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ كۆزدىن ياشلار تۆكۈلدى.

ئاتىسى: قىز بالىغا نېمە لازىم مەكتەپكە بارماق،
سېنىڭ ئىشىڭ ئاپاڭغا كۆندە قاراشماق.
دوپپا تىكىش، لەڭمەن سوزۇش، ياخشى ئۆگەن سەن،
ساڭا ھارام، ئاتاڭ بىلەن گەپ ـ سۆز تالاشماق.

قىز: بۇ ئىشىڭدا سەۋەب بار نادان ئاتا سەن،
سەن ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان تۇرۇق ئادەم سەن.
ئاھ نادانلىق، ساۋاتسىزلىق قاچان تۈگەرسەن،
ئىلىم ـ بىلىم ئوچاغىدا ئاخىر كۆيەرسەن.

..........................................

## قېرى بىلەن ياش

(ئېيتىشىش)

قېرى: مەن ئۆزەم بىر سودىگەر ـ خەلقلەر مېنى ھاجى دەر،
مەن سىزنى ئالاي دەيمەن ـ ھەممە نەرسەم جەرا ـ جەر.

قىز: نېمە دەيسىز ھاجىم ئاكا ـ تولىمدى ياشىم ئاكا،
مېنىڭ ياشىم تولغىچە ـ ئوقۇيمەن جانىم ئاكا.

قىرى: ئالاي شاڭخادەن چاپان ـ دۇخاۋىدا ئىشتان،
چاپسان بولۇڭ جان ئۇكا ـ تويىمىز بولۇر قاچان؟!
قىز: ئەمدى كىردىم 14 ياش ـ ئوقۇشۇم بار تۆت ـ بەش ياش،
ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ـ بولىمەن بىر ئىلغار ياش.
قىرى: سۆزلىشەي ئاتاڭ بىلەن ـ توگەتتىماڭ هايتاڭ بىلەن،
سىنى ئاخىر ئالۇرمەن ـ سۆزلەشسەم ئاناڭ بىلەن.
قىز: بومبا ساقال جان ئاكا ـ بۇ پەيلىڭدىن يان ئاكا،
سەن مىنى ئالالمايسەن ـ ئۆز يولۇڭغا ماڭ ئاكا.

## بەگ بىلەن پۇقرا

(كومېدىيە)

بەگ: سورىساڭ سەن مىنىڭ ئاتىم ئەلا بېگىمدۇر،
بۇ يۇرتلارنى دىر تىترەتكەن مىنىڭ گېپىمدۇر.
يامۇللاردىن چۈشتى ساڭا ئالۋاڭ ـ ياساقلار،
ئۈيىقۇڭنى ئاچ بۇ گەپ ساڭا چۈشكەن ھۆكۈمدۇر.
دېھقان: ئوبدان بىگىم ئاران باقتىم غىرىپ جېنىمنى،
بەك تەسلىكتە تويغۇزارمەن قوساق ـ قارنىمنى.
قالدى ئاران يىرتىق كىگىز، پۈچۈق قازانلا،
ساتاي دېسەم ھېچكىم ئالماس كونا ئۆيۈمنى.
بەگ: كۆپ سۆز قىلماي يىغىلىپ قالغان ئالۋاڭنى بەرگىن،
يا بولمىسا ياتقان ئۆيۈڭ ـ يېرىڭنى بەرگىن.
يا بولمىسا چاكارلىققا ئوغلۇڭنى بەرگىن،
يا بولمىسا كىچىك قىزىڭ رەيھاننى بەرگىن.



بۇ چاغدا دېھقان بىردىنلا قاتتىق غەزەپلىنىپ: «بىر ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم، مىڭ ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم، نومۇسۇمنى ساتمايمەن، بۇ جانىمدىن كەچتىم بوگۇن» دېگىنىچە بەگنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بارغانىدا، بەگ جەلددىيلىشىپ ھودۇقۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا بەگنىڭ دوغىلىرى سەھنىگە كىرىپ دېھقاننى ئاجرىتىدۇ (پەردە چۈشىدۇ).

دېمەك شۇ يىللاردا ئىلغار زىيالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئاممىنى ئويغىتىش جەھەتتە ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇنىڭ بىلەن كەڭ ئاممىا ئارىسىدا زۇلۇم ۋە جاھالەتكە غەزەپلىنىدىغان، ئەركىنلىككە ئىنتىلىدىغان كەيپىيات باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا چوڭ مۇتەئەسسىپ توقا دوبېيگى قاتارلىق بىر قىسىم بەگ ـ ئەمەلدارلار لىن جىلۇنىڭ قېشىغا كىرىپ: «لىن شيەنجاڭ، ھازىر تىياتىر دېگەن نېمە ئەدەپ كەتتى، ھەلا دېسە بىزنى سۆكىدىغان بولدى. پۇقرالار بىزگە بويسۇنماس بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئابرويىمىز تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇشۇنداق بولسا، بىز قانداق قىلىپ يۇرتنى ئىدارە قىلىمىز...» دەيدۇ. لىن شيەنجاڭ ئۇلارغا ئېنىق قىلىپ: سىلەرمۇ تىياتىردىن ئىبرەت ئېلىڭلار، ئادىل ئىش قىلىڭلار، خەلققە زۇلۇم قىلماڭلار ...... دەپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدۇ. ئۇ چاغدا كۇچادا سەنئەت ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، ھاياتىي كۈچ ـ قۇدرىتى ئاشقۇنداق جارى قىلدۇرۇلغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە كۈچا سەنئەت ئۆمىكى ئاتاقلىق ئۆمەكلەردىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي جاللات شىڭ شىسەينىڭ قارا نىيىتى يۈزلۈپ سىياسىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى.

گېرمانىيە فاشىزمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىپ، گىتلېر قوشۇنلىرى موسكۋاغا يېقىنلاشقاندا شىڭ شىسەي شەرمەندىلەرچە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، جياڭ جېيشىنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى. شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇيرۇق بىلەن لىن جىلۇنى ئۆرۈمچىگە يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى. ئابلىمىت نىيازمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە قامالدى. شىڭ شىسەي رەسمىي يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۇچانىڭ ئەدەبىي ـ سەنئەت، تىياتىر ئىشلىرى ئىدىيولوگىيە جەھەتتە قاتماللىققا چۈشۈپ قالدى. 1944 ـ ۋە 1945 ـ يىللىرى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى مۇزداۋان ئارقىلىق ئاقسۇ دائىرىسىگە كېلىپ، باي ناھىيىسىنى ۋە ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئازاد قىلىپ ئاقسۇنى قورشىۋالغان مەزگىلدە، كۇچادىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ باشلىقى شاڭچاۋجۇڭ كۇچانى قاتتىق ھەربىي ھالەت تۈسىگە كىرگۈزگەنىدى. 1946 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ۋەزىيەتتە جىددىيلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كۇچانىڭ تىياتىر ئىشلىرى بىر مەھەل ئارىسالدى ھالەتتە تۇردى.

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن گومىنداڭنىڭ جاڭ جىجوڭ باشچىلىقىدىكى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ۋەزىيىتى قىسمەن تىنچلىنىش ھالىتى شەكىللەنگەندە كۇچا



سەنئەت ئۆمىكى يەنە بىر ئاز جانلىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتاغلىق داۋۋاز ھاشىم ھاجىم قاتارلىق بىر قىسىم ئىلغار كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ ل. مۇتەللىپ يازغان مەشھۇر ئوپېرا — «غېرىپ ـ سەنەم» دىرامىسىنى سەھنىلەشتۈرۈپ ئويناش ئارقىلىق كەڭ ئاممىغا ئىلھام بەخش ئەتتى. لېكىن بۇ چاغلاردا 11 بىتىمنى ئىجرا قىلغۇچى خەلق ئاممىسى بىلەن 11 بىتىمنى ئاياق ـ ئاستى قىلغۇچى گومىنداڭ رېئاكسىيونلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش مەۋجۇت ئىدى. كۇچادا ئىلغار ياشلارنىڭ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىتىمنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىشىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتى (ياشلار ھەرىكىتى) باش كۆتەرگەنىدى. گومىنداڭ قاراقچىلىرى سۇيىقەست پىلانلاپ، 1946 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چوڭ يىغىن ئاچىمىز دېگەن باھانە بىلەن ھورۇنباغدا ياشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 4000 كىشىلىك چوڭ يىغىن ئېچىپ، يىغىن داۋامىدا «ياشلار ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتى» دېگەن بۆھتان بىلەن بىگۇناھ خەلقنى ئوققا تۇتۇپ، كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ياردار قىلدى. ئېزىز يۈسۈپ قاتارلىق «ياشلار ھەرىكىتى» نىڭ باشلىقلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ قامىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ كۇچادىكى ئەكسىيەتچى ھەربىي، مەمۇرىي ئورۇنلىرى چىبىداك تۈۋەن (ئاتلىق پولك)، ۋەنماتۈۋەن (ترانسپورت پولك) دېگەن 2 تۈۋەن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ كۇچادا تېررورلۇقنى كۈچەيتتى. بۇ ھال سەنئەت ۋە تىياتىر ئىشلىرىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. گومىنداڭ قاراقچىلىرى سەنئەتنىمۇ قاتتىق كونترول قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەنئەت ئۆمىكى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بەزى ئىلغار كۈچلەر تىرىشچانلىق

كۆرسەتسىمۇ ۋەزىيەتنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن قويۇلغان ئويۇنلارنىڭ مەزمۇنى مۇجمەل (جەۋەندە) بولۇپ، سىياسەتتىن چەتنەپ يانداپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ، سەنئەت ئۆمىكى خاراب بولۇش تەرەپكە يۈزلىنىپ، بۇرۇختۇملۇق ۋە قاتماللىق ھالەتتە بولۇپ كەلدى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچ چوڭ تاغدىن قۇتۇلۇپ ھەقىقىي ئازادلىققا چىققاندا، كۇچا سەنئەت ئۆمىكىمۇ ئازادلىق ئاپتىپىدىن نۇر ئېمىپ، قەددىنى دەس كۆتۈرۈپ پارتىيىگە ئەگىشىپ، ھۆرلۈك ئۇچقۇن سەنئەت - تىياتىر ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا زور قەدەم تاشلىدى. پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە يارىيۆلەكتە بولۇشى بىلەن شتاتلار تولۇقلىنىپ، خادىملار مۇقىملىشىپ، يېڭى تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ، يېڭى مەزمۇن، يېڭى روھ، ئىستىل بىلەن تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە پائال ماسلىشىپ يېزا - يېزىلارغا بېرىپ «دەۋرانىڭ كەلدى»، «ئازاد زامان»، «دېھقان ئاۋازى» قاتارلىق ناخشىلارنى ياڭراتتى. «يېتىملەر يېشى»، «ئۆگەي ئانا» قاتارلىق درامىلارنى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ ئاممىنى قوزغاپ ئەزگۈچى كۈچلەر ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۆزىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كېيىنچە «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «قانلىق داغ»، «تەلەمەت»، «ئەرگە بىر، يەرگە بىر»، «چىمەن بىلەن پالۋان» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى درامىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.



سەھنە سايمانلىرى، مۇزىكا قوراللىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى تولۇقلىنىپ كەسپىي جەھەتتە ھەم يۈكسىلىپ، ھەتتا كورلا قاتارلىق سىرتقى ناھىيىلەرگە بېرىپ سەييارە ئويۇن قويۇش ئارقىلىق تەسىرى زور دەرىجىدە كېڭەيگەنىدى. 1958 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تۇيۇقسىز ھالدا دەھشەتلىك سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، كۇچا شەھىرىنى ۋەيران قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى غەرق قىلىۋەتكەن چاغدا بۇ ئاپەتلىك كەلكۈن سەنئەت ئۆمىكىنىمۇ ۋەيران قىلىپ مال - مۈلۈك، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېقىتىپ كەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى كۇچادا كەڭ كۆلەمدە قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارغاندا سەنئەت ئۆمىكىنىمۇ ئايرىم جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن غەمخورلۇق قىلىشى ۋە سەنئەت ئۆمىكىدىكى خادىملارنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن سەنئەت ئۆمىكى ئاز كۈندە ئەسلىگە كېلىپ كەسپىي جەھەتتىن مۇكەممەللىشىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزلىرىنى تەمىنلەپ، ھەتتا شاڭخەي بىلەن دىگۋارلىشىپ كىيىم - كېچەك، زامانىۋى ساز قوراللىرىنى كەلتۈرۈپ تولۇقلىغاندىن باشقا دۆلەتكىمۇ كۆپ مىقداردا ئىقتىساد تاپشۇرغانىدى. نۇرغۇن دراما ۋە كونسېرت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپلا قالماستىن «ئارشىن مال ئالان»، «ئانارخان»، «شايى سۈزانە» قاتارلىق مەشھۇر سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينىغان. مانا بۇ ۋاقىت سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تازا گۈللەنگەن ۋاقتى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

1966 - يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەھشەتلىك قارا بورىنى يېتىپ كەلگەندە، سەنئەت ئۆمىكى «شىۋجېكچۇيىنىڭ قارا ئۆگەمسى» دەپ ئاتىلىپ، تىغ ئۇچى سەنئەت ئۆمىكىگە

مەركەزلەشتى، باشلىقلىرىدىن تاكى ئارتىسلىرىغىچە «قارا يىسپ»، «گىيزەندە»، «ئوغچى»، «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «شيۇجىڭجۇيىچى»... دېگەندەك قالپاقلار بىلەن بەزىلىرى ھەتتا لاۋگەي قىلىندى، ئاخىرى سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىلىپ، خادىملىرى يېزىلارغا قايتا تەربىيىگە چۈشۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن كۇچا سەنئەت ئۆمىكى ۋەيران قىلىندى. كۇچا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تارىخىدا بۇ بىر چوڭ يوقىتىش بولدى.

لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى ئاغدۇرۇلۇپ، جاھان ئۆگشالغاندىن كېيىن، سەنئەت ئۆمىكى قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقتى. خورلانغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خادىملارغا قارىتا سىياسەت ئەمەلىيلىشىپ، ئۇلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پارتىيە ـ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن سەنئەت ئۆمىكى قايتىدىن گۈللىنىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى بىر قاتار سىياسەتلەر، مۇھىمى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلەپ بەرگەن «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىدى، يېقىنقى ۋاقىتلاردا «پەرھاد ـ شېرىن»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «تاشۋاي»، «ئۆگەن دەرياسى بويىدا»، «ئۈرۈك گۈللىگەندە»، «ئاقىۋەت» قاتارلىق بىر قاتار درامىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى ۋە نۇرغۇنلىغان كونسېرتلارنى تەييارلاپ، كۇچانىڭ كەڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ياڭراتتى. ئۈرۈمچى، ئىلى، قاراماي، تۇرپان، ئاقسۇ، كورلا، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرگە ۋە قوشنا



ناھىيىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بەزى دراما ۋە سەنئەت نومۇرلىرى شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن تونۇشتۇرۇلدى. ئاقسۇ ۋە ئۈرۈمچىدە بولغان بىر قانچە قېتىملىق كۆرەكلەردە ئۆھپىسى يۇقىرى باھالىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1983 ـ يىلى كۇچادا فىلىمگە ئېلىنغان «يۇرتىغا مۇھەببەت» ناملىق كىنودا كۇچا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئاساسلىق رول ئالدى. تيانشان كىنو ئىستودىيىسىدىن ئالغان 1984 ـ يىلدىكى «يېزىدىكى ياڭراق ناخشا» دېگەن فىلىمنىڭ كۆپ قىسمىغا كۇچا سەنئەت ئۆمىكى قاتناشتى. پېشقەدەم ئارتىس نىياز مۆمىن «قۇملۇقتىكى يېشىل دولقۇن» فىلىمىدە رول ئالغاندى. ھازىر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىس ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 50 كە يەتتى. بۇلاردىن مەخسۇس سەنئەت مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 14 نەپەر، ھازىر 3 نەپىرى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار ۋە ئۇسسۇلچىلار جەمئىيەت ئەزالىرى 6 گە يەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ سەنئەت ئۆمىكىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سەنئەت ئورۇنلىرىغا سۇنۇپ بېرىلگەن رابىيەم، ئابلا ھامۇت قاتارلىق ئاتاقلىق سەنئەتچىلەر 16 گە يېتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازىرلىقى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىي ـ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قوللاپ ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە، بۇ ئۆمەكنىڭ «ئازاد» ماركىلىق بىر چوڭ ئاپتوموبىلى ۋە بىر چوڭ ئاپتوبۇسى بار بولدى. سەھنە دېكوراتسىيىسى، مۇزىكا سايمانلىرى، سەھنە ئۈسكۈنىلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى تولۇقلىنىپ، ھەممە جەھەتتىن يېتىلگەن مۇكەممەل بىر سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ قالدى.

كوچا ناخشىلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن جا-
ھانغا مەشھۇر، كوچا سەنئەت ئۆمىكى دراما قويغاندىن باشقا
مۇھىمى داڭلىق خەلق سەنئەتچىسى نىساخان ئاچىنى ئۆمەك-
كە سىرتتىن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئۆگىنىپ
«كوچا ناخشىلىرى» غا ۋارىسلىق قىلىپ، بىر يۈرۈش ناخشا-
ئۇسسۇللارنى تەييارلاپ، ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ ئاساسىي قىسمى قىل-
دى. كوچادا مىڭ ئۆي غارلىرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
سۈرەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ «پەرىزات ئۇسسۇلى» نى ئىشلەپ
چىقتى.

دۆلىتىمىزنىڭ «سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش»
سىياسىتى ئىزچىللاشقاندىن بۇيان قەدىمكى كۈسەن — كوچاغا
چەت دۆلەتلەردىن سەيلە قىلىپ كېلىدىغانلار يىلدىن - يىلغا
كۆپەيمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ياپونىيە، ئامېرىكا، ئا -
ۋستىرالىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ قاتار-
لىق جايلاردىن كەلگەن مېھمانلاردىن كوچا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ
ئويۇنلىرىنى كۆرمەي قايتقانلىرى ناھايىتى ئاز. دېمەك سەن-
ئەت ئۆمىكى ئۆز سەنئىتى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىززەت -
ھۆرمىتى ۋە شان - شەرىپىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك
تۆھپە قوشتى.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇستقۇرۇلمىغا تەئەللۇق بولۇپ،
ۋەزىيەتتە بولغان داۋالغۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر سەنئەت ئىشلىرى-
غا پايدىلىق بولغان مەزگىللەردە ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تىيا-
تىر ئىشلىرىمۇ ئۆرلىدى ۋە گۈللەپ ياشىنىدى. ۋەزىيەتتىكى
داۋالغۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تىياتىر ئىش-
لىرىغا پايدىسىز بولغان مەزگىللەردە بولسا، ناھىيىمىزنىڭ



سەنئەت - تىياتىر ئىشلىرى چېكىنىشكە، ھەتتا ۋەيران بولۇشقا
ئۇچرىدى. مۇشۇ مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا كوچانىڭ سەھنە (تى-
ياتىر) ئىشلىرى يېقىندىن دۇنياغا كېلىپ يېرىم ئەسىر ۋاقىتنى
باشتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش،
چېكىنىش، يەنە تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش، توختاپ قېلىش،
يەنە تەرەققىي قىلىش، ۋەيران بولۇش، قايتا گۈللىنىشتەك ئۇ-
زۇن جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن.

ئىشىنىمىزكى، كوچا سەنئەت ئۆمىكى بۇنىڭدىن كېيىن
پارتىيىمىز بەلگىلەپ بەرگەن ئەدەبىيات - سەنئەت نىشانىسىنى
بويلاپ يەنىمۇ گۈللەپ ياشنايدۇ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات - سەن-
ئەت تارىخىغا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ كۆركەم ۋە تېخىمۇ گۈ-
زەل مەزمۇنلارنى يازىدۇ.

# قارا شەھەردە دەسلەپكى سانايى نەپىسە ئىشلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئەيسا مۇسا

مەشھۇر باغراش كۆلىنىڭ غەربىي باغرىدا جايلاشقان قارا شەھەر تاكى 1954 - يىلىغا قەدەر مەمۇرىي جەھەتتىن كورلا، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق، بۈگۈر، خېجىڭ (خوتۇنسۇمۇل) ۋە ئۇششاقتالدىن ئىبارەت 7 ناھىيە قارايدىغان بىر ۋىلايەت ئىدى.

قارا شەھەر ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا موڭغۇل، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق 4 مىللەت ياشايتتى.

قارا شەھەر جۇغراپىيە جەھەتتىن جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، چوڭ يول ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ يەردە خۇددى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش شېڭ شىسەي دەۋرىدىن باشلاپ، زامانىۋى مائارىپ ۋە سانايى نەپىسە ئىشلىرى راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئەڭ دەسلەپ قارا شەھەردە مەرىپەتپەرۋەر شەخسلەرنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۇيغۇر سانايى نەپىسە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭغا قونچى تۇختاخۇن دېگەن بىر سۈدىگەر كىشىنىڭ قورو جايى



ئارىيەت ئېلىنىپ جاي مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئاندىن شەھەر ئىچىدىكى ئوقۇتقۇچىلار، دۇكاندارلار، قول ھۈنەرۋەن كاسىپلار، دېھقانلار ھەتتا سەتىراچ، باققاللارغىچە بولغان كەسىپلەردىن ئۇسسۇلچى، ناخشىچى، سازچى ۋە قىزىقچى قاتارلىق ھەۋەسكارلارنى بىر - بىرلەپ تەكلىپ قىلىپ ئادەم مەسىلىسى ھەل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنى تەشكىللەپ ھەر خىل ئويۇن ۋە كونسېرتلارنى تەييارلىدۇق. شەھەر ئوتتۇرىسىدا جايلاشقان بۇتخانىنىڭ چاڭچىلە ئوينايدىغان بىر سەھنىسى بار ئىدى. بىزمۇ ئارىلاپ شۇ يەردە ئويۇن كېچىلىكى ئۆتكۈزىدىغان بولدۇق. ھەر بىر ئويۇن كېچىلىكى ئۆتكۈزگەندە، كوچىلاردا ئاغرا، سۇناي چېلىپ ھەممىنى خەۋەرلەندۇرۇۋدىغان بولدۇق. بۇ كۈنلەردە كىنو ۋە باشقا ئويۇنلار بولمىغانلىقتىن ئويۇن كۆرۈشكە تەشنا بولغان تاماشىبىنلار ئويۇن كېچىلىكىمىزگە بەس - بەس بىلەن كېلىپ قاتنىشىدىغان بولدى. ئانچە - مۇنچە بىلەتمۇ ساتىدىغان بولدۇق. بۇ چاغدا سانايى نەپىسىگە دەسمايە توپلاش مەقسىتى بىلەن لاتارىي (تەلەي سىناش) بېلىتىمۇ ساتتۇق. بۇنىڭ بىلەن بىر بۆلۈم مەبلەغ ھازىرلاپ ساز، سەھنە ۋە گىرىمگە كېرەكلىك جاھازلارنى ھەل قىلغان بولدۇق، بۇ چاغلاردا قارا شەھەردىن باشقا يەرلەردە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا سانايى نەپىسە بۆلۈملىرى قۇرۇلۇپ، سەنئەت كېچىلىكى ۋە ئويۇن قويۇش ئىشلىرى جېلىلا يولغا قويۇلۇپ قالغانىدى. بىزمۇ ئاشۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن تۈرلۈك كومېدىيە، كونسېرت، لەتىپە، ئېيتىشىش ... قاتارلىق نومۇرلارغا ئىرىشتۇق. ئەينى زامانىدىكى بەگكى، رەمبال، قىمارۋاز، داخان قاتارلىقلارنى تەنقىد قىلىدىغان

ھەجۋىي پىيەسالەرنى تەييارلاپ قويۇدىغان بولدۇق. مەن ۋە خەتچى مەھمۇد داموللا ئىككىمىز سانائىي نەپىسە مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدۇق. دەسلەپتە بۇ ئىشىمىزغا ئوسمان داۋۇت، مامۇت مۇھەممىدى، ساتتار ئېلى، ئىبراھىم ئىمىن، غوجەش سۇلايمان، مەھەممەت جىلان، توختى شالۋاق قاتارلىق كىشىلەر باشتىن ـ ئاخىر كۈچ چىقىرىپ ياردەم بەردى. شۇنداق قىلىپ ئاز كەم بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن (1934 ــ 1935 ـ يىللىرى) ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭ رەئىسلىكىگە يۈسۈپ ئەلەم ھاجى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئابدۇللا مۇھەممىدى سايلاندى. ئۇيۇشما چوڭ مەسچىت قورۇسىدىن ئىشخانا ھازىرلاپ ئىش ئېلىپ باردى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتا سايلام بولۇپ ئابدۇللا مۇھەممىدى رەئىس، كېرەم سالى مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلاندى. ھەرقايسى بۆلۈملەرگىمۇ مەخسۇس ئادەملەر بېكىتىلدى. مەسىلەن: كاتىبات بۆلۈمىگە مەھەممەت پازىل، تەشكىلات بۆلۈمىگە مەن، مەدەنىيەت بۆلۈمىگە ئابلىكىم ئاخۇن، مالىيە بۆلۈمىگە مامۇت مۇھەممىدى، بوغالتىرلىققا ئوسمان داۋۇت قاتارلىقلار بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيۇشما ئىشلىرى بىر قەدەر يولغا قويۇلۇپ مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئىشلىرى ئىپتىدائىي قەدەمدە راۋاج تېپىشقا يۈزلەندى. ئۇيۇشما بىناسى مەسچىت قورۇسىدىن يۆتكىلىپ، ئىمىن ھاجى قويچىنىڭ كەڭ ھويلىسى ئۇيۇشما قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قورو ئىچىگە قومۇش ۋە بورا بىلەن 500 كىشىلىك كۇلۇب ۋە سەھنە ياساپ ئويۇن قويۇپ تۇردۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىدىن مىجىت زاھىدوپ، سىيىت ھاسىلوف، ئەبەيدۇللا روبەيدۇللا (بۇلار ئۆلۈپ كەتكەن)... قاتارلىق زىيالىلار ماڭارىپ خىزمىتىگە كېلىپ ئۇيۇشما خىزمەتلىرىگىمۇ ياردەم قىلىپ



تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن سايلامدا رەھمانقۇل دېگەن كىشى رەئىس، ئابلىز يۈسۈپ مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ ئىش ئورنى چوڭ رەستە كىچىك مەسچىت يېنىدىكى مەھەممەت ھاجىمنىڭ قورو ـ جايىغا يۆتكەلدى. بۇ يەردىمۇ بورا كەپە قىلىپ ئويۇن قويۇپ تۇرۇلدى. شۇ ئارىدا، ئۈرۈمچىدىن تاشكەنتتە ئوقۇغان ئىبراھىم ئىدرىسوپ ۋە ئەبەيدۇللا ھاجىيوپلار كەلدى. ئىبراھىم ئىدرىسوپ دارىلمۇئەللىمىنگە مۇئەللىم، ئەبەيدۇللا ھاجىيوپ ئۇيۇشمىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرى ۋە سانائىي نەپىسە خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، ئۇ سەنئەت ئىشلىرىغا ماھىر كىشى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن سانائىي نەپىسە ئىشلىرى خېلى ئىلگىرى باستى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنىرىدىن خوجا، ھەسەن ھەسەنوپ، سىدىق شاكىر، ئابدۇقادىر جامال، روزى تەمبۇرنىڭ شاگىرتى تۇرسۇن تەمبۇر، ئۇسسۇلچى، سازچى ۋە ناخشىچى مەھەممەتجان، تۇرغۇن ئالماس، جۇنەيد بەكرى، ئىسمايىل شېرىپ، ئابلىز ئىبراھىم، بەكرى سابىت، رەناخانىم قاتارلىقلار كەلدى. سەنئەت سۆيەر بۇ زىيالىلارنىڭ ياردىمى بىلەن سەنئەت ئىشلىرىمىز يەنىمۇ راۋاجلىنىپ، ئاممىنىڭ سەنئەتكە بولغان ئېھتىياجىنى بىر قەدەر قامداپ كەلدۇق. بۇ ۋاقىتتا ئۇيۇشمىنىڭ ئورنى تارچىلىق قىلغانلىقتىن ئۇيۇشما «سانخۇ كۆۋرۈك» دېگەن يەردىكى دوقمۇشقا (ھازىرقى سىلىڭبۇنىڭ يېنىغا) يۆتكەپ كېلىندى. بۇ قورونىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەر ئۇيۇشمىنىڭ ئىشخانىلىرى قىلىنىپ، قورۇسى ئۈستى يېپىقلىق سەھنە قىلىندى ۋە گازۋاي لامپا بىلەن يورۇتۇلدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا قوشنا بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋسىن تورۇگ» دەپ ئاتالغان سودا شىركىتى جايلاشقانىدى. بۇلار

ئۇيۇشمىنى تۆت لامپۇچكىلىق تۇك بىلەن تەمىنلىدى. سەھنىنى ئىككى لامپۇچكىلىق تۇك بىلەن يورۇتىدىغان بولدۇق. ئۇيۇشمىنىڭ يېنىدا زامانىۋى چايخانا تەسىس قىلىنىپ، بۇنىڭدا ھەر خىل مېزىلىك مىللىي تائاملار سېتىلىدىغان بولدى. بۇ چايخانىغا كۇچادىن داراۋاز ھاشىم ھاجىمنىڭ باللىرى، قەشقەردىن راۋابچى روزەك باشى قاتارلىق سازچىلار تەكلىپ قىلىنىپ، چايخانا ئىنتايىن ئاۋاتلاشتى.

كونسانىپ كېڭىيىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۈچۈن بۇ بىنامۇ تارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى تاشكۆۋرۈك يېنىدىكى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قىلغان ئورۇنغا زامانىۋى ئۇسلۇبتا ئۇيۇشما بىناسى سېلىنىپ ئۇيۇشما شۇ جايغا كۆچۈرۈلدى. ئەنە شۇ مەزگىللەردە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى جۇنەيد بەكرى، مۇئاۋىنى باۋۇدۇن تورقى ئىدى. ئابلىز ئىبراھىم كاتىبات باشلىقى، بەكرى سابىت تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، مەن تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، سىدىق شاكىروپ سانايى نەپىسە مۇدىرى، ئوسمان داۋۇت مالىيە بۆلۈم باشلىقى، زىياۋۇدۇن مۇسا بوغالتىر، خالىق مۇسا كاسسىر ئىدى.

بۇ مەزگىلدە قارا شەھەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ۋە سەنئەت ئىشلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغانىدى. مەسىلەن، شۇ ۋاقىتلاردا ناھىيىلەردە ئوقۇتقۇچى، بولۇپمۇ ئايال ئوقۇتقۇچى (مۇئەللىمە)، سازچى ۋە بوغالتىرلارنىڭ يېتىشمەسلىكى ھېس قىلىنىپ، ئۇيۇشما قارمىقىدا ئالاھىدە «مۇئەللىمەلەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى»، «بوغالتىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى» ۋە «سازەندىلەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى» لىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ كۇرسلارغا ۋىلايەت بويىچە ھەر بىر ناھىيىلەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ھەر



بىر كەسىپ بويىچە ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشتۈرۈپ چىقىلغان. بۇ خادىملاردىن خېلى نۇرغۇنلىرى ھازىرمۇ ئىشلىمەكتە. بۇ كۇرسلار ئىلگىرى - كېيىن ئېچىلغان بولۇپ، رەئىس جۇنەيد بەكرى قوشۇمچە مۇدىر ئىدى. كونكرېت ئىشلارنى مەن باشقۇراتتىم.

بۇ مەزگىللەردە قارا شەھەرگە ئەتراپتىن يەنە بىر مۇنچە زىيالىلار، مەسىلەن: مەتمىمىن ھامىت، تاشكەنتتە ئوقۇغان چوڭ ئاخۇن، ئابدۇرىشىت ئەبۇزەر، مەھەممەت سىدىق، مەتمىمىن خۇداۋەدى، يۈسۈپجان، مەھمۇد مەھەممەت، خەلچەم، ھەمراخانىم، ئىساخانىم، مەريەم قاتارلىق زىيالىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت قوشۇنى خېلىلا ئۆلغايدى. سەنئەت جەھەتتىن ئالغاندا ئۇيغۇر دراما سەنئىتى ۋە ئوپېرا يەنىمۇ يولغا قويۇلۇپ، بىرمۇنچە چوڭ ئوپېرا، دراما، كومېدىيە ۋە كونسېرتلار سەھنىلەشتۈرۈلدى.

شۇ ۋاقىتلاردا سەھنىلەشتۈرۈلگەن ئويۇنلار: «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «رابىيە - سەئىدىن»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «شاڭخەي كېچىسى»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «ئاجايىپ ئۆلۈم»، «خىيالىي تۈۋپ»، «كۆرەش قىزى»، «سەۋلەت»، «پېرىخون»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «بۇلبۇل گويا» قاتارلىقلار ئىدى.

بۇ مەزگىلدە ئۇيۇشمىدا بىر قانچە زىيالىدىن تەركىب تاپقان سەھنە ئەسىرى يېزىش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، سىدىق شاكىروپلارنىڭ قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن «ھۆرلىقا - ھەمراجان» ئوپېراسى يېزىپ چىقىلىپ سەھنىلەشتۈرۈلگەنىدى. بۇ چاغدا ھەر قايسى جايلاردىكى ۋىلايەتلىك ساقچى ئورۇنلىرىمۇ پۇل توپلاش ۋە قانداق مەقسەتلەر بىلەنىدۇ، ئۆز ئالدىغا سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ ئويۇن قويغانىدى. جۈملىدىن

قارا شەھەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىمۇ چوڭ ئاخۇنىنىڭ باشلامچىلىقىدا سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشما سانايى نەپىسەسى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان ھالدا ئويۇن قويغانىدى. ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسمۇ ئۆزىگە كۈچ توپلاپ سەنئەت قوشۇنىنى كۈچەيتتى. قەشقەردىن ئۇستا ئىسكىرىپكىچى ئۆمەر ئېلىنى ئالدۇردى. بۈگۈردىن ئابدۇرېھىم چاڭنىڭ شاگىرتى ئوسمان چاڭنى ئالدۇردى. شۇنىڭدەك ئاتاقلىق سازەندە ۋە ئارتىس ـ ئارتىسكىلارنى قوبۇل قىلىپ، سانايى نەپىسە ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتتى ۋە سەييارە ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ پۈتۈن ۋىلايەتنى ئارىلاپ، چەرچەن، چارقىلىقتىن باشقا ناھىيىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر ئويۇشما رەھبەرلىكى سەنئەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە سەھنە قۇرۇلۇشى ئىشىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنىدى. شۇ چاغلاردىلا سەھنىنىڭ دېكراتسىيە ئىشلىرى مەسىلەن: چوڭ ئوپېرالارنى قويغاندا شاھ ئوردىلىرى، تاجۇ ـ تەختلىرى، مەلىكە ۋە كېنىزەكلەرنىڭ، ياساۋۇللارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىرى، تاغ ـ دەريالارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي كۆرۈنۈشلەرگە ئاساسەن ئۆز ئەينى بويىچە كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك ياسالغانىدى. تاماشىبىنلار بۇ ئويۇنلارنى كۆرگەندە، ئۆزىنى خۇددى شۇ ئەينى ۋەقەنىڭ ئۈستىدە بولغاندەك ھېس قىلاتتى.

دېمەك ئۇيغۇر سانايى نەپىسەچىلىكى 30 ـ 40 ـ يىللاردىلا ئەنە شۇنداق دەرىجىگە يەتكەنىدى. مەن مۇشۇ ساھەدە ئۇزۇن يىل ئىشلىدىم. مۇشۇ ئىشلارنىڭ شاھىدى سۈپىتىم بىلەن 85 ياشقا كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ ئەسلىمىنى يازدىم. بۇ ماقالەمنىڭ كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىرىغا يولداشلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.



# شىنجاڭدا 30 ـ يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى

خالىق ساقى

1933 ـ يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى ئارقىلىق جىن شۇرېن ۋەكىللىكىدىكى ئىستىبدات ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شېڭ شىسەينىڭ يېڭى ھاكىمىيەت قۇردى.

بۇ يېڭى ھاكىمىيەت بىر قەدەر ئىلغار خاراكتېردىكى 6 چوڭ سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەينى يىللاردىكى مىللەت، خەلقنىڭ ئىلغار كۈچلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرى باشلاندى. بۇ يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىلەنگەن سىمۋولى سۈپىتىدە مەدەنىيەت ـ مائارىپ تەرەققىياتىنى تىلغا ئېلىپ ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. مۇشۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە خەلق ئاقارتىش ئىشلىرى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى يامبۇكتەك كۆكلەپ يېزا ـ قىشلاق ۋە تاغ ـ دالا، يايلاقلاردا گۈللەنگەن تەرەققىيات مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. خۇسۇسەن شۇ يىللىرى، سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھى بىلەن يەتكۈزۈپ بەرگەن ماددىي ـ مەنىۋى جەھەتتىكى خالىسانە ياردەملىرى، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق قانچە ئونلىغان كوممۇنىستلارنىڭ يېتەكچىلىكى نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى تەسىس قىلىنىپ، مىڭلىغان مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەر، يېتىم ۋە يېتىمە باللار ئۈچۈن دارىلئېتام مەكتەپلىرى، قېرى، مېيىپ، قارىغۇچىسى بولمىغان كىشىلەرنى باقىدىغان دارىلئاجىزىن قاتارلىق خەلق باشقۇرغان مۇئەسسەلەر قۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە بىر قانچە كەسپىي تېخنىكوملار قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقلەرنىڭ ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرىگە ئوقۇش، بىلىم ئېلىش ئىمكانىيەتلىرى يارىتىلدى. ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئىلىمگە ئىنتىلگۈچى ياشلىرى، ھەرخىل جاپا - مۇشەققەت، قىيىن شارائىتلارنى يېڭىپ، ئۇزۇن چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە كەلدى ۋە ھەرقايسى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىردى. بۇنىڭ گەۋدىلىك مىسالى شۇكى، 1935 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئابدۇراھمان قارى ھاجى (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسى) يېتەكچىلىكىدە ئۈچ يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچى ياشلار يارىيار ھارۋىلارغا ئولتۇرۇشۇپ، گايىدا پىيادە مېڭىپ، «يول ئازابى گۆر ئازابى» دېگەندەك يېرىم ئاچ - يېرىم توق، بوران - چاپقۇنلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈچ ئايدىن ئوشۇق يول يۈرۈپ ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ھەر قايسى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. شۇنداقلا



شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى ئوقۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش شارائىتى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ سىنىپ، ياتاقلىرى ئاساسەن لاي - كېسەك ئۆيلەر ئىدى، يامغۇر كۆپرەك ياغسا ئۆتۈپ كېتەتتى. قىش كۈنلىرى بولسا ئۆگزىلەرنىڭ قار - مۇزلىرىنى سۈپۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئادەتتە ئۆيلەرنىڭ تورۇسلىرىدىن توپا يېغىپ تۇراتتى. قىش كۈنلىرى يېقىلغۇ يېتىشمەسلىكىدىن سىنىپ، ياتاقلار سوغۇق ئىدى. تاماقلىرىمىز ئاساسەن گۆشسىز بولۇپ، كۆپرەك شۇيۇق-سەلەڭ تاماق بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقىدەك دەرسلىك ماتېرىياللار يوق ئىدى. پەقەتلا مۇئەللىمنىڭ دەرسخانىدا سۆزلەپ بەرگەن لېكسىيىسىنى خاتىرىلىۋېلىپ، ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تولۇقلىۋېلىشقا، كەچتە بولسا ئېلېكتىر يوق پەقەتلا كىرسىن پەنىرى، شاملارنىڭ يورۇقى ئاستىدا دەرس تەييارلاشقا، جۈملىدىن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوقۇتقۇچىلىرىمىز چەكلىك بولغاچقا كۆپرەك ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۆزلۈكىمىزدىن بىلىم ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. گەرچە ئەھۋال شۇنداق ئېغىر، قىيىنچىلىق قاتمۇقات بولسىمۇ ئىلىم - پەنگە تەشنا بولغان ھەر مىللەت ياشلىرى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ۋەتەن ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن قىيىنچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىپ، ھېچقانداق زارلانماي، چىداپ ئوقۇدى. مەكتەپلەرنى غەلىبىلىك تۈگەتكەندىن كېيىن تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا شەرتسىز بويسۇنۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن شىنجاڭنىڭ يىراق يېزا - قىشلاقلىرىغا

بىرىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەر قوشقانىدى. بۈگۈن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە رەھبەرلىك ئورۇنىدا ئىشلەۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت پېشقەدەم كادىرلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى مانا شۇ دەۋردە ئوقۇپ يېتىشىپ چىققانىدى.

مەن مانا شۇ 30 ـ يىللاردىكى ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا 5 يىل ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى باشتىن كۆچۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى لىن جىلۇ، لى زىلياڭ، جاڭ جۇڭشى، ماۋدۇن (شىن يەنبىڭ) قاتارلىق ئىلغار ئۇستازلارنىڭ بىۋاستە تەربىيىسى ۋە غەمخورلۇقى ئاستىدا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىداش ئىنتىلىشى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە ئەسلىمىلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش پائالىيەتلىرى

30 ـ يىللاردا يۇقىرىدا ئىزھار قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق ماركسىزمچىلارنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار، ياشلار ئارىسىدا ئىستىخىيىلىك ھالدا ھەر خىل كۇرژۇكلار تەشكىل



قىلىندى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى جۈملىدىن جۇڭگونىڭ يېقىن زامان تارىخىنى، ئەي سىچىنىڭ پەلسەپەسىنى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ۋ ك پ (ب) (بولشېۋىكلار) تارىخى، ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ تۈرلۈك رومانلىرى، مەسىلەن: گوركىنىڭ «ئانا»، ئوستروۋسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى»، مىللىي يازغۇچىلاردىن سەدرىدىن ئەينىنىڭ «قۇللار»، «داخوندا»، ئابدۇللا قادىرى (جولقۇنباي) نىڭ «مېھراپتىن چايان»، «ئۆتكەن كۈنلەر»، لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى»، ماۋدۇننىڭ «تۈن يانغاندا» قاتارلىق رومانلىرىنى ئىزدىنىپ ئوقۇشتەك قىزغىن ئۆگىنىش دولقۇنى بارلىققا كەلدى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك ئىلغار ئىدىيە خېلى كەڭ تارقىلىپ، ئەينى زاماندا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر سىياسىي كەيپىيات بارلىققا كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچى ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي ئاڭ سەۋىيىسى كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، جاھانگىرلىككە قارشى غەزەپ ـ غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، ئىلغار سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە بولغان چەكسىز مۇھەببەت ۋە ئىنتىلىش، ئارزۇلار بارلىققا كەلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچى ياشلار ۋەتىنىمىزنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئازاد قىلىپ، فېئودالىزم جاھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتەك بىردىنبىر نىشانىنى مەقسەت قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئوقۇغاندىن تاشقىرى، ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا قىلچە ئىككىلەنمەي، جاپادىن، ئۆلۈمدىن قورقماي تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى تەشۋىق ـ تەرغىب قىلدى، كەڭ ئاممىنى ئويغىتىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ كەڭ بىرلىكسەپ قۇرۇپ، كۇرەشكە

سەپەرۋەر قىلىش جەھەتلەردىن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىدىن بولغان مەرھۇم ساۋاقدىشىمىز ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر. ئۇندىن باشقا ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلىنىپ30نەچچە يىلدىن بېرى ھەربىر ئىجتىمائىي ئىنقىلابىي باسقۇچلىرىمىزدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ رەھبەرلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت پىشقەدەم ماركسىزمچى زىيالىلىرىمىز ئەنە شۇ دەۋرنىڭ قىممەتلىك ۋارىسلىرىدۇر.

## ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلەر

شىنجاڭ دارىلفۇنۇن، ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك سىفەن مەكتەپ، ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك قىزلار مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» ۋە ھەر بىر مەكتەپلەردىكى «ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشما» لارنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋەتىنىمىزگە يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە تاجاۋۇزىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەن ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەشكىللىنىپ، ھەر خىل چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپكە ئۇيۇشتۇرۇشتا زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.



سابىق شىنجاڭ دارىلفۇنۇندىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئەينى ۋاقىتتا يەنئەن ئازاد رايونىدىن كەلگەن جاۋدەن باشلىق بىر قىسىم ئىنقىلابىي ئارتىس، ئارتىسكىلارنىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدە مەرھۇم ماۋدۇن (شىن يەنبىڭ) يازغان «ياشىسۇن يېڭى شىنجاڭ»، «كۈرەش» ناملىق ئىنقىلابىي سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، كىشىلەرگە جانلىق كۈرەش تەربىيىسى بەرگەن. جۈملىدىن «خائىن تۇتۇش»، «ياپون ئالۋاستىلىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم»، «پارتىزانلار جاسارىتى» قاتارلىق كوچا ئويۇنلىرىنى تەييارلاپ، ھەر بىر بايرام ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، كوچىلارغا چىقىپ ئويۇن قويۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدىكى ۋەھشىيانە ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىش بىلەن تەڭ ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي قوشۇنىمىزنىڭ قەھرىمانلارچە ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىنى خەلق ئاممىسىغا كەڭ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن خالىسانە ماددىي، مەنىۋى ياردەملىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئېلىپ بارغانىدى. ھەر بىر تەشۋىقات سورۇنلىرىدا ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئەر-ئايال قېرىنداشلىرىمىز، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ خىل جانلىق تەشۋىقاتىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ۋەتەنگە بولغان يۈكسەك مۇھەببەت ۋە ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەپ، بەس-بەس بىلەن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا، ھەتتا ئالتۇن بىلەيزۈك قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار ۋە نەق پۇللارنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ۋەتەن ئازاد-

لىقى ئۈچۈن ئىئانە قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا شۇ ۋاقىتتىكى گېزىتتە ئېلان قىلىنىشىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر مىللەت خەلقى كەڭ ئىئانە توپلاپ 10 دانە كۈرەش ئايروپىلانى سېتىۋېلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلغان، چۆچەكتىكى قازاق خەلقىنىڭ مۆتىۋەر ۋەتەنپەرۋەر ئاقساقىلى مەرھۇم باشباي يالغۇز ئۆزىلا بىر دانە ئۇرۇش ئايروپىلانى ياردەم قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ماللىرىغا بايقوت ئېلان قىلىش، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھاۋا ھۇجۇمىغا قارشى مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى ھازىرلاش ئىشلىرىدىمۇ ئوقۇغۇچىلار كوچىلارغا چىقىپ خەلق ئاممىسىغا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ھەتتا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئولتۇراقلىق ئۆي - قورولىرىغا بېرىپ مۇداپىئە ئاكوپلىرىنى قېزىش قاتارلىق ئىشلىرىغىمۇ قىزغىن ياردەم قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمەت ۋە ھىمايىسىگە ئېگە بولغانىدى.

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە، بازار، يېزا - قىشلاقلىرىدا جۇملىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە، ھەر مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ئىبارەت مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتى شۇ چاغدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچى - ياشلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپە ئىدى. ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ دارىلفۇنۇن قاتارلىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز رايونلىرى ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، مەھەللە ياكى كۆپ ئۆيلۈك قورولارنى ئاساس قىلىپ ئەر - ئايال ياشانغانلار ئارىسىدا كەچكى ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش كۇرسلىرىنى تەشكىل قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ 8 سائەتلىك



دەرس پائالىيەتلىرىدىن تاشقىرى، كەچكى ۋاقىتنى ئاجرىتىپ كۇرستا دەرس ئۆتۈپ، بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقارسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇلارغا ئىبقىم مەسىلىلىرىدىن ئىلىكسىيە قىلىپ بېرەتتى. شۇنداقلا ئۇلارغا زېرىكمەي، تېرىكمەي «قىزىل ماي گۈلى»، «18 - سېنتەبىر» قاتارلىق ئىنقىلابىي شېئىرلارنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلابىي روھىنى ئۇرغىتىپ، مەدەنىي ئاقارتىش يولىدا بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. پەقەت نەنلياڭ رايونىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، 8 — 10 جايدا كەچ كۇرس سىنىپلىرى تەسىس قىلىنىپ، بىر قانچە يۈز كىشى ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش كۇرسىغا ئاكتىپ قاتناشقانىدى، بۇ كۇرسانتلار ھەر خىل بايرام پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ تەشكىللىك ھالدا كوچىلاردىن تىزىلىپ ئۆتۈپ، ئىنقىلابىي شېئىرلارنى ياڭرىتاتتى.

شىنجاڭ دارىلفۇنۇن ۋە باشقا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جۇشقۇن، روھلۇق، تېتىك بولۇپ، كۈندىلىك دەرس پائالىيەتلىرىدىن تاشقىرى، مەكتەپ ئىچىدىكى سىنىپ ۋە مەكتەپلەر ئارا ئۆزلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ ئۆز ئارا دوستانە مۇسابىقىلەرنىمۇ قانات يايدۇراتتى. مەسىلەن: ۋالىبول - ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى، ئىنقىلابىي شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىسى، تام گېزىت، قارا تاختاي گېزىتى، نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق تۈرلەردە ئۈزلۈكسىز مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام، روھلۇق، ئەخلاقلىق، بىلىملىك بولۇپ تەربىيىلىنىشى ۋە ئۆسۈشىگە ئالاھىدە ياردەم ۋە ئېتىبار بېرىلگەنىدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭ دارىلفۇنۇندا بىر ئاتاقلىق ۋالىبول كوماندىسى، ئۈلگىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە

ۋاسكتبول كوماندىسى بارلىققا كېلىپ ئالاھىدە شۆھرەت قازانغانىدى.

شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ھەربىي جىياۋگۇەننىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەربىي مەشىق، قارىغا ئېتىش مەشىقى قاتارلىقلار داۋاملىق ئېلىپ بېرىلاتتى.

ھەر يىلى بىرىنچى سېنتەبىردە ئۈرۈمچى ۋە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كاتتا يۈندۇڭخۇي (تەنھەرىكەت يىغىنى) بولاتتى. بۇنىڭدا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچى ياشلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى نامايىش قىلىنغاندىن تاشقىرى، پۈتۈن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قوراللىنىپ، ھەربىي پاراتتىن ئۆتۈپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى رازىرىپ كۈچ ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلاتتى.

30 ـ يىللاردىكى ئوقۇغۇچى ياشلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگەندە، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە ياردەمگە كەلگەن مۇنەۋۋەر ئەزالىرى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارغا چەكسىز ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرمەي ئۆتەلمەيمىز. بۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ مەشئەل بولۇپ يورۇغىسى.



# پېشقەدەم كوممۇنىست — يولداش شۈي لياڭ توغرىسىدا ئەسلىمە

ئابدۇقادىر ھېيت

XX ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا، سىياسىي ئالدامچى شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرلىكسەپ پىرىنسىپىغا ئاساسەن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت خىزمىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم كوممۇنىست كادىرلارنى ئەۋەتكەنىدى. ماھىيەتتە ئىشپىيونلار ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبارەت شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى دەۋرىدە، ھەممە جايىنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغاچقا، ئاددىي خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا «جان ساقلاش تەس بولغان» ئىدى. شېڭ شىسەي ئىشپىيونلىرىنىڭ سىرتىمىقى دەستىدىن قىسىلىپ ھالسىرىغان خەلق خۇددى قۇرۇق يەرگە چىقىپ قالغان بېلىق سۇغا تەشنا بولغاندەك، ئەركىن ـ ئازادە نەپەس ئېلىشقا ئىنتىزار بولغان. شۇنداق جاپالىق شارائىتتا، پارتىيىمىز ئەۋەتكەن كادىرلار ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىسى بويىچە پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاراڭغۇ تۈنلەردىن ئازراق بولسىمۇ تاڭ نۇرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. فېئوداللىق تۈزۈم ئىسكەنجىسىدە بولغان شىنجاڭـ

نى يېڭى ئۇسكە كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچـ-
مەس ئىزلار قالدۇردى. يولداش شۇي لياڭ 1938 - يىلى يەنـ-
ئەندىن شىنجاڭغا كەلگەن كوممۇنىستلاردىن بىرى بولۇپ، 1939-
يىلدىن 1943 - يىلغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان، مەكىت
ناھىيىلىرىدە ھاكىملىق خىزمىتى ئۆتىگەنىدى. مەن ئۇنىڭ
1940 -، 1941 -، 1942 - يىللاردا مەكىتتە ھاكىم بولۇپ تۇرغاندا،
خەلق ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىدىن كۆر-
گەن - بىلگەن بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

## تۈنىدە چاقنىغان يۇلتۇز

يولداش شۇي لياڭ تاشقورغان ناھىيىسىدىن مەكىت نا-
ھىيىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەن بولۇپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشى-
چە، شۇ چاغدىكى تۇرمۇش ھالىتى خۇددى تاجىكلارغا ئوخشايتـ-
تى: ئۇچىسىغا يەرلىكتە توقۇلغان مەللە يۇڭ چەكمەن چاپان،
بېشىغا تاجىكلارنىڭ چۆرىسىگە قارا كۆرپە تۇتۇلغان ئۆرە تۇمـ-
قى، پۇتىغا چورۇق ئۆتۈك كىيىۋالغان. ئىش تاپشۇرۇۋېلىش
رەسمىيىتى ئاددىي بولۇپ، داغدۇغا پەيدا قىلمىغان. ھېچقانداق
سوۋغا - سالام قوبۇل قىلمىغان. مەن ئۇنى دەسلەپكى قېتىم ئو-
قۇتقۇچىلار ئۆگىنىش كۇرسىدا كۆرگەنىدىم. مۆلچەرىمچە، شۇ چاغـ-
دا يېشى 40 ئەتراپىدا بولسا كېرەك؛ بويى ئېگىز، چىرايى
ئاق سېرىق، تۇرقىدىن ئويچان، تەمكىن، ئىللىق كۆرۈنەتتى. قو-
پالراق مەللە يۇڭ چەكمەن چاپان، كەمپولات (ئاددىي بىر خىل
زاۋۇت رەختى) دىن شىم، ئاددىي رەختتىن كەپكە كىيگەن بو-
لۇپ، ھاكىم بولغان بىر كىشىنىڭ مۇنداق ئاددىي - سادىدا تۇ-



سىگە ھەيران قالغانىدىم. ئوقۇتقۇچىلارمۇ زوقلىنىپ تەرىپلەشكە-
نىدى. كېيىن بىر قانچە قېتىم كوچا، بازارلاردا تەرجىمان بىـ-
لەنلا ئايلىنىپ، ئامما ئىچىگە كىرىپ، ئاددىي خەلق بىلەن كەلـ-
گەن يەردىلا سۆزلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆچراتتىم. شۇنىداق قىـ-
لىپ ئۇ، خەلقنىڭ قانداق كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندى،
نامرات دېھقانلارنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى ئاڭلىدى. ئەرز - دادى
بار كىشىلەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىغا قورۇنماي، ئەركىن
ئازادە كىرىپ يولداش شۇي لياڭ بىلەن كۆرۈشەلەيدىغان، تەـ-
لەپلىرىنى ھەل قىلالايدىغان بولدى. بۇ، مېنىڭ بىلىشىمچە، تا-
رىختا كۆرۈلمىگەن دېموكراتىك ھاۋا ئىدى. كونا شىنجاڭنىڭ
تارىخى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى بىلىدىغان كىشىلەرگە ئېنىقكى،
ئىلگىرىكى شېڭ شىسەينىڭ ئەمەلدارلىرى ئاۋام خەلققە نىسبەتەن سۈرلۈك،
ھەيۋەتلىك، خۇددى ئادەم يەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ناھىيىلەردە
ئالىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى شېڭنىڭ (ئامبال) باشقىچە سا-
لاپەتلىك، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، قول شىلتىپ، خەلقـ-
نى خالىغانچە ئويناق - بوزەك قىلىشىۋاتتى. كىشىلەرنى خۇددى
ئۆلاردىن چوڭ ئادەم يوقتەك ئويغا كەلتۈرەتتى. ئامباللار تامغا
تاپشۇرۇۋالغاندا، ئورغۇن سوۋغا - سالام قوبۇل قىلاتتى، دەۋا
سورىسا، پارا يەيتتى، خىلمۇ خىل ئالۋاڭ چاچاتتى، غەللە -
پاراقتا يەنە پىرسەنت قوشۇپ ئالاتتى. بىر ھارۋىدا كەلگەن بولسا،
بىر قانچە ھارۋىدا كېتەتتى. بىر نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرسە،
ئۆلگىچە يەپ تۈگىتەلمەيدىغان بايلىق يىغىۋالاتتى. ئۇلار خەلقـ-
نىڭ قان - تەرى ھېسابىغا ئەيش - ئىشرەت سۈرەتتىكى، خەلقـ-
نىڭ دەردى - ھالىغا يەتمەيتتى. يامۇلدىن چىقماي يىللار
ئۆتۈپمۇ كېتەتتى. ئامباللار ئىشىك - دەرۋازىلىرى قارا سىرلانغان

ياموٗلدىن، سىرتقا چىقسا ـ كىرىسە، دوٗمباق، قوڭغوٗراقلار چېلىنىپ،
پوچاڭزىلار ئېتىلاتتى، چېرىكلەر، پايىلار ئىككى تەرىپىدە يالاپ
ماڭاتتى، ئوٗلارغا خەلق قانداقمۇ يۈز تۇرانە دەرد ـ ئەھۋال ئېيىـ
تىپ ئاگـلىتالىسۇن؟ يولداش شۆي لياڭ كېلىش بىلەن تۇنـدە
چاقىنغان يۇلتۇزدەك يوروٗقلۇق بېرىپ، ياموٗل (ناھىيىلىك ھۆـ
كۈمەت) دەرۋازىسىنى خەلقـقە ئېچىۋەتـتى. بـۇ ھـال فېئودال
بيۇروكرات ئورگانلارنىڭ تۇسىنى ئۆزگەرتىشتىكى روشەن بىر بۇـ
روٗلۇش بولدى.

ئەينى يىللاردا يولداش شۆي لياڭنىڭ قول ئاستىدا بوغالـ
تىر بولۇپ ئىشلىگەن يولداش ئابدۇرېھىم قۇربان ئەسلەپ، مۇنـ
داق دەيدۇ: «يولداش شۆي لياڭ ئـاجايىپ ئېسىل خىسلەتلىك
ئادەم ئىدى. ئـايلىق مۇئاشىغا ئـالغان 60 يۈەن پۇلنى ماڭـا
تۇتقۇزاتتى. تامىقى ئۈچۈن كېتىدىغان ئۇن، گـۈرۈچ، ياغ، ئوـ
تۇننى مەن ئىنچىكە ھېسابلاپ ئېلىپ بېرەتتىم. قالغىنىنى گېـ
زىت، ژۇرنال ئابونىسى ئۈچۈن بۆيرۇپ بېرەتتى، پۇلـنى تېجەپ
كۆپىنچە گـۆشسىز سەي، جىگـموما يەيتتى، ئـاددى كىيىنەتتى.
يەنە بىر قانچە ئـاي پۇل ئىقتىساد قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىـ
نىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە قىزىل ئارمىيىگە يـاردەم
قىلدى. بىر كۈنى تاماققا ئىشلىتىدىغـان ئوتۇن تۈگـەپ قالـ
غان، ئوتۇن ئېلىشقا بازار يېتىپ كەلمىگەنىدى. مەن ھۆكۈمەت
پۇلىغا ئېلىپ قـويۇلغان ئوتۇندىن بىر قۇچاق ئېلىپ كـەلدىم.
بۇنى كۆرۈپ قالغان يولداش شۆي لياڭ خاپا بولۇپ: ‹بۇنداق
قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، ئۆز جايىغا ئاپىرىپ قوي. مۇنـداق
قىلىق يەنە كۆرۈلۈپ قالمىسۇن› دېدى. يولداش شۆي لياڭ پاك
خىزمەت ئىستىلىگە ئىگە ئىدى، خىيانەتچىگە جان ـ جەھلى بىتـ



لەن ئۆچ ئىدى. ھەر قانداق كىشى دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ ھەقـ
قىنى يىغىۋالىدىكەن، يۈز خاتىرىسىز كەسكىن بىر تەرەپ قىلاتتى.
يەر بېجى ئالىدىغان شۆي جىچۈەن دېگەن بىر خىزمەتچىنىڭ چوڭ
يەپ، چوڭ ئىچىپ چىرىكلەشكەنلىكىنى سەزگەندىن كېيىن ئۇـ
نىڭغا ئىككى قېتىم ئۆزۈڭنى تـۈزىتىۋال دەپ ئاگـاھلاندۇرۇش
بەردى. لېكىن ئۇ، تۈزىلىش يولىغا ماڭمىدى. بىر كـۈنى يولـ
داش شۆي لياڭ مېنى تەرجىمانلىققا چاقىرىپ، بـازار كـۈنلۈكى
يەر بېجى ئېلىش ئورنىنى كۆزدىن كـۆچۈردى. يـەر مـو سانى،
تۆلىگەن باج پۇلىنى تەكشۈرۈپ كـۆرۈپ، دەپتەرگـە يېزىۋالدى.
ئىنچىكـە ھېسابلاپ كـۆرۈپ، شۆي جىچۈەننىڭ 16 يۈەن ئوشۇق
ئالغانلىقىنى بىلىپ، سوراقـقا ئېلىپ كـەلدى. دەرۋەقە بـۇنىڭ
خىيانەتچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، مالىيە نازارىتىگە
مەلۇم قىلىپ، جىددىي چارە كۆردى. شۇنىڭدەك خەلقنىڭ ئەرزىـ
دادىنى ھەل قىلىشتا پارا ئالغان خىزمەتچىلەرنى قـاتتىق سۈـ
رۈشتۈردى، مەسىلىسى ئېغىر بولغانلارنى قەتئىي جازالىدى.»

40 ـ يىلـلاردا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلىگـەن يولداش
ئابدۇراخمان مۆمىن مۇنداق دەيدۇ: «يولداش شۆي لياڭنىڭ خوـ
تۇن بالىسى يولمىغاچ تەرجىمانى چىلىڭ زىبيەن بىلەن بىر ئۆيدە
يېتىپ قوپاتتى. بىر قېتىم ئۇ چىلىڭ زىبيەنگە: ‹بىز بىلـلە خىزـ
مەت قىلىپ كەلدۇق. سەن بىلەن مەن بىر ئىدىيىدە يولـداش
بولدۇق. تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، ئىقتىسادچىل بولۇش كېرەك.
چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىشكە بېرىلگەن ئادەمدە ئىنقىلابىي ئىرادە
بولمايدۇ. ئۇنداق قىلغان ئادەم چىرىكلىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇـ
تىدۇ› دېگەن، بىر قېتىم چىلىڭ زىبيەن بىلەن بىرلىكتە يەيدىـ
غان مـوما، سەيلەرنى ئېلىۋېلىپ، تۇمـەنتال، ئويبوغـداي يېزىـ

لىرىغا باردى. بۇنىڭدىن بەگلەر ئالدىن خەۋەر تېپىپ، ھاكىمنى كۈتۈۋېلىشقا ئالاھىدە تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، يولداش شۈي لياڭ بارغاندىن كېيىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ بەگلەرنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە بىر نەچچە تۇل خوتۇن، نامرات دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قوندى، دەم ئالدى. ئۆزى ئېلىپ بارغان موما، سەيلىرىنى يېدى. دېھقانلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى خاتىرىسىگە يازدى. دېھقانلار يولداش شۈي لياڭنىڭ ئاددىي ـ ساددا خىزمەت ئىستىلى، ئەمگەكچىلەر بىلەن قەلبداشلىق خىسلىتىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇنىڭ تەرىپى تېزلا دېھقانلار ئارىسىغا كەڭ تارقىدى.»

يولداش شۈي لياڭ دەۋالارنى ھەقىقەتلەپ سورايتتى؛ دەۋا ئىشلىرىدا پۇل، ئابرويى بارلارنىڭ پۇل ـ مال سۇڭگۇتۇپ ھەققىنى ناھەق قىلىۋېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايتتى. بۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ «گاچا بولسىمۇ باي سۆزلىسۇن»، «پۇلى بارنىڭ گېپى ئۆتۈك، پۇلى يوقنىڭ گېپى تۈك» بولۇشتەك ئادالەتسىزلىكى بىر مەزگىل بولسىمۇ تۈگىتىلدى. ئىلگىرى مەھكىمە شەرئىيىگە بۇيرۇلۇپ سورىلىدىغان مىراس دەۋاسى قاتارلىق بەزى دەۋالارنىمۇ قانۇن بويىچە سوراش يولغا قويۇلدى. يولداش شۈي لياڭ بىر قانچە قېتىم بەگلەر، بايلارنىڭ خۇشامەت قىلىپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى قاتتىق رەنجىگەن ھالدا رەت قىلغان، ھەتتا بۇنداق ئادەملەرنى «يوقال كۆزۈمدىن» دەپ ئىشىك سىرتىغىچە قوغلاپ چىقارغان. بۇ، كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانىدى.



## جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش روھى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاشۇ يىللاردا تارىخىي شارائىت ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكسەپ تۈزگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى يەرلىك خاقان ئورنىدا تۇتۇپ، «داھىي» دەپ ئاتىۋالغان شېڭ شىسەي كېيىنكى كۈنلەردە كوممۇنىستىك پارتىيىنى، شۇنىڭدەك كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ پروگراما، سىياسەتلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەشۋىق قىلىشقا، ھەتتا ئىسمىنى ئاتاشقا رۇخسەت قىلمايتتى. «6 بۈيۈك سىياسەت» دائىرىسىدىلا ئىشلەشكە بولاتتى (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 6 بۈيۈك سىياسەتنى تۈزۈشكە ياردەم بەرگەن، ئەلۋەتتە). مۇنداق شارائىتتا، يولداش شۈي لياڭ مۇمكىن بولىدىغانلىكى چارىلارنى قوللىنىپ، زومىگەرلەرنىڭ خەلق ئۈستىدىكى چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقلىرىنى چەكلەپ، خەلققە، بولۇپمۇ نامرات دېھقانلارغا پايدىلىق بولغان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئابرويىغا تايىنىپ خەلقنى ئەزگەن، دېھقانلارنىڭ يەر، سۈيىنى ئىگىلىۋالغان توختاجى، نىيازبەگ قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، جىنايەتلىرىنى رەسمىي ماتېرىيال قىلىپ بېسىپ، كەڭ جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىپ، فېئودال زومىگەرلەرنىڭ خورىكىنى باستى، كەڭ دېھقانلارنى خۇشال قىلىپ روھىنى ئۆستۈردى. ئۇ چاغدا فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈۋاتقاچقا، يېرى ئاز، يەرسىز دېھقانلار كۆپ ئىدى. ئۇلار بايلارغا ئىجارىكەشلىك قىلىپ، يىللىققا تۇرۇپ، يىل بويى قاتتىق ئىشلىسىمۇ قىيىنچىلىقتا

ئۆتەتتى. بۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن يولداش شۈي لياڭ ئاتلىق ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، بەزىدە پىيادە يۈرۈپ، تەكلىماكان باغرىدىكى تېرىشقا بولىدىغان بوز - بىنالارنى تەكشۈردى. «تۆمەنتال»، «سۇپادۆڭ»، «هاردۇقئالدى» جاڭگاللىرىدىن نۇرغۇن يەرسىز، يېرى ئاز دېھقانلارغا يەر كېسىپ بېرىپ، ئۆستەڭلەر چاپتۇرۇپ سۇ باشلاپ، يېڭى تېرىلغۇزارلىق، يېڭى يېزىلار بەرپا قىلدى. بۇنداق يەر، سۇغا ئىگە بولغان دېھقانلار ئۆز ئالدىغا ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىپ، تۇرمۇشىنى بىر قەدەر ھاللاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

مەكىت ناھىيىسىدىكى خەلقنىڭ چوڭ بىر قىيىنچىلىقى سۇ يېتىشمەسلىكتىن ئىبارەت ئىدى. يەكەن، تىزناپ دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىمىغا جايلاشقان بۇ ناھىيىنىڭ يەكەن دەرياسى بىلەن كۆكىرىدىغان قىسمىدا سۇ بىرقەدەر نورمال يېتىشىپ بەرسىمۇ، تىزناپ دەرياسىدىن پايدىلىنىدىغان جايلىرى (تەخمىنەن شۇ چاغدىكى پۈتۈن ناھىيە تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ يېرىمى) فا تاغدىن كېلىدىغان سۇ ۋاقتىدا كەلمەي، ياكى ئاز كېلىپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرەتتى. مۇنداق چاغلاردا زىرائەتلەر نابۇت بولۇپ، دېھقانلار ياخشىراق ھوسۇل ئالالمايتتى، ياكى پەقەت ھوسۇل ئالالمايتتى. «ئۆلمەكنىڭ ئۆستىگە تەپمەك» دەپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىكى ئالۋان - ياسىقى ئۈزۈلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار تېخىمۇ مۇھتاجلىق، ئاچ - يالىڭاچلىق دەھشىتى ئىچىگە چۆكۈپ كېتەتتى. يولداش شۈي لياڭ دېھقانلارنىڭ ئاھۇزارىغا



قۇلاق سېلىپ، يۇقىرىغا دوكلات يوللاش ئارقىلىق يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى تىزناپ دەرياسىغا چۈشۈرىدىغان بىر ئۆستەڭ چېپىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، ئۆستەڭ يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان بولغاچ، ئۆستەڭ ئېلىنىدىغان جاينىڭ يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلىرى ئابدۇقادىر بەگ، زاكىرخان بەگ، ئابلىز يۈزبېشى، توختىنىياز ھاجى قاتارلىقلار قارشى چىقتى. بۇ چاغدا يولداش شۈي لياڭ قەشقەر ۋالىيسى چېن فاڭبەينى ئۆستەڭ چېپىلىدىغان ئورۇنغا باشلاپ ئەھۋالنى تونۇشتۇردى. چېن فاڭبەي: «ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتىدىغان چېدىر تۇغراق ئۆستەڭگە مەكىت ناھىيىسى كۆچۈرمە ياساپ بەرسۇن، يېڭى ئۆستەڭ جەزمەن چېپىلسۇن، توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار قاماققا ئېلىنسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. مەكىت ناھىيىسىدىن 2 مىڭدىن كۆپرەك كىشى سەپەرۋەر قىلىنىپ، 10 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ ئۆستەڭ غەلىبىلىك پۈتكۈزۈلدى. ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا خەلقتىن بولىدىغان چىقىمنى ئازايتىش ئۈچۈن يولداش شۈي لياڭ ئۆلكىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، مالىيە نازارىتى (يولداش ماۋ زېمىن مالىيە نازىرى ئىدى) ئارقىلىق شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىدىن 5 مىڭ دوللار ياردەم پۇل ئېلىپ ئىشلەتتى. ئۆستەڭ چېپىلىۋاتقان كۈنلەردە يولداش شۈي لياڭ تەرجىمانى بىلەن كۆپ قېتىم ئەمگەك مەيدانلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش، پاشىلىق جايلاردا يېتىپ - قوپۇپ يېتەكچىلىك قىلىش، ئارتىسلارنى ئېلىپ بېرىپ ئويۇن قويۇپ ھال سوراش ئارقىلىق خەلق ئىشچىلىرىغا كۈچلۈك ئىلھام، مەدەت بەردى. بايلار

سۇ تۇتۇشتا ئالدىدا بولسىمۇ، ئۆستەڭگە هاشار چىقىرىشتا
ساختىپەزلىك قىلىپ هاشارنى كەم بەرگەن ياكى بەرمىگەن-
لىكىنى، يەنىلا يېرى ئاز، يوقاش دېھقانلارنى بوزەك ئەتكەن-
لىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نامىنى يېزىۋېلىپ
سۈرۈشتۈرۈپ، ئەمگەك كۈچىنى كەم چىقارغانلاردىن كۆپەي-
تىپ - قوشۇپ ئېلىش ياكى ياغاچ كۆتەرتىپ بىرنەچچە
سائەت ئۆرە توختىتىپ قويۇشنى بۇيرۇپ، كەمبەغەللەرنىڭ
ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. بۇ ئۆستەڭ پۈتكەندىن كېيىن،
يۇقىرىدىن «جىڭ يۈڭ (شىڭ شىسەي نامى) ئۆستىڭى» دەپ ئات
قويۇلدى. يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى تېزناپ دەرياسىغا
باشلىنىپ، سۇ كۆپەيتىلىپ، ئازادلىققا قەدەر پايدىلىنىلدى.
(ئازادلىقتىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ كوللېكتىپلىشىشى ۋە
تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجى بويىچە بۇ ئۆستەڭنىڭ بەزى
جايلىرى باشقىدىن چېپىلىپ، ئۇزارتىلىپ، «داجەي ئۆستىڭى»
گە ئۆزگەرتىلدى. سۇغۇرۇش ئۈنۈمى تېخىمۇ ئۆستى.) تېزناپ
دەرياسىنىڭ سۈيى كۆپەيگەن، بولۇپمۇ تېزناپقا باشتىن سۇ
ۋاقتىدا كەلمەي قۇرۇپ كېتىدىغان ئەھۋال ئازايغانلىقتىن،
سۇ قەھەتچىلىكى تۈگەپ، ئادەتتە سۇ نورمال كېلىپ بېرىپ،
دېھقانچىلىقتىن ئوبدان هوسۇل ئېلىندى، شۇنداقلا يولداش
شۆي لياڭ تەقسىم قىلىپ بەرگەن بوز - بىناملارمۇ كۆكۈرۈپ،
دېھقانلار نامرات تۇرمۇشنى ئاز بولسىمۇ ياخشىلىۋېلىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئىلگىرى تېزناپ دەرياسى ۋادىسىدا سۇنىڭ يېتىش-
مەسلىكى، سۇ بولغاندىمۇ باشقۇرۇش هوقۇقى زومىگەرلەر قولىدا
بولغانلىقى ئۈچۈن تۈگمەن يوق دېيەرلىك ئىدى. دېھقانلار



ئۇن تارتالماي ياغۇنچاق چۆرۈپ بەك قىينىلاتتى. تۈگمەندە
تارتىپ يۇمشاقراق ئۇن يەي دېسە، تۈگمەن بار جايلار
بەك يىراق، بىرنەچچە كۈنلۈك ۋاقىت كېتەتتى، بۇنىڭ
چاپاسىمۇ ئاز بولمايتتى. يولداش شۆي لياڭ بۇ قىيىنچى-
لىقنىمۇ بۆز نەزىرىدىن چەتتە قالدۇرمىدى. «جىڭ يۈڭ
ئۆستىڭى» ئارقىلىق كۆپەيگەن سۇ بىلەن «جالادىن»، «تۆپەشور»
دېگەن جايلارغا 43 تاش تۈگمەن چۆرۈتۈپ (ناھىيىلىك
هۆكۈمەت ئىچىدىكى سۇ هەيئىتى باشقۇرۇشىدا)، دېھقانلارنىڭ
يېقىن جايدا ئۇن تارتىپ يېيىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. تۈگمەن-
لەرنىڭ سۈيىنى بىكار ئاققۇزماي، ئەسلىدە يەكەن دەرياسىنىڭ
سۈيىنى ئىچىسىمۇ ئاياغ ئېقىم بولۇپ سۈيى يېتىشمەيدىغان
ئويبوغداي قاتارلىق جايلارغا چۈشۈرۈپ بېرىپ، «بىر
چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش» نى ئورۇنلىدى. يولداش
شۆي لياڭنىڭ ئىش قىلماق تولىمۇ تەس بولغان شارائىتتا،
يۈرەك باغرىنى سەرپ قىلىپ، دېھقانلارنىڭ بەخت - سا-
ئادىتى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن بۇ خىزمەتلىرى تا بۈگۈنگە
قەدەر يادلىنىپ كەلمەكتە.

### ئۆگىنىش ۋە باشقىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئەستايىدىللىقى

يولداش شۆي لياڭ هەرقانداق شارائىتتا ئۆگىنىشنى قولدىن
بەرمەيتتى. ئىككى ساندۇقى بولۇپ، بىرىسىدە كىيىم - كېچەك،
بىرىسىدە ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابلىرى ۋە مۇھىم ماتېرى-
ياللارنى ساقلايتتى. يەنئەندە چىقىدىغان «ئازادلىق گېزىتى»،
ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ»

قاتارلىق ئىلغار گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇپ كەلـ
تۈرەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن 2 سائەت ئۆگىنىشنى قەتئىي
داۋام قىلدۇراتتى. بۇنداق چاغدا ھەرقانداق كۆرۈشمىدىغان
ئادەملەرنى قوبۇل قىلمايتتى. باشقىلار، بولۇپمۇ زىيالىلارنى
تەربىيىلەش، ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشكە
ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئاشۇ يىللاردا ناھىيىنىڭ مەدەنىـ
يەت، مائارىپ ساھەسىدىكى بىلىم سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى،
كەلگۈسىدىن ئۈمىد بار دەپ قارىغان بىرقىسىم ئۇيغۇر زىيالـ
يلىرىنى پات - پات ياتىقىغا چاقىرىپ سىياسىي دەرس ئۆتكەن.
بۇنى ئاشكارىلىماسلىقنى شەرت قىلغان. شىۋى لياڭ (دۆلەت
باشقۇرۇشىدىكى) مەكتەپكە ھەر ھەپتىدە بىرقېتىم (پەيشەنبە
كۈنى) بېرىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا خەلقئارا ۋەزىيەت
(سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى، جۇڭگو - ياپون ئۇرۇشى ۋە بىرلىك
سەپ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان) ئۈستىدە كۆپ قېتىم دوكـ
لات بەرگەن. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ۋە 8 - ئارمىيە،
يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ غەلىبىسىنى ئۆزى سىزغان خەرىتە
بىلەن قىزىل، قارا بەلگىلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ
ھەققانىي ئۇرۇشقا بولغان ھېسداشلىقى، ھەققانىيەتسىز ئۇرۇشقا
بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغان. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇـ
غۇچىلار ئارا مەخسۇس تېما بەلگىلەپ، نۇتۇق سۆزلەش
مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈشنى يولغا قويغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ
سانائىي نەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇش ئەھۋالىدىن يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىنى
تەييارلاپ ئاممىغا كۆرسىتىش ئارقىلىق ياخشى باھاغا ئېرىشـ
كەن. يولداش شىۋى لياڭ 1941 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا



ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىـ
دىن 10 كىشىلىك تەشۋىقات - ئويۇن قويۇش دۈيى تەشكىلـ
لەپ ۋە بۇلار بىلەن بىللە ھارۋىدا يېزىمۇ يېزا يۈرۈپ،
قىرىق نەچچە كۈن تەشۋىق قىلىپ، ئويۇن قويۇپ، گېرمان
فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىـ
يىسىگە ئىئانە توپلاش دولقۇنى قوزغىۋەتكەن. دېمەك،
يولداش شىۋى لياڭنىڭ 2 - 3 يىللىق خىزمىتى جەريانىدا
مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، تەشۋىق - تەربىيە
ئىشلىرىدا بارلىققا كەلگەن يۈكسىلىش، جۇشقۇن - كۆتۈرەڭگۈ
روھلۇق ۋەزىيەت 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى
كۈندىمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن يولداش شىۋى لياڭنىڭ ئوبرازى
بىلەن بىللە سېغىنىشلىق ھېسسىيات ئىچىدە ئەسلەنمەكتە.

## ۋاپاغا جاپا

يولداش شىۋى لياڭ پارتىيىمىزنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىنجاڭغا
كەلگەندىن كېيىن، كوممۇنىستلاردا بولۇشقا تېگىشلىك قەيـ
سەر روھ ۋە ئالىي خىسلەتنى جارى قىلدۇرۇپ، جاپا - مۇشەقـ
قەتكە چىداپ، خەلق بەختى ئۈچۈن ئۈچمەس خىزمەت كۆرسەتـ
كەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلغارلىق نىقابىغا ئورۇنۇۋېلىپ كوممۇنىستـ
لار بىلەن ئىلغار زاتلارنى بىرمەزگىل ئالدىغان، يوشۇرۇن
خەنجەر ساقلىغان ھىلىگەر مىلىتارىست شېڭ شىسەي ۋاپاغا
جاپا قىلدى؛ سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى جىددىيلەشكەندىن
كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈـ
رۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كوممۇنىستلىك

پارتىيىگە يېقىنلىشىش چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى.
1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جۇڭگو
كوممۇنىستلىرىنى تۈركۈمگە بۆلۈپ قولغا ئېلىشنى باشلىدى.
ئالدى بىلەن يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتار-
لىق يولداشلارنى قولغا ئالدى، ئاندىن كېيىن باشقا ۋىلايەت،
ناھىيىلەردە ئىشلەۋاتقان يولداشلارنىڭ ھەممىسىنى
ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ ئايرىپ تۈرمىگە تاشلىدى. يولداش
شۇي لياڭمۇ مەكتەپتىن ئايرىلدى. ئۇقۇشمىزچە، يولداش
شۇي لياڭ ئۈرۈمچىگە قايتىش بۇيرۇقى چۈشۈشتىن ئىلگى-
رىرەك قەشقەرگە چاقىرتىلغان، قەشقەردە ئەكسىيەتچىلەر-
نىڭ سۈيىقەستى بىلەن ماشىنىغا سوقتۇرۇلۇپ، زەخمىلەن-
گەن؛ 43 - يىلىنىڭ باشلىرىدا مەكتەپكە يېنىپ كەلگەندە،
تالا - تۈزگە ھاسا تاياق بىلەن چىقالىغان. شىڭ شىسەينىڭ
ئۈرۈمچىگە قايتىش بۇيرۇقى كەلگەندىن كېيىن، ناھىيى-
لىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش شۇي لياڭنىڭ
قېشىغا كىرىپ، ساندۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ پېچەتلىگەن، شۇن-
دىن كېيىن يولداش شۇي لياڭ يەنىلا ئاشۇ دەسلەپ ئېلىپ
كەلگەن ئىككى ساندۇقى بىلەن ھارۋا كىرا قىلىپ كەتكەن،
ئۈرۈمچىگە ھارۋا بىلەن يېتىپ بارغان... بۇنىڭدىن يولداش
شۇي لياڭنىڭ نام - مەنپەئەتكە بېرىلمەي، كوممۇنىستىك پار-
تىيىنىڭ شان - شەرىپىگە داغ تەككۈزمەي، ساپ دىل، پاك
ئىستىل بىلەن ئىشلەپ، ھەقىقىي بىر كوممۇنىستنىڭ
ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.



* * *

تارىخ ئالغا ئىلگىرىلىدى، ئەھۋال زور دەرىجىدە
ئۆزگەردى! تۈن كېتىپ قۇياش پارلاپ، يورۇقلۇق زۇلمەتنىڭ
ئورنىنى باستى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جاپا - مۇشەق-
قەتلىك كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى ئارقىسىدا ئۇلۇغ
ۋەتىنىمىز، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ قىياپىتى تۈپتىن يېڭىلاندى.
شىنجاڭ ئازاد بولۇپ 35 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە سوتسىيا-
لىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى تارىخىي ئەھمىيەتلىك
ئۇزۇن سەپەر مۇسابىقىسىغا قاتناشماقتىمىز. بۇنىڭ غەلىبىسىگە
كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش،
ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلماقتا. مۇشۇ پەيتتە يولداش
شۇي لياڭنىڭ پىداكارلىق روھى، ئالىيجاناب خىسلىتىنى
ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىز پايدىسىز بولماس، ئەلۋەتتە.

# مائارىپپەرۋەر مەرھۇم بەكرى قارىنىڭ مائارىپ پائالىيەتلىرىدىن ئەسلىمە

غوپۇر ياقۇپى

30 ـ يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە غەيرىتى بىلەن زامانىۋى مەدەنىي ـ مائارىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ھەممە جايلاردا پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇ دولقۇن شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقىغا جايلاشقان، ئاساسەن چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن ھايات كۆچۈرۈۋدىغان، شەھەر تۇرمۇشى بىلەن ئانچە ئالاقىلىشىپ كەتمەيدىغان، تىل جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس مەھەللىي شىۋىسى بىلەن سۆزلىشىدىغان لوپنۇر خەلقى ئارىسىغىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى نادان خەلقلەرمۇ ئىلىم-مەرىپەت بۇلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا، دۇنياغا كۆز ئېچىشقا باشلىدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدە ناھىيە مەركىزىدىن 162 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بىر قەدەر ئاۋات تىكەنلىك دېگەن يۇرت بار. بۇ يەردە ئاساسەن يەرلىك لوپنۇر خەلقى بىلەن



تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن خەلقلەر ياشايدۇ، بۇ رايوندا ئەسلىدە بىرەر پەننىي ياكى دىنىي مەكتەپنىڭ يوقلۇقى پۈتۈن خەلقنىڭ تولۇپ ئارزۇسىغا زىت ئىدى. شۇڭا 1925 ـ يىلى يەرلىك خەلقنىڭ تەكلىپى بويىچە تۇرپانلىق بەكرى قارى تۆمۈر ھاجى ئوغلى (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى يولداش جۇنەيد بەكرىنىڭ دادىسى) تىكەنلىككە يۆتكىلىپ كېلىدۇ. بۇ كىشى پىچان ناھىيە تۇيۇقتا (1879 ـــ 1952) ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، تۇيۇقتىكى ھەمدۇللا قارى ھاجىمنىڭ مۇدەررىسلىكىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئون يىل ئوقۇپ، ئەرەبچە، پارسچىنى پىششىق ئىگەللىگەن، شۇنىڭدەك 30 پارە قۇرئاننى مۇكاممەل يادىغا ئالغان بولۇپ، شۇڭا «قارى» دەپ ئاتالغان. بۇ مەرىپەتپەرۋەر كىشى بۇ جايغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن تىكەنلىك بازار جامەسىدە خاتىپلىق قىلىش بىلەن بىر دىنىي مەكتەپ قۇرۇپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، بۇ مەكتەپتە دىنىي دەرسنى (قىرائەتنى) ئاساس قىلىپ ئىملا ۋە ھۆسنخەت ئوقۇتۇش بىلەن بالىلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ، پەننىي دەرسنى ئوقۇشقا ئاساس سالىدۇ. 1930 ـ يىللىرى بىر تۈركۈم قارىلار يېتىشىپ چىقىش بىلەن جەمئىيەتتىكى پۈتۈن خەلقنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 70 ـ 80 گە يېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بەكرى قارىم يالغۇزچىلىق تارتقانلىقتىن ئۆزى ئوقۇتۇپ يېتىشتۈرۈپ چىققان شاگىرتلىرىدىن بىر نەچچىسىنى (سۇلايمان قارىم، داۋۇت تىيىپ ... قاتارلىقلار، بۇلار ھازىر لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ بىرلىكسەپ ساھەسىدىكى پېش-

قەدەم زاتلار يولۇپ خىزمەت قىلماقتا) ۋە ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن زامانىۋى تەربىيە كۆرۈپ بۇ رايونغا تەجارەت بىلەن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەردىن ئابدۇقادىر ئوسمان، ئىبراھىم زاھىروپ قاتارلىقلارنى قوشۇمچە دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغان. بۇ كىشىلەر ئوقۇغۇچىلارغا زامانىۋى پەندىن دەرس ئۆتۈش بىلەن تاتارچە، تۈركچە شېئىرلارنى ئۆگەتكەن. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىغان بەكرى قارىم كورلىغا كېلىپ ئوقۇتقۇچى ئىزدەپ ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان كېرىم ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىپ تىكەنلىككە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ كىشى ئىلگىرى كۇچادا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىكەن، بۇ كىشى تىكەنلىككە كېلىپ، تەبىئەت، جوغراپىيە، ھېساب، تەنھەرىكەت قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتىدۇ. بۇ كىشى رەسىم سىزىشقىمۇ ئۇستا ئىدى. قارا دوسكىغا بىر تال بور بىلەن يەر شارىنىڭ يۇمىلاق شەكلىنى شۇنداق سىزاتتىكى، گويا بىر چىنىنى دۇم كۆمۈرۈپ قويغاندەك بىر چەمبەر شەكلىدىكى دۈپ-دۈگىلەك دائىرە دوسكىدا پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ ئىچىگە تاغ-دەريالارنى چىقىراتتى. نۇرغۇن بالىلارمۇ يەر خەرىتىسىنى ئەنە شۇنداق سىزىشنى ئۆگىنىۋالغان. كېرىم ئەپەندى ياغاچ مىلتىق بىلەن بالىلارنى مەشىق قىلدۇراتتى، بۇنىڭدا تۈركچە «ئىلەرى ئەرشى»، «ساغادۇن»، «سالادۇن»، «ئارتقا بۇرۇل»، «ئورۇندا تۇر» دېگەندەك تۈركچە كامانىدا بېرىلەتتى. شۇنىڭدەك ئېگىزلىككە سەكرەش، يىراققا سەكرەش، يۈگۈرۈش قاتارلىق مەشىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلەتتى.

مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردە ھەربىي قوماندان بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە بەكرى قارىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان-



لىقىنى ئاڭلاپ تەقدىرنامە ئەۋەتكەندىن تاشقىرى، بەكرى قارىنى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مائارىپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەپ بىر بۆلۈم دەرسلىك كىتابلار ئەۋەتىدۇ (ئەينى زاماندا بۇ تەقدىرنامە ۋە بۇيرۇق ئەينەك جازىغا ئېلىنىپ، بەكرى قارىمنىڭ ئۆيىدە ساقلانغانىدى). بۇنىڭدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالغان بەكرى قارىم ئۆزى تۇرغان تىكەنلىك رايونىدا مەدەنىي-مائارىپنى تېخىمۇ ياخشى تۇتۇشقا تىرىشىپ، تىكەنلىك بازار ئىچىدىكى خانىقا ئىچىگە بىر زامانىۋى مەكتەپ بىناسىنى سالدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىمالال دەرس ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، بۇ رايونغا تەۋە ئۈلۈغكۆل، كورلەك، ئويمانكۆل، كۆكئالا، چاپقان مەھەللە، شىڭدى (قۇرۇقتاغ) قاتارلىق كەنتلەردىمۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلارنى تىزىملاپ مەكتەپ قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدۇ. يىراقتىن تىكەنلىك بازار مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، بەكرى قارىم ئۆزىنىڭ ئۈچ ئېغىز ئۆيىنى تەييارلاپ ئوقۇغۇچىلارغا ياتاق قىلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق، تەمىنات مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى.

1934 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلىدۇ. جۈملىدىن تىكەنلىك رايونىدىمۇ تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ بەكرى قارىم رەئىسلىككە بەلگىلىنىدۇ. بۇ رايوندا مەدەنىي-مائارىپ ۋە سەنئەت تېخىمۇ جانلىنىپ باشلانغۇچ مائارىپ يولغا قويۇلۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ئومۇميۈزلۈك تىزىملىنىپ مەجبۇرىي مەكتەپكە ئې-

لىنىغان، ھەتتا مەكتەپ يىرىق يېزىدا يىراق ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان باللارمۇ مەكتەپ قويىنىغا كىرىشتىن سىرت، يېـشى 15 ـ 20 گە بېرىپ قالغان باللارنىمۇ مەجبۇرىي يىغىپ كېلىپ 1 ـ سىنىپتىن باشـلاپ ئوقۇتـقانىدى. باللارنى مـەكتەپكـە بېرىشكە ئۇنىمىغان، مەكتەپتىن قاچقانلارغا چارە كۆرۈلەتـتـى. شۇنداق قىلىپ بۇ رايوندا باشلانغۇچ مائارىپ ئـۇمۇملىشىپ 8 جايدا 13 سىنىپلىق 7 مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوغۇل ـ قىزلاردىـن 345 نەپەر بالا مەكتەپ قويىنىغا كىرگـەنـىدى. تىكـەنلىـك رايونىدىكى قوزغىتىلغان بۇ مائارىپ دولقـۇنـى ناھىيـىنىـڭ باشقا ھەممە رايونلىرىغا كۈچلۈك تەسىر قـوزغىغانـىدى. تىـ كەنلىك رايونى بويىچە 8 مەكتەپ قۇرۇلۇپ، بۇنىڭـد ـىن بىر مەكتەپنى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ، 7 مەكتەپ تار ـ ماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانلىقتىن بۇ مـەكـ تەپلەر ئۈچۈن مەخسۇس بىنا سېلىشقا، كونسايىن كـۆپىيىۋاتـ قان ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشى تەلىم ـ تەربىيە بېـرىـش ئۈچۈن بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەرلىك بـولـۇشىغا، بـۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىـ لىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن پېشقەدەم ئۇستاز بەكرى قارىـم بۇنىڭدا ئىككىلەنمەستىن مەسىلىلەرنى بىرمۇ بىر ھەل قىلىشـ قا كىرىشتى. ناھىيە بىلەن بىر قاتار مـۇناسىۋەتلىشىپ ھەم ئۆزى ئىزدىنىپ يۈرۈپ كورلىدىن ھۇشۇر ئەپەندىنى (سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيە ئالغان كىشى) تەكلىپ قىلىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇردى. ۋاڭ خۇا دېگەن كىشىنى خەنـ زۇچە دەرس بېرىشكـە تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنـ لاشتۇردى. بۇلار بىلەن ماسلىشىپ دەرس پـروگـراممىلىرىغا



تۈزىتىمىش كىرگۈزۈلۈپ مەكتەپتە يېڭىلىق ۋەزىيەت يارىتىلدى. دەرسلىككە لاتىنچە، رۇسچە، خەنزۇچە تىل، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ئاناتىلى، ھېساب، رەسىم قاتارلىق دەرسلەر كىرگۈزۈلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيەت مەشقلىرى تېخىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. بىر ـ ئىككى يۈز ئوقۇغۇچىلار تىزىلىپ رەتلىك ھالدا دۇمباق (باراban) چېلىپ، چىرايلىق شېئىر ئوقۇپ ماڭغاندا خەلق ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋە ئوقۇغان شېئىر ـ لىرىنى ئاڭلاپ، ئىشلىرىنى تاشلاپ قىزىقىپ كۆرۈپ روھلىـ ناتتى، مەكتەپكە كىرمىگەن ئۆسمۈرلەر ئۆزلۈكىدىن مـەكتەپكە كىرىشكە، مەكتەپتـە ئوقۇشقا قىزىقاتتى. بۇ چاغدا يەنە ئوقۇ ـ غۇچىلاردىن تەركىب تاپقان سانايى نەپىسە قۇرۇلۇپ تـىيا ـ تىر ئىشلىرىمۇ جانلىنىپ كەتتى، بېلەتلىك ئويۇن قويـۇلۇپ چۈشكەن دارامەت مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىـى ئـۈچـۈن سـەرپ قىلىناتتى، بۇ ئويۇننىڭ دەسلەپىدە پەردە ئـېـچىلىـپلا بىر بۆلەك ئوقۇغۇچىلار چەبدەسلىك بىلەن سەھنىگـە چىقىپ، ئـو ـ مۇمى خور ئورۇنلايتتى. ئۇ خورنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

بىز چىققۇق سىلەرنىڭ ئالدىڭلىغا،
كەمبەغەل بوزەكلەر ئىچىدىن.
ھازىر سىلەرگە سۆزلەپ بېرىمىز،
تۇرمۇشىمىزنىڭ تەرەپلىرىدىن.
بىز ھاجىم ① يولىدا ماڭماقچى،
ئازادلىققا ئىشىك ئاچقۇچى.
زالىملارنىڭ يىلتىزلىرىنى،
پەن بازغىنى بىلەن ئۇۋاتقۇچى.

---

① خوجىنىياز ھاجىنى دېمەكچى.

بۇ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار، «ئىشچىلار تۇرمۇشىدىن، دېھقانلار تۇرمۇشىدىن، ئاياللار تۇرمۇشىدىن، ياشلار تۇرمۇشىدىن» دەپ ئاۋاز بېرىپ قول كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ھەربىر تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئىككىنچى قەدەمدە دېكلاماتسىيىنى كوللېكتىپ ھالدا ئوقۇيتتى:

ھەي جانلىق گېزىتچى چاپسان بول،
چاپسان يىغىل بۇ يەرگە.
جانلىق گېزىتنىڭ پايدىسىنى،
ئوچۇق سۆزلەپ بېرىشكە.

يوقسۇللارنىڭ ھەرىكىتىنى.
ھەر زامان جانلاندۇرىمىز.
دەردلەنگەن يۈرەكلەرنى،
ئوقۇش بىلەن ئاچىمىز.

بۇ دېكلاماتسىيە كوللېكتىپ ھالدا ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ئويۇن باشلىناتتى. بۇچاغدا يەنە تۇنجى قېتىم فېئوداللىق ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، يۈزىنى ئاچقان «زەينەپخان» دېگەن ئىنلغار ئاياللارنى مەدھىيىلەيدىغان كومېدىيىمۇ قويۇلغان. بۇنىڭدا:

ھەي زەينەپخان كۆردۈڭمۇ،
بۇ ئاخىرقى ئازادلىق.



ئوقۇغۇچىلار ئامان بولسا،
قولىمىزدىن بەرمەيمىز .........»

دېگەن غەزەل يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇلاتتى. بۇ چاغدا قويۇلىدىغان ئويۇن ۋە كونسېرتلارنىڭ مەزمۇنى، پۈتۈنلەي ئەزگۈچىلەرگە نەپرەت ئوقۇش ۋە نادانلىق، خۇراپاتلىقنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى پاش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

مەسىلەن: خۇراپاتلىقنى سۆكۈدىغان «ئاجايىپ ئۆلۈم» ۋە ساۋاتسىزلىقنى سۆكۈدىغان «سۆلەتۋازلىق» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ قويۇلىدىغان ئويۇنلار خەلققە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن خەلق قىزىقىپ كۆرەتتى. ھەر ئايدا تۆت نۆۋەت قويۇلىدىغان بۇ ئويۇن ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش ھەققىدە جانلىق تەشۋىق قىلىناتتى.

1937 ـ يىللىرىغا كەلگەندە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ، بىلىم سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئېشىپ تېخىمۇ بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغان بەكرى قارىم، ناھىيىگە بېرىپ ناھىيىنىڭ ھاكىمى جېلىلوپقا (تاشكەنتتە ئوقۇغان كىشى) ئەھۋالنى ئەينەن دوكلات قىلىش بىلەن جېلىلوپنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇرۇمچى سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ھېيىت ئەپەندى، ئابلا خەلپەت ھاجى، مۇھەممەتنىياز سايىت، مەتىمىن خۇدابەردى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ئىلگىرى ـ ئاخىرى يۆتكەپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلار خىللاشتى. بۇلار ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىدە ئوقۇغان ھەرخىل پەنگە ئائىت لېكسىيىلەرنى ئەينەن دەرس ئۆتەتتى.

ئۆز ئانا تىلىدا ئۆتۈلگەن بۇ دەرسلەرنى ئوقۇغۇچىلار بىمالال قوبۇل قىلاتتى، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن دىنىي ساۋاتىنىمۇ، پەننىي ساۋاتىنىمۇ، خەنزۇچىنىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە بىلىدىغان بىر تۈركۈم خادىملار يېتىشىپ چىقتى ۋە يۇقىرى مەكتەپلەرگە لاياقەتلىك كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار يېتىشىپ ئۈرۈمچىگە ۋە ۋىلايەت مەركىزى قاراشەھەرگە بېرىپ يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىپ تۇردى. دېمەك بەكرى قارىم تىكەنلىك رايونى مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا تەشكىلاتچىلىق ۋە تايانچىلىق رولىنى ياخشى ئوينىغانىدى. ئوقۇتقۇچىلارنى تولىمۇ قەدىرلەيتتى. ئوقۇتقۇچىلارغا تەربىيە بېرىپ، ساپ دىل، توغرا ۋىجدان، ئەدەب-قائىدىلىك بالا تەربىيىلەشكە چاقىراتتى. مەن شۇ يىللاردا تىكەنلىك تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتىم. مەن مەسئۇل بولغان سىنىپتا 25 ياشلاردىكى ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، مەن بۇنىڭغا نارازىلىق قىلىپ دەرس ئۆتمەيمەن، دېگەن تەلەپنى قويغانىدىم، لېكىن بەكرى قارىمنىڭ نارازىلىق پىكرىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «ئەي جان-قېرىندىشىم، ئۇلارنىڭ قانچە ياشقا بېرىپ كېتىشىدىن كارىڭىز بولمىسۇن، ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي، چوڭ بولغان ھالىدىمۇ بىلىم ئالىمەن، ئۆگىنىمەن دەپ مەكتەپكە كەلگەنىكەن، بىز ئۇنىڭ ئەشۇ ئۆگىنىش روھىنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. بىز ئۇلارنى قارغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، كۆزىنى ئېچىشىمىز كېرەك...» دەپ تەربىيە بېرىپ، مېنى قايىل قىلغانلىقى ھازىرقىدەك ئېسىمدە.



تىكەنلىك تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەھبەرلىكى چوڭلار مائارىپىنىمۇ چىڭ تۇتقانىدى. رايون بويىچە يەتتە جايدا سەككىز سىنىپ كەچكۈرسىنى تەستىقلاپ، 263 كىشىنى كەچكۈرسىغا قوبۇل قىلىپ، 1937-يىلىدىن 1938-يىلىغىچىلىك 187 كىشىنى ساۋاتلىق، 76 كىشىنى چالا ساۋات قىلىپ چىقارغان. بۇ ئىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئوقۇتقۇچىلار تەقدىرلىنىپ، روھىغا ئىلھام، مەدەت بېرىلگەن. 1937-يىللىرى تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاپپاراتى يەتتە نەپەر كىشى بىلەن تولۇقلىنىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى كۈچەيتىلىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ئۆشرە-زاكاتلار تولۇق يىغىۋېلىنغان. 37-يىلى 100 مىڭ جىڭدىن 150 مىڭ جىڭغىچە ئاشلىق، 500-600 تۇياق قوي يىغىلغان. ئۇيۇشما بۇ جۇغلانمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەھبەرلىكىدە سودا-تىجارەت ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، تىكەنلىك بويىچە چوڭ بىر دۇكان ئېچىلىپ، دۇكانغا تۈرلۈك ماللار ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش بويۇملىرى، ئوقۇغۇچىلارغا كېرەكلىك قېرىنداش، تىترات قەغەز ... قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىكى يەتتە نەپەر كادىر مەكتەپلەردىكى 13 نەپەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى تەخىرسىز تارقىتىلىپ، خىزمەت، تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىنىپ، خىزمەت ئۈنۈمى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

1934-يىلدىن 1939-يىلغىچە مەكتەپلەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئىشخانىلىرى ئۈچۈن ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىنىپ، خەلقنىڭ كۈچى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۈچۈن بازار ئىچىدە ئىشخانا،

مەجلىسخانا، ياتاق، مەكتەپلەر ئۈچۈن يەتتە جايدا سەككىز
سىنىپ بىنا سېلىنغان، بۇنىڭ كۆلىمى 578 كۋادرات-
مېتىر كېلىدۇ. بەكرى قارى، تۆمۈر ھاجى ئەينى
ۋاقىتلاردا تىكەنلىك رايونى مائارىپىنىڭ كۈچلۈك
تەشەببۇسكارى ۋە تەرغىباتچىسى بولۇش بىلەن ئۆزىنىڭ ئىقت-
تىدارىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى مەكتەپ قۇرۇش ئارقىلىق خەلق-
نى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشىدا قەيسەرلىك بىلەن ئىش-
لەپ، دۇچ كەلگەن تۈرلۈك توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ تىكەن-
لىكنىڭ مائارىپىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، يوقلۇقتىن بارلىققا،
كىچىكلىكتىن زورايتىشقا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، يېڭى
ئەۋلادلارنىڭ يېتىشىپ چىقىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان
كۈچلەرنى تەربىيىلەشتە ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.
بەكرى قارىنىڭ تەربىيىسىنى سىڭدۈرگەن ۋە ھازىرقى جەم-
ئىيىتىمىزدە ئىشلەۋاتقانلاردىن ئىنىستىتۇت، تېخنىكوملاردا
ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك
ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىقتىدارلىق كادىرلىرىمىز ئاز
ئەمەس.

مەسىلەن: ئۇتۇق نىياز (ناھىيىلىك پارتكومنىڭ
بىرىنچى شۇجىسى)، قادىر بارات (ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتى-
يى دائىمىي كومىتېت مۇدىرى)، ئوسمان قادىر (دائىمىي
كومىتېت مۇئاۋىن مۇدىرى)، جۈنەيد بەكرى، ئابدۇرېھىم نىياز
قاتارلىقلار (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە) ھەم
ئابلىمەت راخمان (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇتقۇچى)، ئىمىن
غازى (مىللىي كىلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش كومىتېتىدە).
مۇھەممەت سىيىت، مۇھەممەت شېرىپ، ئوسمان ئىمىن (مائارىپ



نەشرىياتىدا)، ھاپىز ئىمىن (تىببىي مەكتەپ مۇدىرى) بۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايون، ئوبلاست ۋە ناھىيىلەردە
ئىشلەۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. بەكرى قارىنىڭ مائارىپقا قوشقان
زور تۆھپىسىنى ۋە ئۇنىڭ قەيسەر روھىنى ئەسلەپ بۇ ئەسلە-
مىنى يازدىم. ئۇستازلار، يولداشلارنىڭ كەم قالغان جايلىرىنى
تولۇقلىشىنى ۋە تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىمەن.

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى يولداش غوپۇر ياقۇپ لوپنۇر
ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان. ھازىر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش-
نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ).

# يەكەندە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپ مەتلەئىل ئىرپان ھەققىدە ئەسلىمە

مۇھەممەد ئابدۇللا

مۇھەممەد ئابدۇللاخان خوجا يەكەندە بىر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئوقۇش ۋاقتى يەكەن ۋە قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇغان. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يەكەنگە يېنىپ كېلىپ، ئورداكۆل مەدرىسىسى ۋە جامە يېنىدىكى يېشىل مەدرىسلەردە مۇدەررىس بولۇپ تالىپلارغا دەرس ئۆگەتكەن. 1929 - يىللاردا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن مىسىر، تۈركىيە، پاكىستان، ھىندىستان، كەشمىر قاتارلىق دۆلەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇ جايلارنىڭ ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ ۋەتەننى، خەلقنى يېڭى ئىلىم - پەن بىلەن قۇتقۇزۇشقا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللامدىن ئالغان بىلىم ۋە ئۇستازىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئىل-



ھامىي ۋە چەت دۆلەتلەردە كۆرگەن ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن يەكەندىمۇ بىر ئوقۇغۇچى دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرسە 20 - 30 يىل دوگما ھالدا يادلاش بىلەن ئۆمرى ئۆتۈدىغان، خەلقنىڭ ئېھتىياجى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالمايدىغان كونا ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك ماتېرىيال قاتارلىق تەرەپلەردە خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىدىن چىقىدىغان، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشقان يېڭى بىر ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىغان يېڭى بىر مەكتەپ قۇرۇپ چىقىش ئىرادىسىگە كەلگەن. 1930 - يىللارغا كەلگەندە دىنىي جەھەتتە نوپۇزى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن① ھەم خوتەن ئەمىرى شاھ مەنسۇرنىڭ قوللىشى بىلەن 1933 - يىلى باھاردا شەھەر ئىچىدىكى مانجۇكۆل بېشىدىكى گۈيسۇن ئىمىن بەگنىڭ باغ ھويلىسىدا بىر مەكتەپ ئېچىپ مەكتەپكە «مەتلەئىل ئىرپان» (ئىرپاننىڭ تۇغۇلۇش ئورنى) دەپ نام بەرگەن. بۇ مەكتەپ يەكەندە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان ئەسرىي مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەكتەپ قۇرۇلۇپ ئوقۇغۇچىلار تۇنجى قېتىم قارا دوسكا ئورنىتىلغان، خەرىتە ئېسىلغان ئۆيلەردە پارتىدا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاشقا باشلىدى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر جۇغراپىيە، ئىسلام تارىخى، قىرائەت، تەجۋىد، ھېساب، ئىملا (ھۆسنىخەت)، غەزەل، تەنتەربىيە دەرسلىرىدىن ئىبارەت ئىدى، دەرسنىڭ ئانا تىلىدا بولۇشى، مېتودنىڭ بىر قەدەر يېڭى بولۇشى ئوقۇغۇچىلارغا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىغا مۇم-

① دىنىي جەھەتتىكى نوپۇزىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى — شۇ چاغدا مۇفتى بولغان.

كىنچىلىك بېرەتتى. مەكتەپ يېڭى ئېچىلغاندا 6 سىنىپ، 240
نەپەر ئەتراپىدا ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىرى: گەرچە
هاجى مۇھەممەد ئابدۇللاخان خوجا، ئابدۇكېرىمخان مەخدۇم،
ئۆمەر ئېلى داموللا قاتارلىق روھانىي تەبىقىدىن كېلىپ چىققان
كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز زامانىسىغا كۆرە ئۆزىدىن
ئاۋۋالقىلارغا نىسبەتەن تەرەققىيپەرۋەر ئويغانغان كىشىلەردىن
ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن (لوندون دا-
شۆنى پۈتتۈرگەن) غۇلام ھۈسەيىن خانغا ئوخشاش بىلىملىك
كىشىلەرمۇ بار ئىدى. مەكتەپنىڭ، مەتلەئىل ئىرپان (مەكتەپ
مۇبارىكىسى) دېگەن ۋىۋىسكىسى بولۇپ ئەمىر ئەسكەرلىرىدىن
كىشى كېلىپ دائىم دەرۋازىدا كۆزەتتە تۇراتتى. مەكتەپ شۇ يو-
سۇندا ئۆز تەلىم-تەربىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا 1933-
يىلى ماخۇسەن قەشقەردىن خوتەنگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ يە-
كەنگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن مەتلەئىل ئىرپان بىر مەزگىل تا-
قىلىپ قالدى. ئەمما ماخۇسەن قاغىلىقتا ئۆلتۈپ كېتىپ يەكەنگە
مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوشۇنلىرى ئورۇنلاشقان ھامان (1934-
يىلى) مەتلەئىل ئىرپان يەنە ئېچىلدى. لېكىن بۇ قېتىم جۇۋىچى
كۆل بېشىدىكى مەدرىسىدە ئېچىلدى. بۇ قېتىم مەھمۇد مۇھىتىنىڭ
تەرغىباتى ۋە ئۇنىڭ ھەربىي قىسىملىرىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا
بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىر نەچچە يىل ئىچىدە 1500
نەپەردىن ئېشىپ كەتتى. بىر قانچە جايلاردا بۇ مەكتەپنىڭ شۆ-
بىلىرى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ نامىغا قاراپ
شۆبە مەكتەپلەر: «كېرىمە»، «مەھمۇدىيە»، «ئەنبىيە» دەپ ئا-
تالدى. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن كونا ئەنئەنىلەرنى مۇ-
قەددەس دەپ بىلىپ، يېڭى مەكتەپ ئېچىشقا قارشى تۇرغۇچى



كىشىلەر (مۇتەئەسسىپ ئاخۇنلار، جاھىل سوپىلار، بەزى ھەسەت-
خورلار) قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قول-
لىنىپ يېڭىلىققا قارشى تەشۋىق تارقىتىپ، مۇھەممەد ئابدۇللاخان
خوجىنى جەدىت دەپ پىتنە-ئىغۋا تارقاتتى. يەنە بىر تە-
رەپتىن شۇ زاماندىكى جاھانگىرلار يەكەندە (شىۋىت دوختۇرخا-
نىسىغا) ئوخشاش ئورۇنلارنى قۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق بىر قىسىم
يەرلىك بايلار (ساۋۇت باي شىۋىت دەپ ئاتالغان ساۋۇت ئا-
خۇن بايغا ئوخشاش شىۋىت كونسۇلخانىسىغا باغلانغان) بايلار
ۋە مۇتەئەسسىپلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ
خەلقىمىزنى كونا ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ يېڭىلىققا قارشى
تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ نادانلىق، غەپلەت، قاراڭغۇلۇقتا قال-
دۇرماقچى بولدى.

شۇ چاغدا ۋەتەنپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىما زات ھاجى
مۇھەممەد ئابدۇللاخان خوجا ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە
قويۇلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى نوپۇزى ۋە مائا-
رىپتىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپتىن مۇتەئەسسىپ جا-
ھىل كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جاھان-
گىرلارنىڭ خەلقىمىزنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، قېنىنى شوراش
مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلىشقا تو-
سقۇنلۇق قىلىشتەك ياۋۇز نىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلدى. مۇ-
ھەممەد ئابدۇللاخان خوجا گەرچە ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ خىز-
مىتىنى ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، داۋاملىق مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇ-
غۇچىلارغا قىرائەت، ھۆسنىخەت، غەزەل، دەرسلىرىنى بېرەتتى.
غەزەل دەرسىدە مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەر ۋە چەتكە باغلانغان
بايلارنى پاش قىلىپ مۇنداق شېئىر يازغان:

ئىمىن قارى، تۇديا ھەم ئابدۇلمەجىت،
ئىسھاق قارى، داموللا سەيدۇللابەت،
ئۇلارنىڭ باشلىقى ساۋۇت باي شۇنت،
قالغان شەيخ سوپىلار ئەۋلادى يېزىت.

يەنە خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن «يېتىپ كەلدى بوگۈن بىزگە ئەجەب دەۋرانى ھۆررىيەت» دېگەن شېئىرنى يازغان. ياش ئەۋلادلارنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ:

بىزنى ئۆستۈرگەن ئۇلۇغ جۇڭخوا ۋەتەن،
ئارقىدا قالغان ئاتالار نادان.
ياش ئەۋلادلاردۇرمىز تىنماي ئوقۇيمىز،
ئۆيقا ھارامدۇر بىزگە بۇ زامان.

دېگەن شېئىرنى يېزىپ ئۆزى كۆيگە (ئاھاڭغا) سېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتكەن. بۇ ناخشىلار شۇ چاغلاردا كەڭرى ئوقۇلغان.

1937 - يىلى شىڭ شىسەي ئۇرۇمچىدە خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق بىر قانچە كىشىلەرنى قولغا ئالدى. بۇ ۋەقە شىنجاڭدا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى. قەشقەردە تۇرۇۋاتقان مەھمۇد مۇھىتى چەتكە قاچتى، مەھمۇد مۇھىتىگە سادىق بولغان كۆچلەر ئابدۇنىيازنىڭ باشچىلىقىدا خوتەندىكى ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلاڭ قىلدى. لېكىن بۇلارنىڭ قوزغىلىڭى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. پۈتۈن شىنجاڭ شىڭ شىسەينىڭ قولىغا ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي دەھشەتلىك تېرورلۇق يۈرگۈزۈپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى يوشۇرۇنچە ئۆلتۈردى ۋە ئاشكارا تۇتقۇن قىل-



دى. مەتلەئىل ئىرپاننىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ھاجى مۇھەممەد، ئابدۇللاخان خوجا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىقلار شىڭ شىسەينىڭ قولىدا شېھىت بولدى. غۇلام مۇيىدىنخان، مۇھەممەد ئىمىن ئىسلامى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار چەتكە قېچىپ، باشقا يۇرتقا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىلىم - مەرىپەت چىرىغى بولغان «مەتلەئىل ئىرپان» مەكتىپىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ خانىۋەيران بولۇپ تاقالدى. يەكەن خەلقى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا قالغاندا قەلبىگە بىلىم يورۇقىنى چاچقان ئۆز ئانا مەكتىپى مەتلەئىل ئىرپاننى ئەبەدىي ئۇنتۇمايدۇ. مائارىپ يولىدا دەسلەپكى شانلىق، ئېغىر قەدەمنى بېسىپ ئەجرى سىڭدۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوغۇللىرىنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايدۇ.

# ئاقسۇ كونىشەھەر مائارىپ تەزكىرىسى

ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

تەھرىردىن:

يولداش ئابدۇراخمان مامۇت دىيارىنىڭ بۇ تەزكىرىسى جەمئىي 183 بەتلىك مائارىپ تارىخىغا دائىر ئومۇمىي تەزكىرە بولۇپ، بۇنىڭدا ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ 15 يىللىق (1934 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە) مائارىپ تارىخى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ھازىرچە بۇ تەزكىرىنىڭ ئۈچ ماۋزۇسىنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ كۆرۈشىگە ھەدىيە قىلدۇق.

## پەنگە يۈرۈش مارشى ۋە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

1911 ـ يىلىدىكى «شىنخەي ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تەل ـ تۆكۈس ئورۇنلىيالمىسىمۇ، لېكىن فېئودالىزمنىڭ 2000 يىللىق ئاسارىتى ۋە كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. بۇ ئىنقىلابنىڭ تەسىرىدە 1913 ـ يىلى تۆمۈر خەلپە



باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ ـ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

1919 ـ يىلى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بىيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى قوزغالغان «4 ـ ماي ھەرىكىتى» پارتلاپ، «شىنخەي ئىنقىلابى» دىن كېيىنكى فېئودالىزمغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن بىر چوڭ ئىنقىلاب بولدى. بۇ ئىنقىلاب يېڭى دېموكراتىك خاراكتېردە بولۇپ، جۇڭگودا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىدىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن شارائىت ھازىرلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قانات يايغان يەر ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ 1931 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىق قىلغان دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى پارتلاپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئارمىيە قوماندانى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شېڭ شىسەي قۇمۇل ۋە تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە چېكىندى. خوجىنىياز ھاجىم خۇيزۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچى ئەتراپىدا غەلىبە قىلىپ تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولدى. خوجىنىياز ھاجىم مەرىپەتنى قوللاپ، جاھالەتكە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. پەننىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىلدى. خوجىنىيازھاجى قۇمۇلدا كۆتۈرۈلگەن يىلى مەتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) ئاتۇشتا مەكتەپ ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق مارشنى يېزىپ ئۆگەتكەندى:

## ئوقۇغۇچىلار مارشى

نۇرلاندۇردى يۇرتلىرىمىزنى قۇمۇلدىن كۈن تۇغۇپ،
مەھۋە بولدى ئورۇلۇپ، ئورۇلۇپ، ئورۇلۇپ.

كۆپ زامانلاردىن بېرى بىز ئېزىلگەن خەلق ئىدۇق،
ئەيلىدى بىزلەرنى ئازاد سىدىقى بىلەن قوزغىلىپ،
قوزغىلىپ.
ئەي ئاتا غازى ئاتا، خوجىنىيازھاجى مىڭ ياشا،
غەيرىتىڭ بىلەن بىز بۈگۈن ئەسىرى مەكتەپتە ئوقۇيمىز.
قىز، ئوغۇللار بىر بولۇپ، بىر بولۇپ، بىر بولۇپ......

1933 - يىلى شېڭشىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن خەلقنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ۋاقىتلىق نىقاپلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئالتە سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1 - جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش. 2 - سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، 3 - مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش، 4 - خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، 5 - تىنچلىقنى ساقلاش، 6 - شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش.

شېڭ شىسەي يۇقىرقى سىياسەتلىرى ئارقىلىق خەلق كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ۋەكىللەرنىڭ پەننىي مەكتەپ ئېچىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئاھېيىلەردە تەرەققىيپەرۋەرلەر ھاكىم بولدى.

دېمەك قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسىدە مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى يول ئېچىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن مەكتەپ قۇرۇشقا يەتكىدەك ئىقتىساد يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى جايلاردا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ئۇيۇشما ئۆشرە، زاكات، قۇربانلىق قوي تېرىلىرى، مەسچىت، مازار، مەدرىس، كۆۋرۈك ۋەخپىلىرىنى ئۆزىگە كىرىم قىلىپ، ئىقتىسادىي



مەنبەگە ئىگە بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر، ئۆلىمالار، چارۋىچىلار ۋە ھەر كەسىپتىكى بايلار ئىئانە توپلاپ ئۇيۇشمىنى ئىقتىسادىي كۆچكە ئىگە قىلدى. 1934 - يىلى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. كاتتا سودىگەر ۋە چارۋىدار باي ئابدۇساتتار ھاجىمنىڭ ئوغلى ئابدۇلھېيت ھاجىم ئەۋقاپ (ئۆشرە - زاكات يىغىپ باشقۇرىدىغان ئورۇن) مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى ۋە ئۇيۇشما رەئىسى بولدى. قادىر قۇززات ئاخۇنۇم قاتارلىق بەش كىشىلىك مەكتەپ سېلىش ھەيئىتى تەشكىللەندى.

شېڭ شىسەينىڭ «شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش» سىياسىتى ھەر تەرەپلىمە مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، دىنىي خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» سىياسىتى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىم، مەرىپەتكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلدى. شۇڭا شېڭ دۇبەن 1935 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۈچ قارار ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى چىقىرىپ ئوقۇتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ كونىشەھەردىن ئابدۇكېرىم ئارىپوپ، ھاشىم ئاخۇنجانوپ، ئىبراھىم ئىدرىسوپ، مەۋلانجان تۇردى، تەۋەككۇل ئۇلۇغوپ، قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى ئۇرۇمچىدىكى ئۆلكىلىك سىياسىي قانۇن مەكتىپى، دارىلمۇئەللىمىن، مەدەنىي كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى، ساقچى مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى سوۋېتتە ئوقۇغان زىيالىلاردىن تولۇقلانغاندىن كېيىن، يۇقىرقى مەكتەپلەرگە ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئولىياروپ (ئابدىغوپۇر ئوبۇلقاسىم مۇبارەكشا)، رىشىدوپ، چاۋاروپ، ئوبۇلقاسىم ھېكىموپ، قاسىم ئاخۇنجانوپ، ئۆمەر ئابدۇل-

لايۇپ، ھەمراخان غۇپۇر، ھاۋا ھاشىم، خەلچەم تۇردى، مۇھەممەتجان ساۋۇتۇپ، بور جىنكى، سامىترە مايۇر، سەيدۋاققاس، نىياز قارى، دۇيشەلىيىك، ئۇسەنقارى، ئۇمۇر، سابىربىك، ھەسەنئالى، نۇردۆلەت... قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ ھەر قايسى مەكتەپلىرىدىن تاللىنىپ ئەۋەتىلدى.

شىڭ دۇبەننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئورغۇنلىغان ئۆزبېك، تاتار زىيالىلىرى ئۆزلىرى بىلەن بىر قانچە ئوقۇغۇچىلار مارشىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ مارشلار تىرىشىپ بىلىم ئىگەللەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، نادانلىقنىڭ زىيانلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغانىدى.

مەسىلەن:

نەچچە يىلدىن بېرى،
نادانلىقنىڭ دەردى.
يۇرت ماكانلارنى،
ۋەيرانە قىلدى.

مارش! مارش! يۈرەيلى ئاداش،
غەپلەتتە ياتما، ئەمدى كۆزۈڭ ئاچ!

خەلقىم يۈر ئەمدى،
مەكتەپ ئاچايلى.
نادانلىقلارغا،
قارشى تۇرايلى.



مارش! مارش! يۈرەيلى ئاداش،
غەپلەتتە ياتما، ئەمدى كۆزۈڭ ئاچ!

× × ×

قوپ، قان قېرىنداش بىر ئەتراپىڭغا باق،
باق! نە كۆرەرسەن ئويلاغىل ئۇزاق.
دەرسۇ ئىبرەتلەر كېلۇر بۇ جاھاندىن،
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق.
بىر، ئىككى، ئۈچ بىرلىكتىدۇر كۈچ!

ئۇلار نە ئىلمى ھېكمەت بىلەن يۈر،
سىنەلەرىدە ھىممەت بىلەن يۈر.
پەردە، ھاۋادا، سۇدا ئۈزەيۈرلەر،
جۈملە جاھاننى يۇتماق ئىستە يۈر.
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتىدۇر كۈچ!

ئەنە شۇنداق مارشلارنى ئاقسۇغا ئېلىپ كەلگەن ئىلىم مەرىپەت چولپانلىرى ئۆزبېكلەردىن: مەتتىمىن قارى ھاجىم (سوپىزادە)، مۇسا داموللام. تاتارلاردىن: ئەھمەد پەرىد ئابباس شاۋالى، قىرغىزلاردىن: مۇسرالى موللام ...... قاتارلىقلاردۇر.

**مەتتىمىن قارى ھاجىم سوپىزادە**

مەشھۇر پېداگوگ، خەتتات، شائىر ۋە كومپوزىتور مەمەتتىمىن قارى ھاجىم 1886 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگان

شەھەرى مەھزۇپ مەھەللىسىدە ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى سوپىزادە شۇ زاماننىڭ ئىلغار پىكىرلىك تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. بۇ زات ئوغلى مەمتىمىننى ئۆزى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ئەقىل-پاراسەت ۋە شىجائەتنى بايقاپ، يۇقىرى ئىلىمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا بىللە ئاپىرىپ ھەج تاۋاپ قىلدۇرۇپ، ئۈچ يىل شۇ يەردە ئوقۇتقان، ئاندىن كېيىن مىسىردىكى ۋە تۈركىيىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا يەنە ئۈچ يىلدىن ئوقۇتقان. پەن ۋە دىنىي ئىلىمدا يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغاندا، دادىسى بىلەن 1926 - يىلى قەشقەرگە كەلگەن ۋە مەكتەپ ئاچقان. 1928 - يىلى ئاتۇشقا كېلىپ، ئوكۇبىرىقتىن ئۆيلىنىپ، شۇ يەردە مەكتەپ ئاچقان. 1932 - يىلى ئاقسۇدىكى تەرەققىيپەرۋەر دوتەي (ۋالى) نىياز شىرىپى ۋە باشقا تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىما ۋە سودىگەر - مۆتىۋەرلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولغان. 1944 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى قۇرۇپ مۇدىر بولغان. شۇ جەرياندا «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق گېزىت چىقىرىپ، گېزىتچىلىكنىڭ ئاساسىنى ياراتقان. 1935 - يىلىدىن 1936 - يىلىغىچە ئاقسۇ كونىشەھەردە تۇرۇپ، سادىق ئاخۇنۇم، يۇنۇس دارىن (ھاكىم)، ئابلىمىت ھاجىم، قادىر قۇززات قاتارلىق ئىلمىي سىپالار ۋە ئۆلىمالارنى يىغىپ تەشكىللەپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغانىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيۇشمىنىڭ رولىنى جارى قىلىپ دارىلئېيتام، دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا باشلامچىلىق قىلدى. ئىلغار پىكىرلىك ۋە تەدبىرلىك مەمتىمىن



قارى ھاجىم يېڭىدىن قۇرۇلغان مەكتەپلەرگە يېڭىدىن يېڭى ئىلمىي ئاتالغۇلارنى نام قىلغانىدى. مەسىلەن: دارىلئېيتامنى «مەكتىپى شەپقەت»، «مەكتىپى سادىقىيە» نى «تۇران سادىقىيە»، «مەكتىپى يۇنۇسىيە» نى «ۋەتەن يۇنۇسىيە» ئاجىرىقتىكى مەكتەپنى «مەكتىپى ئوغۇزخان»، تۇمشۇق مەكتەپنى «مەكتىپى يېڭى يول»، چاغراق مەكتەپنى «چولپان مەكتىپى»، «مەكتىپى ئىسمائىلىيە» نى «تۆمۈرغازى ئاتا» قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئاتالغۇلاردىن مەلۇمكى، مەمتىمىن قارى ھاجىمنىڭ نەزىرىدە بىپايان زېمىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەجدادلارنى ئەسلەش، ئىنسانپەرۋەرلىك، يېڭى يول بىلەن جاھالەت ئاسمىنىنى يورۇتۇش ئورۇن ئالغانىدى. مەمتىمىن قارى ھاجىم ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ مەھدى، تەۋپىق، زەۋقى، شەۋقى، ئىرپان دېگەندەك مەنالىق ئىسىملارنى قويغانىدى. تاڭ قاراڭغۇلۇقىغا چولپاندەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان سوپىزادىنى (مەمتىمىن قارى ھاجىمنى) شېڭ شىسەي «شىنجاڭ گېزىتى» گە يۆتكەش نىقابى بىلەن 1936 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىدى. 1937 - يىلى مەخپىي ئۆلتۈرۈپ، مىللىي مائارىپقا زەھەرخەندىلىك قىلدى. ئوغلىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان سوپىزادە ھاجىم: «... جاھالەت ئاسمىنىغا چىراق بولۇپ يانسۇن، دەپ سېنى 500 سەر ئالتۇن بىلەن ئوقۇتقانىدىم بالام ... ئىلىم خۇمارلىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغۇچى بۇلاق بولۇپ ئېتىلىپ تۇرغان ۋاقتىڭدا، قاراڭغۇ تۈنگە چىراق بولۇپ يېنىۋاتقان ۋاقتىڭدا سەندىن ئايرىلدۇق بالام ......» دەپ پەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئوغلىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنىدى.

## ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇئەسسەسىپ كۈچلەر بىلەن بولغان كۆرەشلىرى

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئاقسۇ كونىشەھەردە بىر قانچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاز ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنى ھىمايە قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەكسىچە پەننىي مەكتەپلەرنى چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرۈپ، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش غەرىزىدىكى قاباھەتلىك كۈچلەرمۇ بار ئىدى. مۇنداق جاھىل كۈچلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇراتتى. پەننىي مەكتەپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى كۆرەش ئاخىرىسىدا ئەمەلىي كۆرەشكە ئايلاندى. مەسىلەن: تۇمشۇقتا ئابدۇرېھىم ھەۋسەيىنى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سايىت ھاجىم قاتارلىق بىر قىسىم روھانىي ئۇنسۇرلار (فېئودالىزمنىڭ يېزىلاردىكى مۇرتىلىرى) ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ماجىرا تۇغۇلدى. سايىت ھاجىم ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىدىن ئىغۋا تارقىتىپ، جامائەتكە مۇنداق دەيدۇ: «پۇقرالار ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەپەندىلەردە ئىمان يوق. دەرھەقىقەتەن ئۆزىدىن كاپىردۇر. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى مۇسۇلمانچىلىققا توغرا كەلمەيدۇ. بېشىغا سىپكىلەك قويىدۇ يۈزىنى چىلەكپىگىزدە يۇيىدۇ، ناماز ئوقۇمايدۇ. باللىرىڭلارنى بۇلارغا بەرسەڭلار بالا چوڭ قىلغانىنىڭ ساۋابىنى كۆرمەيسىلەر...». سايىت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ قول چوماقلىرىنىڭ ئىغۋاسىغا ئىشەنگەن بىر قىسىم ساددا ئادەملەر باللىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، كونا مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار نارازى بولۇپ سايىت ھاجىم بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. مۇنازىرىدە يېڭىلگەن سايىت ھاجىم



دوغىلارغا بۇيرۇق بېرىپ بىر ئوقۇتقۇچىنى دەرەخكە ئېسىپ ئۇردۇرىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن يېشى چوڭ ئوقۇغۇچىلار سايىت ھاجىمنى مەكتەپكە سۆرەپ ئەكىلىپ كالتەكلەپ ئىنتىقام ئالىدۇ، كېيىن بۇ جېدەلنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئادەم بېرىپ ھەل قىلىدۇ.

1936 ـ يىلى جايتوغراق مەكتەپتە مەكتەپ ۋەكىلى ئىمىن مىراپ دېگەن ئەمەلدار بارات ھاپىز ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىغا تېرەك دەرياسىنىڭ ئالۋىڭىنى قويىدۇ (بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىچىكى 15 ياش، چوڭى 30 ياش ئىدى). بۇ ئوقۇغۇچى مىراپقا يالۋۇرۇپ، مەكتەپتىن قالماسلىق تەلىپىنى قويىدۇ. مىراپ: «ھاشاغا بارىسەن!» دەپ ئوقۇغۇچىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. بارات ھاپىز ھاشاغا بارماي مەكتەپكە كېتىدۇ. ئىمىن مىراپ بۇ ئوقۇغۇچىنى سوتلاپ، قاتتىق ئۇرىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى مىركېرەم ئەيسا مىراپنىڭ يولسىزلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، 150 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ، چوڭلىرى پىيادە، كىچىكلىرى ھارۋا بىلەن ئىككى كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ، شەھەرگە كېلىپ ھۆكۈمەت ئىدارىسى ئالدىدا «ئوقۇغۇچىنى ئۇرغان مىراپنى جازالاپ بەرسۇن! ئەمەلدارلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى بوزەك قىلىشىغا يول قويمايمىز!» دەپ شوئار توۋلاپ، نامايىش قىلىدۇ. نەتىجىدە شۇ ۋاقىتتىكى تەرەققىيپەرۋەر ھاكىم يۇ دارىن (يۇنۇس ئاخۇن) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلاردىن ئەپۇ سورايدۇ. مىركېرەم ئەيساغا چاي تۇتۇپ تەسەللى بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياتاق ۋە تاماقلىرىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ئىمىن مىراپنى 15 كۈن سولاپ جاۋابكارلىققا تارتىپ، ئەمەل ۋەزىپىلىرىدىن

قالدۇرىدۇ. مىركېرەم ئەيسا ئوقۇغۇچىسى بارات ھاپىزنىڭ ئىنتىقامىنى يېتەرلىك ئېلىپ، ئەمەلدارلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

1942 - يىلى چاغراقتىكى مەتنىياز مىراپ (قاڭشا مىراپ) يولسىزلىق بىلەن مەكتەپنىڭ يېرىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ، زورلۇق قىلىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى، مەرۇپ ئېلى، ئوقۇغۇچىسى ئابدۇۋايىت راخمانلار مەتنىياز مىراپقا تەربىيە بېرىدۇ. لېكىن مەتنىياز مىراپ ئەمەلگە ئىشىنىپ، مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ھاقارەتلەيدۇ. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئولىيارۇپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ چاغراققا بارىدۇ. مىراپنى ئىشخانىدا سولاپ ئەدەپلەيدۇ. ئاخىرىدا ئارالنىڭ نوپۇزلۇق شاكىيۇشى توختى شاكىيۇ ناماقۇل بولۇپ، قاڭشا مىراپ ئۇچۇن چاي قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەگ، بوجاڭ، مىراپ قاتارلىق ئەمەلدارلار ئوقۇتقۇچىلار ئالدىدا يۇۋاش بولغانىدى.

ھەر قايسى مەكتەپلەردە بۇنداق ھەرىكەتلەر ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ دەككىسى بېرىلىپ تۇردى. مائارىپنىڭ نۇرلۇق چىرىقى جاھالەت ئاسمىنىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇردى. مائارىپنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى - جاھىل ئۇنسۇرلار بىلەن بولغان كۈرەش تارىخىدۇر. بىز ئەنە شۇنداق مائارىپقا سادىق پېشقەدەملىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمىز.



# باي ناھىيىسىدە يەڭنىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

باي ناھىيىسى ئىسمى - جىسمىغا لايىق باي رايون. ئۇ ئىنسانىيەتكە كېرەكلىك ھەممە بايلىققا كۆمۈلۈپ ياتقان ھەم ھاياتلىقنىڭ بارلىق لازىمەتلىكلىرىگە لىق تولغان مول ھوسۇللۇق سېخى زېمىن بولۇپ، يەر ئاستى مەدەن بايلىقى بىلەن يەر ئۈستى تەبىئىي بايلىقى ھەم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شىنجاڭغا داڭلىق باي ماكان.

بۇ رايوننىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي شىمالدا كۇچا ۋە قارا شەھەر بىلەن، شىمالدا تېكەس، موڭغۇلكۈرە ھەم مەشھۇر خانتەڭرى چوققىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى ئاقسۇ بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى توقسۇ (شىڭخا) ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي مېرىدىيان 40°. 42°. 44° گىرادۇسقا، شىمالىي پاراللېل 84. 82. 80 گە توغرا كېلىدۇ.

باي ناھىيىسى ئەسلىدىنلا مۇنبەت، گۈزەل، كۆركەم بىر زېمىن، بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي

گەۋدە قىلغان ھالدا قىرغىزلار، قازاقلار، خۇيزۇلار ۋە خەنزۇلاردىن ئىبارەت بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتىنىڭ كەڭ - كۇشادىلىكى بىلەن ھەيۋەتلىك تەڭرى تاغلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان مۇزات، قاپىسلاڭ، تەلۋۇچۇك ۋە قارا سۇ دەريالىرىنىڭ شەربەت سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

باي ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى مۇستەبىت فېئودال كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغانىدى. 1911 - يىلدىكى سۈن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك خاراكتېرىدىكى شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى چېگرا رايون شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا 1913 - يىلى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. 1919 - يىلى يېڭى دېموكراتىزم خاراكتېرىنى ئالغان «4 - ماي» ھەرىكىتى پارتلاپ فېئوداлизم كۈچلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بۇ ئىنقىلاب نەتىجىسىدە كەڭ قانات يايغان يەر ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ، 1931 - يىلى 3 - ئايدا قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىق قىلغان دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى پارتلاپ، مۇتەئەسسىپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتتى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوشۇنلىرى كونسايىن كۆچىيىپ، شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى غايەت زور ئاممىۋى كۆچكە ئايلىنىپ قالدى. ئارقىدىنلا بۇ ئىنقىلابنىڭ تەسىرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇب، شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە كېڭىيىپ، ئېزىلگەن،



خارلانغان ۋە ھاقارەتلەنگەن كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ۋە ھەقىقىي ياردىمىگە ئېرىشتى. جۈملىدىن بۇ دېموكراتىك، خەلقچىللىق ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى باي ناھىيىسىگىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇ ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگىمۇ، دىنىي ئىسكەنجىلەر دەرگاھىغىمۇ، فېئودال تەييارتاپلار قەسىرىگىمۇ قارىتىلغان غەزەپلىك يالقۇنغا ئايلاندى. كەڭ دېھقانلار ئاممىسى مۇشۇ ئىسيان تۇغىنى مەشئەل قىلغان بىپايان دالا گۈلخانلىرى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. ئېزىلگەن، ھاقارەتلەنگەن نامرات دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر، خانىۋەيران بولغان يوقسۇللار، ئاچ - يالىڭاچ قىساسكارلار، سەرگەردان كۆچمەنلەرنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا بىلدۈرگەن بۇ نەپرىتى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە يول ئېچىلدى. شۇ قاتاردا مىللىي مائارىپ ۋە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا زېمىن ھازىرلىنىپ، بىلىملىك زاتلارنىڭ مەكتەپ ئېچىپ خەلقىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مۇھتاج بولدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنلىرىدا سودا قىلىۋاتقان خەلقپەرۋەر سودىگەرلەر ۋە ئىلىم - مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئۇ جايلاردىكى زىيالىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ ھەر قايسى جايلاردا مەكتەپ ئاچتى.

1933 - يىلى تەختكە چىققان شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ پەننىي مەكتەپ ئېچىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» پرىنسىپى بويىچە سوۋېت

ئىستىپاقىنىڭ ئىلىم، مەرىپەتكە كۆڭۈل بۆلگەنلىك تەرىپىنى ئۈگىنىشكە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن 1935 - يىلىدىن باشلاپ سوۋېت ئىستىپاقىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قارارلىق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوقۇشقا چىقاردى. شۇ قاتاردا باي ناھىيىسىدىن ئابدۇللا داۋۇتوپ قاتارلىقلار ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنىدى.

1933 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ مەرىپەتنى قوللاپ، ئىلىم سۆيەر زاتلارنى كۆككە كۆتەرگەن ھاكىمى مۇسا زۇنگەيىنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىپ تۇتۇشى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يېڭى پەننىي مەكتەپلەر تەسىس قىلىنىپ، ھەر قايسى يېزا - قىشلاقلاردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ بىر مەزگىل دەرس (خەنزۇچە، ئۇيغۇر ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق دەرسلەر) ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە بىر قىسىم جاھىل ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مىللىي مائارىپنى ئانا بۆشۈكىدە تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشى تۈپەيلىدىن ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان پەننىي ئىلىم مەكتەپلىرى تارقىتىۋېتىلگەن. شۇ قاتاردا ئوقۇتقۇچىلار جازالىنىپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي باي ناھىيىسىدە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۆشرە، زاكات ۋە ۋەخپىلەردىن توپلانغان ئىقتىساد بىلەن قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىغا ھۇل سالدى. يەنە بىر تەرەپتىن تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر، ئۆلىمالار، چارۋىدارلار، يەر



ئىگىلىرى ۋە ھەر كەسىپتىكى بايلار ئىئانە توپلاپ ئۇيۇشمىنى ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە قىلدى. 1934 - يىلى ياز ئايلىرىدا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەن توختى تۇردى، روزى ئىبراھىم، سوپى كامىل ۋە ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار باي ناھىيىسىگە كېلىپ پەننىي مەكتەپ ئېچىپ دەرس باشلىغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ تارىخشۇناس ئالىم موللا مۇسا سايرامىغا ئوخشاش ئالىم - ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان بىر قىسىم دىنىي مەكتەپ، مەدرىسىلەر بىلەن كېيىن قۇرۇلغان شۆتاك مەكتەپلىرى بار ئىدى. شۆتاكدا ئوقۇيدىغانلار ئاساسەن خەنزۇچە ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، ئاش - تاماقلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىنى شىيەنجېڭفۇدىن (ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن) تەمىنلەيتتى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرسە «تۇڭچى» دەپ ئاتىلىپ، قورچاق ساقچى ئىدارىسىگە ۋە بىر قىسىم تەرجىمان لازىم قىلىدىغان ئىدارىلەرگە بېرىپ ئىشلەيتتى.

1934 - يىللىرىدا مەرىپەتپەرۋەر ھاكىم مۇسا زۇنگەي بىلەن ئۇيۇشما رەئىسى بىرلىكتە ئاقسۇغا بېرىپ ئۇ يەردە دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن يەنە بىر قىسىم ياشلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرغان. باي ناھىيىسىدىكى ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدىكى شۆتاك مەكتىپىنىڭ يېنىدىن مەكتەپ سېلىشقا يەر ئاجرىتىپ، 5 سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرغان. بۇ مەكتەپتە ئاقسۇدا ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار 4 سىنىپلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ دەرس باشلىغان، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى دەسلەپكى قەدەمدە 120 دىن كۆپرەك بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىككى سائەت دىنىي دەرس، قالغان ۋاقىتتا پەننىي دەرس ئوقۇيتتى. 1 - يىللىقلارغا ئېلىپبە

ۋە ھېساب (تۆت ئەمەل) ئۆتۈلەتتى. 2 ـ يىللىقلارغا ئۇيغۇر ئانا
تىلى، ئەرەب تىلى، تارىخ، جۇغراپىيە، فىزىكا، شېئىر، نەنتەر ـ
بىيە دەرسلىرى ئۆتۈلەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى
دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولغاچقا ئاساسەن ساۋاتلىق ئىدى.

1935 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بازار ئىچىدە يەنە
ئىككى ئۈرۈندا مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا
شۇ ۋاقىتتا بايدىكى ۋەتەنپەرۋەر باي سىجاڭ دېگەن قارىباغلىق
بىر ھەربىي ئادەم ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقارغانىدى. ئىقتىسادىي
جەھەتلەردىمۇ خېلى كۆپ ياردەملەرنى قىلغان. بۇ مەكتەپ ـ
نىڭ بىرسىگە شۇ ۋاقىتتا بايدا مەشھۇر سانىلىدىغان سوپى كا ـ
مىل دېگەن كىشى مۇدىر بولغان بولۇپ، ئىككى سىنىپلىق ئو ـ
قۇغۇچىسى بار ئىدى. يەنە بىر مەكتەپ باي بازار يېنىدىكى
ۋەخپە يەردىن پايدىلىنىپ سېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا باي با ـ
زار ئىچى ۋە يىراق ـ يېقىن يېزىلاردىكى ئاتا ـ ئانىسى يوق يې ـ
تىم ـ يېسىرلارنى يىغىپ ئوقۇتاتتى. ئۇلارنىڭ بارلىق تەمىناتى
ۋەخپە يەرلەر ۋە ۋەخپە ئۆيلەردىن توپلانغان ئىقتىساد بىلەن
تەمىنلىنەتتى. 1933 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىللارغىچە بولغان ئارى ـ
لىقتا ئومۇمەن ھەممە مەكتەپلەردە ئوخشاشلا پارتا ۋە ئورۇندۇق ـ
لار بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلار يەردە رەتلىك تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ
دەرس ئاڭلايتتى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەنلىكـ
تىن ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر سىنىپقا جەم بولۇپ
دەرس ئاڭلايتتى. ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى
ئېغىر ئىدى. ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلارمۇ قوشۇمچە دەرس بېرەتتى.
1935 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باي بازار ئىچىدىكى پەننىي
مەكتەپتە ئوقۇغان ئون نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچى (بۇلار 25 ياش ـ



تىن 18 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېشى چوڭراق ئوقۇغۇچى ـ
لار ئىدى) ئاقسۇغا بېرىپ ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندىكى تۈركىيە ـ
لىك ئوقۇتقۇچى مەدىۋىن بەگ، سۇپىران ۋە ئەخمەت پەرىد قا ـ
تارلىقلارنىڭ قولىدا بىر مەزگىل ئوقۇپ، پېداگوگىكا بىلىمى ـ
نى ئاشۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مەكتەپ ئورنى،
باغ، سەھنە، گۈللۈك قاتارلىقلارنى پىلانلاپ، يېڭىچە پەننىي مەك ـ
تەپلەرنىڭ ھەقىقىي گۈزەل بىلىم يۇرتىغا ئايلىنىشىغا ئاساس
سالدى. مەكتەپلەر پىلان بويىچە سېلىنىپ، بىر يۈرۈش ئوقۇتۇش
ئەسلىھەلىرى ۋە يېڭى پارتا ـ ئورۇندۇقلار ياسىتىلدى. نەتىجىدە
1936 ـ يىلىغا كەلگەندە باي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يېڭىچە پەن ـ
نىي باشلانغۇچ مەكتەپ 20 دىن ئاشتى. ئوقۇغۇچى 500، ئو ـ
قۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 70 تىن كۆپرەككە يەتتى. شۇ
يىلى مەرھۇم ۋەتەنپەرۋەر ئوت يۈرەك شائىر ئارمىيە ئېلى دا ـ
موللام (نىم شېھىت) سايرامدا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ،
تۇنجى قېتىم يېزا باشلانغۇچ پەننىي مائارىپىنى بەرپا قىلدى.
پېشقەدەم مائارىپچى، خەلقپەرۋەر ئوت يۈرەك شائىر بىر تەرەپ ـ
تىن دەرس تەييارلاپ يېزا ياشلىرىنىڭ كۆزىنى ئاچسا، يەنە بىر
تەرەپتىن كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئىلھام بېرىپ دۇنيادىكى ئى ـ
لىم ـ مەرىپەت نەتىجىسىدە قولغا كېلىۋاتقان يېڭىلىقلاردىن خە ـ
ۋەردار قىلىپ تۇردى. ئاخشاملىرى دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىگە بې ـ
رىپ ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش بى ـ
لەن بىللە كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن
تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنغا باي، گۈزەل مىسرالارنى ئۇلارغا خىتاب
قىلغانىدى:

## ئىلىم ئۆگەن

ئىككى دۇنيادا سائادەت ئىزلىسەڭ ئۆگەن ئىلىم،
بۇ دۇنيادا تاپقانىڭنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن ئىلىم.

ئىلىمدە تەڭ بولمىغاندىن ھۆرمىتىگە باقمايىن —
يېڭىلىپ قالدى خىزىرنىڭ ئالدىدا مۇسا كېلىم.

دۇنيادا بىلىملىك بولماقنى ئەگەردە قىلساڭ تىلەك،
ئۆگىنىشنى تاشلىما، ئاقاردى دەپ «چاچ - ساقىلىم».

گەر جەھەننەمدىن ھەزەر قىلماقچى بولساڭ بار ئوقى!
مەرىپەتلىك بولغان ئادەمنىڭ بولۇر قەلبى سەلىم.

ئىلمۇ - ئىرپان باغچىسىدا يايرىغىن باغۋەن بولۇپ،
ئۆيۈلۈپ غەپلەتتە ئېيتما سەن: «قېتىپ قالدى تىلىم».

سەن بۇ دۇنيادا نادانلىقتىن ھىدايەت تاپمىساڭ،
«ئاخىرەتتە قۇتقۇزار» دەپ ئويلىما «تاپقان مېلىم».

بولما مەغرۇر ئالتە كۈنلۈك دۆلىتىڭگە ئىلىمسىز،
بىر كۈن ئايرىلساڭ بولۇر ھالىڭ سېنىڭ تۈزسىز شىلىم.

مەرىپەتنىڭ تۇخۇمىدىن بولسا دىلىڭدا زەررىچە،
ھەر قەيەرگە بارساڭ ئىقبالغا چىقار بارلىق ئىلىم.



..................................................

..................................................

ئوقۇشنى سۆيۈپ چىن قەلبى بىلەن بارچە گۆدەكلەر،
جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىگە يارى - يۆلەكلەر،
تاڭ ئەتە كېلىپ مەكتەپ ئىچىدە چەرخى - پەلەكلەر،
ھۆرمەت سىلەرگە ياخشى ئوقۇڭ، ئەي ئالىي تىلەكلەر.

..................................................

خەلقىمنى دېسەڭ، ئۆگىنىشكە راسا باغلا بېلىڭنى،
ئۆگىنىش چېغىدا باشقىغا بۇرىما جانۇ - دىلىڭنى،
خىزمەت يۈزىدە رازى قىلماق بولساڭ ئېلىڭنى،
مەكتەپ ئىشىغا دائىم بولغىن پايى - پىيادە كەلەر.①

..................................................

پېشقەدەم مائارىپچى ئارمىيە ئېلى سايرامى بىلىم ئىز-لەپ قەشقەردىكى ئاتاقلىق جامە «خانلىق مەدرىس» كە ئوقۇشقا باردۇ ۋە 1933 - يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىك ھەم تەرەپبازلىق ئۇرۇشىدا يارىلىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باينىڭ چەت - ياقا تاغلىق رايونى بولغان قېيىردا پەننىي مەك-تەپ ئېچىپ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، دىلىنى يورۇ-تۇشقا باشلايدۇ.

مەرھۇمنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش يولىدىكى روھى ۋە كەڭ جامائەتچىلىككە بولغان كۈچلۈك تەسىرى باي ناھىيىسىنىڭ بىپايان يېزا - قىشلاقلىرىغا تارقىلىپ كۆپلىگەن ياش - ئۆسمۈرلەر پەننىي بىلىم ئىگەللەش ئۈچۈن كىرىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن 1930 - يىلىدىن 1936 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مەكتەپ پۈت-

① نىم شېھىتنىڭ «يۈرەك سۆزى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

تۇرگەن يەنە بىر قىسىم ياشلار ھەر قايسى يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، ئۇ جايلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ھەيئىتىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن مەكتەپ ئېچىپ، يېڭىچە ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە باشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى باي پەننىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ بارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ھەر يىلى ئىمتىھان ئېلىنىپ بىر قەدەر مۇستەھكەم مەكتەپ تۈزۈمى يۈرگۈزۈلىدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن لاياقەتلىك ئۆتۈپ ئوقۇتقۇچى بولۇشقا سالاھىيىتى توشقانلار يېزىلارغا بېرىپ يېڭىچە ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئانا مەكتىپى بىلەن خوشلىشىش ۋە ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تۆۋەندىكى ناخشىنى توۋلىشاتتى:

مۇئەللىم بىز يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچۇرمىز،
مىللەتنىڭ باشىغا نۇرلار چاچۇرمىز.
ماڭغان يولىمىز بىزلەرنىڭ سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭى ئاچىلغان قىپ - قىزىل گۈلى.

..........................................................

ئىنشائالла بۇزۇلماس ياشار، مىڭ ياشار،
يۇرتىمىزدا مەكتەپلەرنىڭ ئاچىلغان گۈلى.

..........................................................

يېڭى ئوقۇتقۇچى بولغان ياشلار يۇقىرقى ناخشىنى ئوقۇشۇپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققاندا، مەكتەپ ئالدىغا كېلىپ توپلىشىپ قالىدىغان ھەر قايسى تەبىقىدىكى ئىلىم سۆيەر مەرپەتخۇمارلار ئۇلارغا يېزىلاردا تېخىمۇ كۆپرەك مەكتەپ ئېچىپ



ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىشنى تەۋسىيە قىلىشاتتى. شۇ ۋاقىتتا بايدا مەشھۇر سانىلىدىغان پېشقەدەم مائارىپچىلاردىن نىياز بەگ، بىلال بەگ، ئەيسا بەگ، تۇردى بەگ، مەمتىمىن بەگ ۋە خۇاڭ باۋسەنلەر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ يېڭىچە ياشلارنى تەربىيىلەپ چىقىرىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشاتتى.

1937 - يىلىغا كەلگەندە باي ناھىيىسى تەۋەسىدە 29 ئورۇندا باشلانغۇچ پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، 1300 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرى مەكتەپ قوينىغا كىرگەن. ئوقۇتقۇچىسى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرى بولۇپ جەمئىي 100 دىن ئاشقان. بۇ چاغلاردا باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مەرھۇم ساۋۇت داموللا ھاجى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، يەنە بىر قانچە جايغا مەكتەپ سالدۇرغان، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىدىن چىقىم قىلدۇرۇپ، زۆرۈر لازىم بولغان ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ۋە كىتاب ماتېرىياللىرىنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، پەننىي مائارىپنىڭ باي تەۋەسىدە ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تۆھپە قوشقان. شۇ چاغدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خەلقتىن يىغقان ئۆشرە - زاكاتلىرىدىنى ۋە ۋەخپە يەرلەردىن يىغىۋېلىنغان ئاشلىقلارنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى ئىقتىسادتا ئارقىدا تۇرىدىغان يېزا - كەنتلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئۇنى مەكتەپ خىراجىتى ئۈچۈن چىقىم قىلىشقا دەۋەت قىلغان. نەتىجىدە 29 ئورۇندىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى يېڭىدىن سېلىنىپ، پەننىي مائارىپ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلىنىپ قىز-غىنلىقى ئاشقان. ستىنىپ سانى كۆپىيىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ئورۇندۇق - پارتىلار تولۇقلاپ بېرىلگەن. ئومۇمەن 1937 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا باي ناھىيىسىدىكى پەننىي مائارىپ ئوقۇش ئىشلىرى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كۆزى ئېچىلىشقا باشلىغان، ھەتتا 2 - ستىنىپنى پۈتتۈرۈپ-لا زامانغا لايىق بولغان خېلى ياخشى شېئىر، ھېكايە يازىدىغان يازغۇچى، شائىرلامۇ يېتىشىپ چىققانىدى.

لېكىن شۇنىمۇ ئەسلەپ ئۆتۈش لازىمكى، باي ناھىيىسىدە يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان پەننىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ھەمىشە ئوڭۇشلۇق بولمىدى. ئۇ ئۆز تەرەققىياتىدا كۈچلۈك قارشىلىقلارغا ۋە تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ تۇردى. شۇ ۋاقىتتىكى باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋەتەن-پەرۋەر مائارىپچى ساۋۇت داموللام ھاجىم شىڭ شىسەي ھاكىمى-يىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. شۇندىن كېيىنلا مىللىي مائارىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەكلىنىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بىۋا-ستە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچىلار تۈرلۈك ئۇسۇلدا زەربىگە ئۇچرىدى. لېكىن باي تەۋەسىدىكى پېشقەدەم مائارىپچى-لار تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تىز پۈكمەي ئۆز كەسپىنى جارى قىلدۇرۇپ، باشلانغۇچ پەننىي مەكتەپ ۋە پۈتكۈل مىللىي مائارىپنىڭ نورمال تەرەققىياتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقانىدى. مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بىلىمسىز، نادان ھالەتتە قېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋاللىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن باي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى داڭدار سودىگەر، مەرىپەتچى-



لەر، يەر ئىگىلىرى ۋە چارۋىدارلار ھەم قول ھۈنەرۋەن، تىجارەت-چىلەر بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چىداپ تۇرالماي ئازدۇر - كۆپتۇر ئىئانە توپلىشىپ، مىللىي مائارىپ ئۈچۈن ئۆز نېسىۋىسىنى قوشقان.

1940 - يىللارغا كەلگەندە 4 ئورۇندىكى ئاساسلىق مەك-تەپلەر، يەنى شەھەر ئوغۇللار مەكتەپ 4 ستىنىپ، ئوقۇغۇچىسى 120 نەپەر، شەھەر قىزلار مەكتەپ 4 ستىنىپ، ئوقۇغۇچىسى 110 نەپەر، سايرام مەكتەپ 3 ستىنىپ، ئوقۇغۇچىسى 95 نەپەر، تىزەكقاغا مەكتەپ 2 ستىنىپ، ئوقۇغۇچىسى 63 نەپەر بولۇپ، ئۇلار ئىككى يىل ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىراق - يېقىندىكى يېزا - كەنتلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتكەن. شۇندىن كېيىنلا يېزىلاردىكى باشلانغۇچ پەننىي مەكتەپلەر كۆپىيىپ، مەكتەپ قوينىغا كىرىدىغان ئوقۇغۇچى-لارنىڭ سانى يىلمۇ يىل ئېشىپ بارغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە قىيىر، قىزىل، بۇغان، سايرام، توخسۇن، ياتۇر، يۇلغۇن ياقا، كانچى، قازانچى، مازاغۇجام، مىرچىخ، قۇشتېمى، بەشتېرەك، تاختا، داۋانچى، ئارىچات، ئارشۇ، ياققائېرىق شاختۇر، ئاقگۇمبەز، ئىلقىچى، ئاق بۇلۇڭ، ئالتە گۇمبەز، چاقچى، ئومباش جىگدىلىك، كېۋەزلىك، تۈزبېشى مازار، چامغۇرلۇق قاتارلىق جايلاردا يېڭىچە پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئېچىلىپ، بىر يىل ئىچىدە 2000 غا يېقىن ياش - ئۆسمۈرلەر مەكتەپ قوينىغا كىرگەن، ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ 400 دىن ئارتۇق ئادەم مەخسۇس پەننىي مەكتەپ ۋە مىللىي مائارىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولغان، ھەرقايسى يېزىلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ھەيئەتلىرى ئۆز يۇرتلىرىدا

يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان پەننىي مەكتەپلەرگە بولۇپمۇ باشلانغۇچ پەننىي مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. ھەرقايسى يېزا كەنتلەردە ئۇيغۇر ئويۇشما ئۈچۈن يىققان ئۆشرە - زاكاتلارنىڭ بىر قىسمىنى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىغا تاپشۇرسا، يەنە بىر قىسمىنى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئېچىلغان پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە چىقىم قىلغان. ناھىيە بازىرىغا يىراق جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مۇئەللىملەرگە ئات ياكى ئېشەك بېرىلەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ زۆرۈر بولغان قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىنىپ تۇراتتى. شەھەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلارغا ھەر ئايدا بىر قوي، گۈرۈچ، ماي بېرىلەتتى، ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق مائاشى بۈگۈنكى كۈننىڭ 100 - 150 سومىغا توغرا كېلەتتى. يازدەمچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى 60 - 100 سومغىچە توغرا كېلەتتى. يېزىلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلارغا ئويۇشما تەرىپىدىن ئاشلىق، ماي بېرىلەتتى. ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە بىردىن قوي بېرىلەتتى. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەكتەپ قورۇلۇشى ئۆيلىرىدە ئولتۇراتتى. بوش ۋاقىتلىرىدا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ پەننىي بىلىم توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى شېئىر يېزىپ ۋە ئاھاڭغا سېلىپ ئۇنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتەتتى.

1942 - 1943 - يىللىرى باي ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي - مائارىپى، خۇسۇسەن پەننىي مائارىپى شۇنداق تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، خەلقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، زىيالىلار قەد كۆتۈرۈپ، يۈرەكلىك پەننىي دەرس ئۆتەلەيدىغان ھەمدە سانايى نەپىسە ئىشلىرى راۋاج-



لانغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلار كۈندۈزلىرى ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلىسە، ئاخشاملىرى چوڭلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. بۇ ۋاقىتتا ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدا سانايى نەپىسە ئىشلىرى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارتىسلىرى ئويۇشما خىزمەتچىلىرى، قىزىقچى ئوقۇتقۇچىلار ۋە بازار ئىچىدىكى سەنئەتتىن خەۋىرى بار كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئىدى. 1943 - 1944 - يىللىرى باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدىكى بۇ تەشۋىقاتچى ئارتىسلار ھەر ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم ئويۇن قويۇشنى يولغا قويغان، ئۇيغۇر ئويۇشما بۇ تەشكىلاتقا پېشقەدەم مائارىپچى ئېلى ئېزىزنى مەسئۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ ئارتىسلارنى تەشكىللەش، ئۆگىتىش ۋە تەرتىپ بويىچە سەھنىگە چىقىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆزى باش بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن شۇ زامانلاردا ئوينىلىدىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى ھەرىكەتكە سېلىپ ئۇنى ئارتىسلارغا ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى زاماننى مەدھىيىلەيدىغان ئىلغار ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۇنى سەھنىدە ئوينىغان. بۇ ۋاقىتتا دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا ئاياللارنىڭ رولىنى ئەرلەر ئېلىپ چىقاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەھرىمانلىق ھەرىكىتىنى مەدھىيىلەيدىغان نومۇرلارنى ھەمدە «غېرىپ - سەنەم»، «سامساق ئاكاك قاينايدۇ»، «پەرھاد - شىرىن» قاتارلىق ئوپېرالارنى ۋە يېڭى پەننىي مائارىپنى مەدھىيىلەيدىغان كونسېرت - كومېدىيىلەرنى ئويناپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان، بۇنىڭدىن باشقا مەكتەپلەر ئارا ناخشا - ئۇسسۇل

مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتلاردا شەھەر ئىچىدىكى مەكتەپلەر ئارا تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ھەم ياخشى يولغا قويۇلغان. مەسىلەن: ھەربىي تۈزۈم بىلەن مەشىق دەسسەپ مېڭىش، دومباق، كاناي چېلىش، توپ ئويناش، يۈگۈرۈش، سەكرەش، ئارغامچا تارتىشىش، يالاڭ توزنىڭ (دار ئويۇنى) ئويناش، پىرامىدا ئويناش، چويۇن توپ، گىرانات ئېتىش قاتارلىق مەدەنىي مەشغۇلاتلارمۇ خېلى قايناق ئەۋجىگە چىققان.

1944 -، 1945 - يىللىرى، يەنى ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە باي ناھىيىسىنىڭ پەننىي مائارىپى ئانچە تەرەققىي تاپالمىدى. ئەكسىچە ئوقۇتقۇچىلار چەتكە قېقىلىپ ھەر تەرەپلىمە زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل پاخاللىشىش ئەھۋالى پەيدا بولۇپ، مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئېغىر قىيىنچىلىقلار يۈز بەردى. ئوقۇتۇش قوراللىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان سامان قەغىزى بىلەن قېرىنداش قەلەمنىڭ باھاسى ئۆسۈپ، مەكتەپ خىراجىتى ئۆز - ئۆزىنى قامدىيالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1944 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭدا گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئىلغار زىيالىيلارغا بولغان زىيانكەشلىكى كۈچىيىپ، ئوقۇتقۇچىلار يۈرەكلىك دەرس سۆزلىيەلمەيدىغان خەتەرلىك ۋەزىيەت جەمئىيەتتە ئۈستۈنلۈك ئالدى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى قامدىيالماي قالغان بەزى ئوقۇتقۇچىلار يۇرتىنى تاشلاپ سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولدى، دېھقانلار ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياساقلار كۆپىيىپ، خەلق تۇرمۇشى يامانلاشتى. ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن مەكتەپ ئوقۇيدىغان بىر قىسىم ياش - ئۆسمۈرلەر مەكتەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا ياكى پادا بېقىشقا مەجبۇرلاندى.



نەتىجىدە مائارىپچىلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ ۋە دېھقان - ھۈنەرۋەنلەرمۇ جان بېقىشنىڭ قايغۇسىنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باشچىلىقىدىكى مۇستەقىل ئاتلىق پولكى باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قىيىر يېزىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇ جايدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا دەھشەتلىك ھۇجۇم باشلاپ قىيىرنى ئىشغال قىلدى. 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بايغا يېتىپ كېلىپ باينى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلدى. ئەمما 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە كەلگەندە گومىنداڭ قايتا كۈچ توپلاپ، باينى يەنە ئىشغال قىلىۋالدى. شۇندىن كېيىنلا گومىنداڭ دائىرىلىرى باي ناھىيىسىدىكى ئىلغار زىيالىيلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە بىلىملىك زاتلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ قاراپ، ئۇلارغا بولغان دىكتاتورىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ئاقىۋەتتە ئوقۇتقۇچىلار يۈرەكلىك دەرس سۆزلىيەلمەيدىغان، ئەگەر كىمدۇ - كىم مىللىي مائارىپ ۋە مىللىي ئازادلىق ھەققىدە سۆزلىسە دەرھال قاماققا ئېلىنىپ جېنىدىن جۇدا بولىدىغان قورقۇنۇچلۇق ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى، ھەتتا بەزى ئوقۇتقۇچىلاردىن گۇمانلىنىپ ئارقىسىغا ئادەم قويۇپ، ئۇنى پايلاپ يۈرەتتى. زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار بىر - بىرسىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ - كېلىش قىلىشالمايتتى. مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تۇتۇپ ئاپىرىپ ئۇلارغا ۋەھىمە سالاتتى ۋە خۇپىيانە زىيانكەشلىك قىلاتتى. بۇ خىل ئېچىنىشلىق ئەھۋال مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىغا زور توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ھەتتاكى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگىچە بولغان كەڭ مائارىپ سېپىگە بولغان زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ ئۆتتى، ئاقىۋەتتە

ئاقكۆكۆل باي خەلقى ئۆزىنىڭ بىر نەچچە پېشقەدەم مائارىپچىلىرىدىن ھەم زىيالىيلىرىدىن ئايرىلدى. بىر قىسىم زىيالىيلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدائى قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشتى. يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلەرگە كېتىپ قالدى.

ئۆلكىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە رەھبەرلىكىدە ھەممە ئىش يېڭىچە بولۇپ، باي ناھىيىسىدىكى خەلقلەر قەد كۆتەردى. شۇ قاتاردا ئۆتمۈشتىكىدەك كونا قالاق فېئودالليق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىلىپ، ئىجارە ھەققى كېمەيتىلدى. كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلارغا يەر-چارۋا تەقسىم قىلىندى ھەممە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. شۇ قاتاردا مائارىپ ئىشلىرىمۇ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشقا باشلىدى. خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرى ۋە مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى توسقۇنلۇقى بىلەن باي ناھىيىسىدىكى ئوغۇللار مەكتىپى، قىزلار مەكتىپى ئايرىم-ئايرىم بولۇپ كەلگەنىدى. پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ھەم كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئوغۇل-قىزلار مەكتەپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، باي 1-ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ئاستىدا باي ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرى تېز راۋاج تاپتى.

× × ×

بۇ ماتېرىيال زوزى ئىبراھىم (ھازىر بايدا)، توختى تۇردى (ھازىر ئۈرۈمچىدە) ۋە توختى سىيىت (ھازىر بايدا) قاتارلىقلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىگە ئاساسەن رەتلەپ چىقىلدى.



00735

登 记

No 00735

1、为了充分便利读者和提高图书的利用率，读者借书应按时归还。

2、图书不得污损，折角，涂写，撕毁或遗失，否则照章处理。

№2—3

新疆邮电干部学校
图书室

**新疆文史资料选辑（20）**（维吾尔文）

中国人民政治协商会议新疆维吾尔
自治区委员会文史资料研究委员会编

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆医学院印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 8.375印张
1986年10月第1版　1987年2月第1次印刷
印数：1——6,000

统一书号：M11098·194　定价：0.65元

**（内 部 发 行）**